
شىنجاڭ مائارىپى
ئوقۇتۇشتىكى مەسلىھەتچى
ئۆگىنىشتىكى يېتەكچى
1-2
XJ EDUCATION 1998



غۇلجا ناھىيە چولۇققاي يېزىلىق 2- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، كومپارتىيە ئەزاسى ئابدۇجاپپار ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، مەكتەپنىڭ تەلىم- تەربىيە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە زور تۆھپە قوشتى. شۇڭا ئۇ كۆپ قېتىم ناھىيە، ۋىلايەت بويىچە ئىلغار ئوقۇتقۇچى، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى بولۇپ باھالانغاندىن سىرت، مەملىكەت بويىچە «مۇنەۋۋەر سىنىپ تەربىيىچىسى»، ئاپتونوم رايون بويىچە «2- دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى.

تۇرسۇنمۇھەممەت ئوسمان خەۋىرى، فوتوسى

قاغىلىق ناھىيىلىك 7- باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى يولداش تۇرغۇن داۋۇت 1987- يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ قاغىلىق ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپكە تەقسىم قىلىنغان بولۇپ، مائارىپ ئىشلىرىغا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن 1995- يىلى ناھىيىلىك 7- باشلانغۇچ مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 10 يىلدىن بۇيان 12 قېتىم ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت، ناھىيە تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى، ئىلغار لابرانت، مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى، ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇشتىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپلىكناملارغا ئېرىشكەن. ئۇندىن باشقا «شىنجاڭ بويىچە مەكتەپلەردىكى ئىلغار ئوقۇتقۇچىلار تەزكىرىسى» دېگەن كىتابقا كىرگۈزۈلگەن.

يارات ئەمەت خەۋىرى، فوتوسى



مۇقاۋىدا:

يەكەن ناھىيىلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى قەمبەرنىسا تاھىر خىزمەتكە قاتناشقان 30 يىلدىن بۇيان، ئۆزىنىڭ يۈرەك قېنىنى ياش ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈپ، مىللىي مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇۋاتقان مېھنەتكەش باغۋەنلەرنىڭ بىرى.

يولداش قەمبەرنىسا تاھىر 1967- يىلى يەكەن دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە قاتناشقاندىن بۇيان، ئۇدا 30 يىل سىنىپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇ مەسئۇل بولغان سىنىپ ھەر يىلى مەكتەپ بويىچە قىزىل بايراقدار سىنىپ، ئۆزى تەلىم - تەربىيە خىزمىتىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ باھالاندى. 1995- يىلى ۋىلايەت بويىچە دەرسخانا نىشانلىق ئوقۇتۇشىدا ماتېماتىكىدىن ئۈلگىلىك ئوچۇق دەرس ئۆتۈپ بىرىنچى بولدى ھەمدە ۋىلايەت تەۋەسىدىكى بارلىق ناھىيىلەرگە بېرىپ تەجرىبە تونۇشتۇرۇپ، ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. 1985- يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە «مۇنەۋۋەر سىنىپ مۇدىرى»، 1994- يىلى «مۇنەۋۋەر باغۋەن» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

ئۆز مۇخبىرىمىز گۈلمىرە تاھىر خەۋىرى، فوتوسى

# دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشتىكى 10 تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى

پارتىيە 15- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «جۇڭگونىڭ مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى پروگراممىسى»نى يەنىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، 21- ئەسىر رىقابىتىنى كۈتۈۋېلىش؛ ئاساسى مائارىپى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى يېقىندا «نۆۋەتتە ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ساپا مائارىپىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى بىر قانچە پىكىر»نى ئېلان قىلدى.

«پىكىر»دە ساپا مائارىپىنى يۈرگۈزۈشكە دائىر مۇنداق 10 جەھەتتىكى مۇھىم تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان: ئاجىز مەكتەپلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش زۆرۈر، جايلار ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئاجىز مەكتەپلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈش لازىم: ئوقۇغۇچىلار ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى نىشان قىلغان دەرس سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئوقۇتۇش جەريانىنى سەرخىللاشتۇرۇش كېرەك، دۆلەت مائارىپ كومىتېتى يېقىنقى مەزگىل ئىچىدە كۈچ تەشكىللەپ، ھازىرقى دەرسلىك، ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدىكى نامۇۋاپىق مەزمۇن، تەلەپلەرنى تەڭشەشنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئوقۇغۇچىلار ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش نىشان قىلىنغان دەرسلىك ماتېرىياللىرى سىستېمىسىنى تۈزۈپ، دەرسلىك تەتقىقاتى ۋە ئىسلاھاتىنى پائال ۋە پۇختا قەدەملەر بىلەن پىلانلىق، باسقۇچلۇق ھالدا ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى؛ ساپا مائارىپىنىڭ مۇپەتتىشلىك باھالاش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، ئىمتىھان ئارقىلىق باھالاش ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش، يۇقىرىلاپ ئوقۇش نىسبىتىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكىنى ئاساسىي كۆرسەتكۈچ قىلىپ مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكى، ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنىڭ ياخشى- يامانلىقىغا باھا بېرىش ئۇسۇلىنى قەتئىي ئۆزگەرتىش، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دەرىجىگە ئايرىش تۈزۈمى ۋە ئىلھاملاندۇرۇش خاراكتېرىدىكى باھا سۆزى، ئوقۇغۇچىلارنى ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇللىرىنى يولغا قويۇشنى پائال تەشەببۇس قىلىش كېرەك؛ يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئىمتىھان تۈزۈمىنىڭ ئىسلاھاتىنى تېزلىتىپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى ئومۇملاشتۇرۇلغان جايلاردا، باشلانغۇچ مەكتەپتىن تولۇقسىز ئوتتۇرىغا ئىمتىھان ئالماي يېقىن ئەتراپتا ئوقۇتۇش تەلىپى ۋە ئۇسۇلى ھەمدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تېزلىكتە ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى مەكتەپكە كىرىش ئىمتىھان تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم؛ ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك؛ يۇقىرى ساپالىق مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تىرىشىپ بارلىققا كەلتۈرۈش، مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم؛ جايلاردىن ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ساپا مائارىپى جەھەتتە ئومۇمىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، رايون تەۋەسىدىكى سىناقلارنى قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلىش لازىم؛ مائارىپ پەن- تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، مائارىپ ئەمەلىيىتىدە يولۇققان ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىش كېرەك؛ دۆلەت مائارىپ كومىتېتى، كۆۋۈيۈەن تارقاتقان «ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلاش نىزامى»غا ئاساسەن، ئاساسىي مائارىپىدىكى ئەلا ئوقۇتۇش نەتىجىلىرىنى مۇكاپاتلاش ھەمدە ھەرخىل تەغدىرلەش، مۇكاپاتلاش تۈزۈملىرىنى تەدرىجىي ئورنىتىپ ۋە ياخشىلاپ، ساپا مائارىپىغا ئۆتۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم؛ مائارىپ ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، مائارىپ قۇرۇلمىسىنى رەتكە سېلىپ، ئىختىساسلىق خادىملارنى يېتىشتۈرۈشتە «سترېئولوق كۆۋرۈك» سېلىش لازىم.

(«جۇڭگو مائارىپ گېزىتى»دىن)

1998

# شىنجاڭ مائارىپى

(ئايلىق ژۇرنال)

1998

1-2

(ئومۇمىي 378-، 379-سان)

ش ئۇ ئا ر مائارىپ كومىتېتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەشر قىلىندى


## بۇ سانىدا

### فاڭجېن ۋە سىياسەت


ئادەتتىكى ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇپەتتىشلىك - باھالاش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك پروگراممىسى........ (4)


### ساپا مائارىپى


ساپا مائارىپى دېگەن نېمە؟........ (8)


### مەسىلە ۋە باھا


دۆلىتىمىز ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى يارىلىنىش- ئۆلۈش ھادىسىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل........ (12)


### سوئاللارغا جاۋاب


ئەڭ تۆۋەن مائاش دېگەن نېمە؟ ئەڭ تۆۋەن مائاشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى دېگەن نېمە؟(ئۈچ پارچە)...... (15)


### ئوقۇتۇش تەتقىقاتى


ئوقۇغۇچىلارغا توغرا «پۇل نۇقتىئىنەزەرى» تەربىيىسى بېرىش لازىم........ (16)

سۆيەت دەرىجىلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ تەۋەلىكى ........ قاھار روزى (19)

ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى ئۈلگىلىك ئەسەرلەرنىڭ تەھلىلى ھەققىدە ........ مۇھەممەتجان سادىق (20)

«غەزەپ ۋە زار» تېكىستىنىڭ ۋەزىن نۇقسانلىرىغا تۈزىتىش ........ كامىل رەھىم (27)

ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى دەرسىنى HSK بويىچە ئوقۇتۇش........ جياڭ يوڭ (29)

يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ئاسانلاشتۇرۇش ھەققىدە........ (32)

«بىر نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەر»نى ئوقۇتۇش توغرىسىدا........ (35)

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك........ (37)

فۇنكسىيەلەرنىڭ قىممەت ساھەسىنى تېپىشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى........ (42)

فىزىكا مەسىلىلىرىنى يېشىشتە قوشۇمچە شەكىلدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا........ ياسىن قادىر (44)

خىمىيە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىكى بەزى تەجرىبىلىرىم........ ئەنۋەر ئىبراھىم (46)

تەبىئەت دەرسىنى ئوقۇتۇشتىكى تۆت ھالقا........ (48)

ھايۋانلارنىڭ ئىككىنچى جىنسىي ئالامەتلىرى ۋە جىنسىي پەرقى توغرىسىدا........ ساتتار مەخسۇت (50)

بىئولوگىيە دەرسىدىكى كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدە........ رازاق ئابلىز (52)

جۇغراپىيىدىن سوئال چىقىرىشتىكى بىلىمنىڭ ئىلمىيلىكى ھەققىدە........ (54)

دۇنيانىڭ ھازىرقى زامان تارىخىنى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ھەققىدە مۇلاھىزە........ (57)

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

تەنتەربىيىدە زەخىملەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدە ئانالىز........................ سىيتكامىل ئابدۇلجان (60)
غەيرى نورمال مۇسابىقە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشى........................ سەلىمە نۇردۇن (61)
ئوقۇتقۇچى نۇتقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر........................ ئادىل ئابدۇقادىر (63)
مورفىما بىلەن فونىما ۋە بوغۇمنىڭ پەرقى ھەمدە ئوقۇتۇشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار........... مەختۇمنىسا ھاپىز (65)
ئوقۇغۇچىلارنى ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىككە قاراپ ئوقۇتۇش لازىم........................ نۇرىمان مۇھەممەت (67)

## 2 ـ دەرسخانا پائالىيىتى

ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرۇژوكلىرىنى تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش........................ تۇرسۇنگۈل بارات (69)

## تاغدىن ـ باغدىن

ياپونلار نېمىشقا ئۇيۇشۇشقا خۇشتار كېلىدۇ؟ (5 پارچە)........................................ (40)

## تەجرىبىخانا مەشغۇلاتى

مىس نىتراتنىڭ پارچىلىنىش تەجرىبىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى(ئىككى پارچە)........................................ (71)
مېتاننىڭ كۆيۈش تەجرىبە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى (ئىككى پارچە)........................................ (72)

## تەجرىبىخانا ساۋاتى

ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ تەجرىبىخانىلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر ساۋات........................................ (73)

## تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

فتورسىز توڭلاتقۇ سېنئۇيلىش ھەققىدە ( ئۈچ پارچە)........................................ (74)

## گۈلدەستە

ئادىللىق (فانتازىيىلىك ھېكايە) ........................................ يەن داۋېي (75)
چولپان (ھېكايە)........................................ يې ۋەنتاۋ (76)

## ئاۋام ئاۋازى

بۇ پۇلنى نەدىن تېپىش كېرەك........................................ (77)

## ئەقىلگە ئىشارەت

بالىلارغا ياشاشنى ئۆگىتىش لازىم........................................ (78)
ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك........................................ (78)

## ئۇچۇر كۆزنىكى

نەۋائى شۇنداق خىتاب قىلىدۇ........................................ (79)
پاكارلىق، سېمىزلىك، يىراقنى كۆرەلمەسلىك، تۇبېركۇليوز، چاچ ئاقىرىپ كېتىش، تۇغماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر........................................ (80)

باش مۇھەررىرى: ئابلىمىت قاسىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەت
تېلېفون نومۇرى: 2860867

# ئادەتتىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇپەتتىشلىك - باھالاش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك پروگراممىسى

(تۈزىتىلگەن نۇسخا)

ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇشنى نىشان قىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئۆستۈرۈش، ئىلمىي باھالاش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، دۆلەتنىڭ ئالاقىدار قانۇن - نىزاملىرىغا ئاساسەن، «ئادەتتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇپەتتىشلىك - باھالاش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىك پروگراممىسى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «يېتەكچىلىك پروگراممىسى» دېيىلىدۇ) ئالاھىدە تۈزۈلدى.

**1. مۇپەتتىشلىك - باھالاشنىڭ مەقسىتى**

ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىپ، فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، شارائىت يارىتىپ، ھەر بىر مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش.

ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئالاقىدار قانۇن، نىزام، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، مائارىپ قانۇنىيىتىگە رىئايە قىلغان ھالدا، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇشنى سەرخىللاشتۇرۇشى، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش.

جەمئىيەت ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنى مەكتەپلەرنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىگە توغرا ئۆلچەم بويىچە باھا بېرىپ، مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە قوللاشقا يېتەكلەش.

**2. «يېتەكچىلىك پروگراممىسى»نىڭ ئۈيغۇن كېلىش دائىرىسى**

بۇ «يېتەكچىلىك پروگراممىسى» نىڭ ئۈيغۇن كېلىش دائىرىسى ھۆكۈمەتلەر، كارخانا كەسپىي ئورۇنلىرى، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار ۋە شەخسىي پۇقرالار قانۇن بويىچە ئۇيۇشتۇرغا بالىلار، ياش - ئۆسمۈرلەرگە باشلانغۇچ مائارىپ ۋە ئادەتتىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپنى يولغا قويۇش ئورگانلىرىدىن ئىبارەت. بۇ، ئاساسەن، شەھەر-يېزىلاردىكى پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى تولۇق باشلانغۇچ مەكتەپلەر، پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى ئادەتتىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەر، ئىزچىل توققۇز يىللىق تۈزۈمدىكى مەكتەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. باشقا تىپتىكى ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدە بولمىغان مەكتەپلەرنى باھالاش كۆرسەتكۈچ - ئۇسۇللىرى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر تەرىپىدىن بۇ «يېتەكچىلىك پروگراممىسى»غا ئاساسەن ئايرىم بېكىتىلىدۇ.

**3. مۇپەتتىشلىك - باھالاشنىڭ مەزمۇن مۇھىم نۇقتىلىرى**

(1) مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشى.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش.

بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا يۈزلىنىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايرىم قابىلىيەتلىرىگە قاراپ ئوقۇتۇش.

ئەخلاقىي تەربىيە، ئەقلىي تەربىيە، جىسمانىي تەربىيە، گۈزەللىك تەربىيىسى ۋە ئەمگەك تەربىيىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جانلىق-تېتىك ھالدىكى ئاكتىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مائارىپ نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش.

(2) باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە رەھبەرلىك بەنزىسى

مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى.

پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى.

دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاكتىپلىقىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشى.

قانۇن بويىچە مەكتەپ باشقۇرۇپ، ئالاقىدار مائارىپ قانۇن - نىزاملىرىنى ئىجرا قىلىش.

رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش ئىدىيىسى، سىياسىي، كەسپىي ساپاسى، رەھبەرلىك ئىقتىدارى، رەھبەرلىك ئىستىلى، پاك - دىيانەتلىك بولۇشى.

ئىتتىپاقلىق - ھەمكارلىق، پارتىيە - مەمۇرىيەت

سىستېمىسىنىڭ خىزمەتتىكى ماسلىشىشى.

مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ ئىش ئورنىدا تەربىيىلىنىشى.

(3) ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش

مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلار شتاتى ۋە ئەمەلىي ئادەم سانى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ نىسبىتى، ئوتتۇرىچە خىزمەت مىقدارى؛ ئوقۇش تارىخى، ئۇنۋانى، كەسپى، ياش قۇرۇلمىسى؛ ۋەزىپە ئۆتەش سالاھىيىتى بويىچە لاياقەتلىك نىسبىتى؛ ئوقۇتۇش خادىمى بولمىغانلارنىڭ ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئومۇمىي سانىدا ئىگىلىگەن نىسبىتى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىي، كەسپىي سەۋىيىسى، خىزمەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىسى.

ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىش تۈزۈمىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، تەكشۈرۈش ۋە مۇكاپاتلاش ـ جازالاش.

ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىي جەھەتتە تەربىيىلەش ۋە ئۆستۈرۈش، داۋاملىق تەربىيە، تايانچ ئوقۇتقۇچىلار ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلار تەربىيىسى.

ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيە ـ سىياسىي خىزمىتى.

ئالاقىدار ئوقۇتقۇچىلار قانۇن ـ نىزام، سىياسەتلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى؛ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆي ۋە داۋالىنىش، ساقلىق ساقلاش جەھەتلەردىكى ئەھۋاللار.

(4) تەربىيە ـ ئوقۇتۇش خىزمىتى

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بويىچە، ئىدىيىۋى تەربىيە، ئەخلاقىي تەربىيە، ھەرىكەت قائىدىسىگە ئادەتلىنىش تەربىيىسى ۋە پسىخىك ساغلاملىق تەربىيىسى تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى؛ ئىدىيە ـ ئەخلاق دەرسى ۋە ئىدىيە ـ سىياسىي دەرسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى؛ سىنىپ ـ يىللىقلار، ئىتتىپاق ـ پىئونېرلار تەشكىلاتى، ئوقۇغۇچىلار ئۆيۇشمىلىرى خىزمىتى؛ مەكتەپ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەخلاقىي تەربىيە بازىلىرى ۋە مۇھىتىنىڭ قۇرۇلۇشى؛ پەن ئوقۇتۇشى ۋە ھەر قايسى خىزمەتلەرگە ئەخلاقىي تەربىيىنى سىڭدۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش، باشقۇرۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش، مۇلازىمەت ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش.

مەكتەپ ئىستىلى قۇرۇلۇشى.

نورمال ئوقۇتۇش تەرتىپىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ قوغدىلىشى؛ دەرس پىلانى ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى؛ پەن دەرسلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، تاللاپ ئۆگىنىش دەرسلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، پائالىيەت دەرسىنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى؛ ئوقۇتۇش جەريانىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇشى، يولغا قويۇلۇشى ۋە نازارەت قىلىنىپ تىزگىنلىنىشى؛ ئوقۇتۇش تەتقىقاتى ۋە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى؛ دەرسلىكلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە كونسۇلتاتسىيە ماتېرىياللىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى.

ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىش ئادىتى ۋە ئۆگىنىش قابىلىيىتىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايرىم قابىلىيەتلىرىگە قاراپ ئوقۇتۇلۇشى، ئەخلاقىدا يېتەرسىزلىكى، ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىش ۋە كونسۇلتاتسىيە قىلىش ئەھۋالى.

ئەمگەك، ئەمگەك تېخنىكىسى تەربىيىسى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت؛ كەسپىي يېتەكچىلىك تەربىيىسى.

تەنتەربىيە، تازىلىق خىزمەت تۈزۈمى؛ تەنتەربىيە ۋە گېگىنا دەرسلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى؛ دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە قىلىپ چېنىقىش؛ دۆلەت مۇداپىئەسى تەربىيىسى؛ ساغلاملىق تەربىيىسى ۋە سەھىيە نازارەتچىلىكى؛ ئەتىگەنلىك گىمناستىكا، دەرس ئارىلىقىدىكى گىمناستىكا ۋە كۆز ئاسراش گىمناستىكىلىرىنىڭ يولغا قويۇلۇشى.

مۇزىكا، گۈزەل سەنئەت دەرسلىرىنىڭ تەسىس قىلىنىشى؛ گۈزەللىك تەربىيىسىنىڭ تەربىيە ـ ئوقۇتۇش پائالىيىتىگە سىڭدۈرۈلۈشى.

مەكتەپ تەربىيىسى، جەمئىيەت تەربىيىسى ۋە ئائىلە تەربىيىسىنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى.

ئوقۇغۇچىلار ئىندىۋىدۇئاللىقىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشى.

ئىمتىھان ئېلىش ۋە تەكشۈرۈش.

ئوقۇغۇچىلار ئۆگىنىش يۈكىنىڭ تىزگىنلىنىشى؛

(5) مەمۇرىي خىزمەتلەرنىڭ دائىملىق باشقۇرۇلۇشى

مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، خىزمەت ئايرىمىسى ۋە ھەرىكەت ئەھۋالى

يىللىق پىلانلارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى.

قائىدە ـ تۈزۈم، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى.

ئوقۇش تەۋەلىكىنىڭ باشقۇرۇلۇشى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى، سىنىپ سانىنىڭ تىزگىنلىنىشى، ئوقۇشتىن قېلىش نىسبىتى، سىنىپتىن قېلىش نىسبىتى.

ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارنىڭ يىغىۋېلىنىشى ۋە ستاتىستىكىلىنىپ تەھلىل قىلىنىشى، ئارخىپ ماتېرىياللىرىنىڭ باشقۇرۇلۇشى.

ئارقا سەپ مۇلازىمىتى،

مالىيە باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك؛ ھەق ئېلىش تۈرلىرى ۋە ئۆلچىمىنىڭ ئىجرا قىلىنىشى.

تۈرلۈك مائارىپ ئەسلىھەلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى، باشقۇرۇلۇشى ۋە رېمونت قىلىنىشى.

بىخەتەرلىك تەربىيىسى ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداش تەدبىرلىرى.

تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش.

(6) مەكتەپ باشقۇرۇش شارائىتى

يىللىق مائارىپ مەبلىغى خىراجىتى ۋە مەبلەغ

مەنبەسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە خىراجىتى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە جامائەت خىراجىتى.

مەكتەپ بىنالىرى، مەيدانــى ۋە باشقا ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى؛ مەكتەپنىڭ پىلانلىنىشى؛ مەكتەپنىڭ مۇھىت قۇرۇلۇشى.

ئوقۇتۇش سايمانلىرى، كىتاب ماتېرىياللــىرى ۋە ھەرخىل ئۈسكۈنىلەرنىڭ سەپلىنىشى.

(7) تەلىم ـ تەربىيە سۈپىتى

ئىدىيىۋى ـ سىياسىي قارىشى (تولۇق ئوتتۇرا)، ئەخلاقىي ھۆكۈم ئىقتىدارى، مەدەنىيەتلىــك ھەرىكەت ئادىتى، ئىنتىزامچان پىسخىك پەزىلىتى، ئۆزىنى تۇتۇش ئىقتىدارى؛ ئەخلاقتا لاياقەتلىك نىسبىتى؛ جىنايى ھەرىكەتتە بولغان ئوقۇغۇچىلار نىسبىتى.

ئاساسىي بىلىم ۋە ئاساسىي ماھارىتى.

ھەر قايسى يىللىــقلارنىــڭ پۈتۈن پەنلەردىن لاياقەتلىك بولۇش نىسبىتــى؛ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ خۇلاسە ئىمتىھانىدىكى لاياقەتلىك نىسبىتــى؛ مەكتەپ پۈتتۈرگەن يىللىقلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈش نىسبىتى.

تەنتەربىيىدە چېنىقىش ۋە تازىلىق ئادىتى؛ بەدەننىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ساغلاملىقى، جىسمانىي ئىقتــىدار ئەھۋالى؛ مەكتەپ پۈتتۈرگەن سىنىپ ـ يىللىقلارنىــڭ تەنتەربىيە نەتىجىسىدىكى لاياقەتلىك نىسبىتى؛ ھەر قايسى يىللىقلاردىكى يىراقنى كۆرەلمەسلىــك ۋە باشقا كۆپ كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى.

ئۆگىنىش ئىقتىدارى؛ ئىجادىيەت ئىقتىدارى؛ ئىشلەش ئىقتىدارى؛ گۈزەللىك ئىقتىدارى؛ ياخشى كۆرىدىغىنــى، ھەۋىسى.

ئەمگەك پوزىتسىيىــسى ۋە ئەمگەك ماھارىتى؛ تۇرمۇشتا ئۆزىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارى.

4. يولغا قويۇشقا تەشكىللەش

(1) ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قارىتــا مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش ئېلىپ بېرىش ـ ھەر دەرىجىلىك مائارىپ مۇپەتتىشلىك تارماقلىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ۋە مەركىزىي خىزمەتلىرىنىڭ بىرى. ھەر قايســى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلەر نۇقتــىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، بۇ تۈزۈمنى ئومۇمييۈزلۈك يولغا قويۇشى لازىم. خىزمەت جەريانىدا، مەكتەپلەرگە بولغان مۇپەتتىشلىك ـ باھالاشنى يەرلىك مائارىپ خىزمىتىگە بولغان مۇپەتتىشلىك، تەكشۈرۈش ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە مەكتەپ باشقــۇرۇش قائىدىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن ئورگانىــك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

(2) جايلار «يېتەكچىلىك پروگراممىسى» دىكــى تەلەپلەر بويىچە، ئۆز يېرىنىڭ ئەمەلىــي ئەھۋالــغا بىرلەشتۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ۋە ئىلمىــي ئىسپاتلاش ئاساسىدا، ئىلمىي بولغان يارامLiق باھالاش لايىھىلىرىنى ئىمكانقەدەر تېز تۈزۈشى ياكى تۈزىتىــش كىرگۈزۈشى ھەمدە تۆۋەندىكى تۆت مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىشى لازىم:

① مەكتەپلەردە مۇپەتتىشــلىــك ـ باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىــڭ مەقســتــىنــى ئايدىڭلاشتۇرۇش، توغرىلاش پرىنسىپىدا چىــڭ تۇرۇش كېرەك. يېتەكچى ئىدىيە، كۆرسەتكۈچلەرنى بېكىتىــش، ۋەزىن تەقسىملەش جەھەتلەردە مەكتەپلەرنى دۆلەتنىــڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇپ، مائارىپ سۈپىتىنــى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك.

② مائارىپ قانۇنىيىتىگە قاتتىق ئەمەل قىلىــپ، ئىلمىيلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاددىي ۋە يولغا قويۇش ئوڭاي بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم.

③ سۈپەتنى بېكىتىش بىلەن ساننى بېكىتىشنى بىرلەشتۈرۈش زۆرۈر. مىقدارلاشتۇرۇشنى زۆرۈر بولغان كۆرسەتكۈچلەرنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ ئىسپاتلاش، سۇبيېكتىپ بىپەرۋالىقتىن ساقلىنىش كېرەك.

④ مەكتەپلەرنىڭ قاتلام پەرقى ۋە كۆپ خىللىقىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئوخشىمىغان تىپتىكى ئادەتتىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قارىتا ئايرىم باھالاش لايىھىلىرىنى تۈزۈشكە بولىدۇ، بۇنداق قىلىش مەكتەپ باشقۇرۇشتا ئالاھىدىلىك يارىتىشقا پايدىلىــق. باھالاش لايىھىلىرىنى تۈزۈشتىكى ئىش تەقسىماتــىنــى ئۆلكە دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە مۇپەتتىشلىك تارماقلىرى مۇھاكىمە قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

خەلق باشقۇرۇشــدىكــى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى باھالاش لايىھىلىرىنى ئۆلكە دەرىجىلــك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرى مەسئۇل بولۇپ تۈزىدۇ.

(3) مەكتەپلەرگە قارىتا مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، بۇ خىزمەتنىڭ تەرتىپلىك، ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

① مۇپەتتىشلىك ـ باھالاشتا ھەر بىر مەكتەپكە يۈزلىنىشتە چىــڭ تۇرۇش كېرەك. جايلار خــىــزمەت ئەمەلىيىتىدە قانداق باھالاش شەكلىنى قوللىنىشــدىن قەتئىينەزەر، ئومۇميۈزلۈك مۇپەتتىشلىك ـ باھالاشقا تەۋە رايوندىكى بارلىق مەكتەپلەر ئاساسىدا يولغا قويۇشى لازىم، ئاز سانلىق مەكتەپلەردىلا سەرخىللــىرىنــى تاللاش خاراكتېرىدىكى مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ.

② ھەر قايسى مائارىپ مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرىدا مەكتەپلەردە مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇش جەھەتتە ئىش تەقسىماتى بولۇشى كېرەك. ئۆلكە دەرىجىلىك مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرىنىڭ بىر تۇتاش يېتەكچىلىكىدە، تولۇق ئوتتۇرا باسقۇچىدىكى مەكتەپلەرگە ئومۇمەن ئۆلكە، شەھەردىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە ئىش تەقسىملىنىپ مۇپەتتىشلىك ـ باھالاشنى تەشكىللەيدۇ؛ مەجبۇرىيەت مائارىپى باسقۇچىدىكى مەكتەپلەرگە قارىتا ناھىيە (شەھەر، رايون) مۇپەتتىشلىك ـ باھالاشنى تەشكىللەيدۇ.

③ قېلىپلاشقان مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش تەرتىپىنى ئورنىتىش لازىم. مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش خىزمىتى جەريانىدا، تەييارلىق باسقۇچى، تەشكىللەپ يولغا قويۇش باسقۇچى، نەتىجىسىنى بىر تەرەپ قىلىش باسقۇچى قاتارلىق ئاساسىي تەرتىپلەرگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، مۇپەتتىشلىك ـ باھالاشنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. كونكرېت تەرتىپلەرنى جايلار ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەيدۇ.

④ ئۆزىگە تەۋە رايوندىكى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بولغان مۇپەتتىشلىك ـ باھالاشنىڭ مۇددىتىنى بەلگىلەشتە، مۇددەتنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر سانى ۋە خىزمەت ئېھتىياجى بويىچە، ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ.

⑤ مەكتەپلەر ئۆزىنى باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىشى لازىم. مەكتەپلەرنىڭ «يېتەكچىلىك پروگراممىسى» ئاساسىدا، ھەر يىللىق خىزمەت خۇلاسىسىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىر قېتىم ئۆز-ئۆزىنى باھالاپ، خىزمەتنى ئۆز ۋاقتىدا ياخشىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش زۆرۈر.

⑥ مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش نەتىجىسىنى بىر تەرەپ قىلىشقا تولۇق ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىلمىي ۋە ئوبيېكتىپ باھالاش ئاساسىدا، مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش نەتىجىسىنى مەكتەپلەرنى مۇكاپاتلاش ۋە مەكتەپ مۇدىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسىغا ئايلاندۇرۇپ، مۇپەتتىشلىك ـ باھالاشنىڭ توغرىلاش ئىقتىدارى ۋە رىغبەتلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم.

(4) نىسبىي مۇقىم بولغان ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش قوشۇنىنى بەرپا قىلىش كېرەك

مەكتەپلەرنى باھالاش ـ بىر مۇرەككەپ سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، مەكتەپ خىزمىتىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە چېتىشىدۇ، كەسپچانلىقى يۇقىرى، خىزمەت مىقدارى زور. كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە قارىتا مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش ئېلىپ بېرىشتا مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش لازىم: ① خادىملار تەركىبى جەھەتتە، مائارىپ مۇپەتتىشلىرى ئاساس قىلىنىپ، مەخسۇس ۋەزىپە بىلەن قوشۇمچە ۋەزىپە بىرلەشتۈرۈلىدۇ، مائارىپ مەمۇرىيىتى، مائارىپ تەتقىقاتى، پەن ـ تەتقىقاتى قاتارلىق تارماقلاردىكى خادىملار قوبۇل قىلىنىپ قاتناشتۇرۇلىدۇ. ② مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش قوشۇنىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى نىسبىي ھالدا مۇقىم بولۇشى كېرەك. ③ مەكتەپلەرگە قارىتا مۇپەتتىشلىك ـ باھالاشقا تۇنجى قېتىم قاتنىشىدىغان خادىملارنى تەربىيىلەش لازىم. ④ مائارىپ مۇپەتتىشلىرى مائارىپ ئىدىيىسىنى توغرىلىشى، ئىشتا «مۇپەتتىشلىك ھەرىكەت مىزانى» غا قاتتىق رىئايە قىلىشى كېرەك.

(5) يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ۋە مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە بولغان مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش خىزمىتىنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى لازىم.

① بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇپ، مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش خىزمىتىنىڭ مائارىپ نۇقتىئىنەزەرىنى ئۆزگەرتىپ، ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇپ، مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى ئىلمىيلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، بۇ خىزمەتنى كۈندىلىك ئىشلار تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش ھەمدە مائارىپ مەمۇرىي باشقۇرۇش خادىملىرى، ئوقۇتۇش، ئىلمىي تەتقىقات خادىملىرى ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىر ـ ئوقۇتقۇچىلىرىنى بۇ «يېتەكچىلىك پروگراممىسى» نى تەكرار ئۆگىنىشكە ئەستايىدىل تەشكىللەش لازىم.

② مۇپەتتىشلىك ئورگانلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇپەتتىشلەرنى تولۇقلاش، مۇپەتتىشلىك ئورگىنى بىلەن باشقا ئالاقىدار ئورگانلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ماسلاشتۇرۇپ، ئىش تەقسىماتىمۇ، ھەمكارلىقمۇ بولۇش، بۇ خىزمەتنى ئورتاق ھالدا ياخشىلاشنى ئورۇنلاش كېرەك.

③ مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش نەتىجىسىگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىپ، بۇ ئارقىلىق مەكتەپ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

④ جەمئىيەتكە مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش خىزمىتىنىڭ مەقسىتى ۋە ئەھمىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق قىلىش، مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش نەتىجىسىنى قەرەللىك ھالدا جەمئىيەتكە ئېلان قىلىپ، جەمئىيەت ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ مەكتەپنىڭ مەكتەپ باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى توغرا ئۆلچەمدە باھالاشقا يېتەكلەش كېرەك.

⑤ ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ مۇپەتتىشلىك ـ باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشى ئۈچۈن زۆرۈر خىزمەت شارائىتىنى يارىتىش، مەبلەغ جەھەتتە زۆرۈر كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۇرتكە بولۇش لازىم. (04)

(«خەلق مائارىپى» دىن)

# ساپا مائارىپى دېگەن نېمە؟

تەھرىر سۆزى: ساپا مائارىپى ــ مائارىپ ئىسلاھاتى جەريانىدا مەيدانغا كەلگەن يېڭى شەيئى. كەڭ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى چۈشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، «ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ساپا مائارىپى مەجمۇئەسى» دېگەن كىتابتىن ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مۇشۇ سانىدىن باشلاپ داۋاملىق بېرىمەكچىمىز. كەڭ مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىشىنى سورايمىز.

جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىدىن سانائەت مەدەنىيىتىگە؛ ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن قارىغاندا، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە؛ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىدىن قارىغاندا، ئۇسكۈنە، مەبلەغ، ئەمگەك كۈچلىرى مىقدارىغا تايىنىشتىن پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىغا ئۆتكەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا، مائارىپ «ئىمتىھان مائارىپى» دىن «ساپا مائارىپى» يولىغا بۇرۇلۇشى لازىم. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە گوۋۇيۈەن بىر قاتار سىياسەت، نىزاملارنى ئېلان قىلىپ، مىللەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مائارىپنىڭ تۈپ نىشانى ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئەمگەكچىلەر ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ پەن- تېخنىكا تەرەققىياتى، ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشى، جەمئىيەت تەرەققىياتى، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ ئاشۇرۇلۇشىدا ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ رەھبەرلىكى ۋە غەمخورلۇقى ئاستىدا، 80- يىللاردىن بۇيان، مائارىپ ئىسلاھاتى جۇڭخۇا ئېلىنىڭ كەڭ زېمىنىدا جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى ھەمدە ئەمەلىيەت ۋە نەزەرىيە جەھەتتە، «ساپا» بىلەن «مائارىپ» ئۆزئارا باغلىنىپ، ئىسمى جىسمىغا ماسلاشقان بىر يېڭى ئاتالغۇنى، يەنى «ساپا مائارىپى» نى شەكىللەندۈردى. بۇ ھادىسە ئىلگىرى مائارىپ تارىخىدا كۆرۈلمىگەچكە، ھەرخىل پېداگوگىكا لۇغەتلىرىدە بۇ ئاتالغۇ يوق. كىشىلەر ئۇنىڭ يۈزەكى سۆز مەنىسىگە قاراپلا «ساپا مائارىپى» نى «ئادەمنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان مائارىپ» دەپ چۈشەنمەكتە ھەمدە شۇ بويىچە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشماقتا. بۇنداق ئاددىي ئاتاش فورمال لوگىكىدىكى تەبىر بېرىش پرىنسىپىغا ئۇيغۇن: يەنى مائارىپ ــ تۈر ئۇقۇم بولۇپ، جىنس ئۇقۇم ـ «ساپا» بولىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى سۆزنىڭ ھەر قايسىسىغا ئېنىقلىما بېرىلگەن بولۇپ، بىۋاستە ئېلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن، ئۇنى تېخىمۇ تولۇق بايان قىلىپ، بىر قەدەر ئىلمىي ۋە قېلىپلاشقان ئاتالغۇغا ئىگە بولۇش زۆرۈر.

ئۇنداق بولسا، ئىلمىي مەنىدىكى «ساپا مائارىپى» دېگەن نېمە؟ ساپا مائارىپى كەڭ مەنىدىكى ساپانى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا «ساپا مائارىپى» دېگەن ئۇقۇمنى بايان قىلىشتا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك:

ئالدى بىلەن، ساپا مائارىپى ــ مائارىپنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، مائارىپنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ئەمەلىيەت جەريانى ئىكەنلىكىنى قۇۋۋەتلەپ، ئادەملەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنى مائارىپنىڭ تۈپ مەقسىتى، فۇنكسىيىسى قىلىدۇ. ساپا مائارىپى ــ مەدەنىيەت ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئادەمنىڭ تەبىئىي ساپاسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ تەبىئىي ساپاسىنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى سۈپەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

ئىككىنچىدىن، ساپا مائارىپى ـ پۈتكۈل مىللەتلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش چىقىش نۇقتىسى قىلىنغان مائارىپ، ساپا مائارىپى ــ كوللېكتىپ ساپاسىنى يەككە ساپاغا ئۆزگەرتىدۇ ھەمدە يەككە ساپانى ياخشىلاش ئارقىلىق

كوللېكتىپ ساپانى ئۆستۈرىدۇ. ساپا مائارىپى ـ ئىجتىمائىي ئېھتىياج بىلەن شەخسنىڭ قىممىتىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنىڭ ئىپادىسى.

ئۈچىنچىدىن، ساپا مائارىپى ـ يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش، پسىخىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشتىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىك مائارىپ.

تۆتىنچىدىن، ساپا مائارىپى ـ مەدەنىيەت ساپاسى تەربىيىسىنى يېتەكچى، پسىخىك ساپا تەربىيىسىنى ۋاستە، ئاخىرىدا ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئاساس قىلىپ، جىسمانىي، پسىخىك ساپانى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئورتاق نىشان قىلىدۇ. شۇڭا ساپا مائارىپى ئەنئەنىۋى مائارىپ قىممەت نۇقتىئىنەزىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، بىر ئالاھىدە مائارىپ مەزمۇنى سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشى لازىم.

يۇقىرىقى تەھلىللەردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ساپا مائارىپى ئومۇمىي، ئىچكى، ئۇزۇن مۇددەتلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇڭا ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ساپا مائارىپى ئەندىزىسىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ـ تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتىنىڭ «ئومۇملىقى» بىلەن ئوقۇغۇچىلار تەرەققىياتىنىڭ «كۆپ خىللىقى»دىن ئىبارەت. بۇنىڭدا كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، نۆۋەتتە ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەشتىكى «ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش» مەسىلىسىدە، «ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇش» نىڭ ئۆزى ھەربىر ئوقۇغۇچىنى «ئومۇمىيۈزلۈك ئەلاچىلارغا ئايلاندۇرۇش» دېيىدىغان خاتا چۈشەنچە بار. روشەنكى، بۇ خىل قاراشتا ئادەمنىڭ «ئىندىۋىدۇئال» ئالاھىدىلىكىگە سەل قارالغان. ساپا مائارىپى «ئومۇمىيۈزلۈك» تەربىيە پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ ھەر بىر ئوقۇغۇچىدىن «ھەممە جەھەتتە ئەلاچى بولۇش»نى تەلەپ قىلىش زۆرۈرلۈكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئەكسىچە، بۇ «ئومۇمىيۈزلۈك» تەربىيە پۇرسىتى ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئىندىۋىدۇئال» تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ خىل تاللاش ئىمكانىيىتى بېرىدۇ. شۇڭا «ساپا مائارىپى»نى ئاساس مائارىپىدىن، باللاردىن باشلاپ تۇتۇش كېرەك.

ساپا مائارىپى ـ باللارنىڭ جىسمانىي، پسىخىك جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىش، يېڭى دەۋرنىڭ لاياقەتلىك پۇقرالىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئاساسىي ساپاسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلىدىغان مائارىپ. ساپا مائارىپى ـ ئىنسانلارنىڭ ئۆز جىسمانىي، پسىخىك ساپاسىنى ئوبيېكت قىلغان تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىجادىيەت، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي نەتىجىلىرى ئارقىلىق ياش ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي، پسىخىك قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئاچىدىغان، يارىتىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت شەكلى. ئۇ ئىلمىي تەربىيە يوللىرى ئارقىلىق ئادەمنىڭ تەبىئىي شارائىتىنى تولۇق قېزىپ، ئادەمنىڭ تۈرلۈك ساپا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدىغان ھەمدە ئۇنى ئەتراپلىق، تولۇق، ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مائارىپ. «ساپا مائارىپى»نىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات نىشانىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ تۇتۇش لازىم.

باشلانغۇچ ساپا مائارىپى ـ باللارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىشنى كۆزدە تۇتۇپ، باللارنىڭ ساپاسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلىدىغان مائارىپنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل مائارىپنىڭ ئىمتىھان مائارىپى بىلەن بولغان ئاساسىي پەرقى ـ نەزەردە تۇتۇش نۇقتىسى ۋە مەقسىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىدا، تەربىيىنىڭ كونكرېت نىشانى، ۋاستىسى، يولى ھەمدە تەربىيە مەزمۇنى، ئۇسۇلى ۋە باھالاش ئۆلچىمىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدا كۆرۈلىدۇ، شۇڭا تەربىيە ئۈنۈمىمۇ تۈپتىن ئوخشاش بولمايدۇ.

بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ساپا مائارىپىنىڭ ئاخىرقى تەرەققىيات يۆنىلىشى ـ يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىش، پسىخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈش ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيەت جەھەتتە تەربىيىلىنىش مەشىقىنى تەكىتلەيدىغان ئومۇمىي مائارىپ؛ بارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاساسىي ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلىدىغان مائارىپ؛ ئادەمنىڭ تەبىئىي ماھىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي ماھىيىتىنى بىرلەشتۈرۈپ؛ مەدەنىيەت ۋاستىسى ئارقىلىق ئادەمنىڭ تەبىئىي ساپاسىنىڭ ئىجتىمائىيلاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مائارىپ بولۇشتىن ئىبارەت. شۇڭا ساپا مائارىپى مائارىپنىڭ ئادەم ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى رولىنى تەكىتلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئىلمىي مائارىپنىڭلا ئادەمنىڭ ساپاسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئومۇمىي ساپا قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

مائارىپ ساھەسىدىكى بەزى مۇتەخەسسىسلەر كۆپ يىللىق تەتقىقاتلار ئارقىلىق شۇنى يەكۈنلەپ چىققانكى، ئادەمنىڭ ساپاسى - بىر قاتار تۇغما تەبىئىي ئالاھىدىلىكلەرنى، شۇنداقلا كېيىن شەكىللەنگەن بىر قاتار ئىجتىمائىي پەزىلەتلەرنىمۇ كۆرسىتىدۇ، يەككە سۈپىتىدىكى ئادەمنىڭ ماھىيىتى تۇغما ئامىللار، يەنى تەبىئىي ماھىيەتنىمۇ، شۇنداقلا كېيىن شەكىللەنگەن ئامىللار، يەنى ئىجتىمائىي ماھىيەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھالبۇكى، كېيىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ماھىيەتلا، ئىجتىمائىي ئادەم خۇسۇسىيىتىدىكى تېخىمۇ ماھىيەتلىك نەرسە. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز مائارىپنىڭ كۆزدە تۇتۇش نۇقتىسىدىن ئادەم ساپاسى جەھەتتە ئويلانغىنىمىزدا، ئادەمنىڭ تەبىئىي ماھىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي ماھىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشىمىز ھەمدە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي ماھىيىتىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. بۇ خىل قاراشقا ئاساسەن، بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ساپا مائارىپى - ئىلمىي تەربىيە يولى ئارقىلىق ئادەمدىكى تەبىئىي شارائىتنى قېزىپ، ئادەمنىڭ تۈرلۈك ساپا سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدىغان ھەمدە ئۇنى ئەتراپلىق، تولۇق، ماس ھالدا تەرەققىي قىلدۇرىدىغان مائارىپ. بىر ئادەمنىڭ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى، خىزمىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ ئاساسىي ساپا ئەھۋالىغا باغلىق، ئاساس مائارىپىنى قوبۇل قىلىۋاتقان ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ساپا مائارىپىنى يولغا قويۇپ، ئاساسىي ساپا جەھەتتە ئۇلارغا ياخشى ئاساس سالغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ياراتقىلى بولىدۇ.

بىر كىشىنىڭ ساپاسى جەھەتتە فىزئولوگىيە ۋە پسىخىكا ئاساس قىلىنىدۇ. يەككىنىڭ فىزئولوگىيە ۋە پسىخىكا جەھەتتىكى پىشىپ يېتىلىشىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى يەككە ساپا جەھەتتە مۇقەررەر ھالدا پەرق مەۋجۇت بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. تەربىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تەربىيىلەنگۈچىلەر ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن جانلىق، تېتىك، تەشەببۇسكار ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇلىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇميۈزلۈك تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلەپ قىلىنمايدۇ. ساپا مائارىپى ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال پەرقىنى ئېتىراپ قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىندىۋىدۇئال پەرقىگە قاراپ تەربىيە بېرىشى لازىم، ئوخشاشمىغان جىسمانىي، پسىخىك ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتى ۋە ئەقلىي تەرەققىيات ئەمەلىيىتى سەۋىيىسىنى چىقىش قىلىپ تەربىيە بېرىشلا، ساپا مائارىپىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بولىدۇ. شۇڭا ساپا مائارىپى- قىسقىچە ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلارنى كونكرېت ئۆزگىچىلىكلىرىگە قاراپ ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت. ئۇ ھەرگىز تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەمەس، ئومۇميۈزلۈك ئەلاچىلار مائارىپى بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئۇلارنىڭ يەككە ساپاسىدىكى ئاساسىي ئارتۇقچىلىقلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساپا ئاساسىدىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى ئۆزئارا تولۇقلىغان ھالدا ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ساپا مائارىپىمۇ «پەرق مائارىپى» دۇر. نۆۋەتتە نۇرغۇن مەكتەپلەر «ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش» دەيدىغان ئىسلاھات تېمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ ماھىيىتى - ساپانىڭ تۈرلۈك ئامىللىرىنى ئوقۇغۇچىلاردا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر بىلىش ۋە چۈشەنچە جەھەتتە بىر تەرەپلىمىلىك قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئومۇميۈزلۈك، تەڭ، بىردەك تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىنسا، بۇنداق تەجرىبىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقى بەك ئاز بولىدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئوبيېكتىپ جەھەتتە مۇمكىن ئەمەس.

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ساپا مائارىپى ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتا، سىنستېمىلىق مائارىپ تەجرىبە تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. بىز مائارىپ پەلسەپىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ساپا مائارىپىنىڭ مەشغۇلات ئېنىقلىمىسى ئۈچۈن بىر يېڭى پىكىر يولىنى ئېچىشىمىز زۆرۈر. ساپا مائارىپىنىڭ مەشغۇلات ئېنىقلىمىسى (تەبىرى) - ھازىرقى زامان مائارىپ پىنىنىڭ ئادەمنىڭ ساپاسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى پەرەزلىرى ئارقىلىق ساپا مائارىپىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە قىممەت مەزمۇنىنىڭ دائىرىسىنى بېكىتىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مائارىپ ماھىيىتى نۇقتىئىنەزىرى ۋە مائارىپ قىممىتى نۇقتىئىنەزىرى ئۈستىدە قايتا ئويلىنىش زۆرۈر. ساپا مائارىپىنىڭ ماھىيىتى نۇقتىئىنەزىرىدىن ئېيتقاندا، ماركسىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈچ خىل تەكرار ئىشلەپچىقىرىش شەكلى (ماددىي ۋاستىلەرنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، مەنىۋى ۋاستىلەرنى تەكرار ئىشلەپچىقىرىش شەكلى ۋە ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش شەكلى) توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن پايدىلىنىپ، ساپا مائارىپىنى ئىنسانلارنىڭ ئۆز جىسمانىي، پسىخىك ساپاسىنى ئوبيېكتىپ قىلىدىغان

تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەكرار ئىجادىيەت دەپ بېكىتىش كېرەك. بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي نەتىجىلىرى ئارقىلىق ياش ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي، پسىخىك قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئېچىش، يارىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت شەكلى، ئۇنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى ـ ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى سۈبيېكت تەبىئىيلىكنى ئوبيېكت قىلىشتىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ مۇھىت تەبىئىيلىكنى ئوبيېكت قىلىدىغان باشقا ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت شەكىللىرىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇ بىر خىل ئېنىقمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت شەكلى. سايا مائارىپىنىڭ تۈپ مەنىسى ـ ئادەمنىڭ ئۆز سايا قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە ئۆستۈرۈشنى مائارىپنىڭ مەقسىتى قىلغانلىقىدا. بۇ، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بىر قېتىم ماھىيەتلىك سەكرەش بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. مۇشۇ قاتلامنىڭ مەزمۇنىدىن ئېيتقاندا، سايا مائارىپى ئەنئەنىۋى مائارىپ قىممىتى نۇقتىئىنەزەرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، بىر ئالاھىدە مائارىپ مەزمۇن سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈشى لازىم.

ھازىر يولغا قويۇلغان مائارىپ مەزمۇن سىستېمىسىنى ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك قاتارلىق جەھەتلەر ئارقىلىق يىغىنچاقلاش ـ قاتلىمى ئېنىق بولمىغان بىر خىل تەجرىبە ئەسۋىرى. سايا مائارىپىدا ساپالاشتۇرۇش جەھەتتىكى مائارىپ نىشانىدىن پايدىلىنىپ، مەدەنىيەت ساپاسى مائارىپى، پسىخىك سايا مائارىپى ۋە بەدەن ساپاسى مائارىپىدىن ئىبارەت ئۈچ سىستېمىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مائارىپ مەزمۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. شۇنداق قىلغاندا، بىز ئادەمنىڭ جىسمانىي، پسىخىك سايا قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ رولىنى ئۆستۈرۈش ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك تەربىيىلىرىگە قارىتا تەرتىپلىك قايتا قۇراشتۇرۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرەلەيمىز. بۇ يەردىكى مەدەنىيەت ساپاسى مائارىپىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەدەنىيەت ساپاسى ئۇقۇمى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى مەدەنىيەتتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ، مائارىپ مەدەنىيەت ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيەتنى مائارىپ سوتسىيال پسىخولوگىيىسىنىڭ ئومۇمىي مەنىسىگە ئىگە قىلىدۇ. ماركسنىڭ مەدەنىيەت ـ پەلسەپە ئىدىيىسى بويىچە، مەدەنىيەت ـ ماھىيەتتە، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسى. شۇڭا مەدەنىيەت ساپاسى مائارىپى «چىنلىق ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان» ئىلمىي مائارىپ، «سەممىيلىككە تولغان» ئەخلاق مائارىپى، «گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان» سەنئەت مائارىپىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ، چىنلىق، سەممىيلىك، گۈزەللىك قىممەت ئۆلچىمى بويىچە، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى يەككىنىڭ جىسمانىي، پسىخىك مەدەنىيەت ساپاسىغا ئايلاندۇرۇش جەريانى، پسىخىك تەربىيىدە ئەنئەنىۋى تەربىيىنىڭ بالىلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىغا سەل قاراشتەك يېتەرسىزلىكلىرىگە قاراتمىلاپ، پسىخىك تازىلىق تەربىيىسى، پسىخىك مەسلىھەت، پسىخىك كونسۇلتاتسىيە قاتارلىق نەزەرىيە، ئۇسۇل ۋە تېخنىكىلار ئۆلگە قىلىنىپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئاساس قىلىنىپ، پسىخىك ساپانى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ياخشى پسىخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈش مەقسەت قىلىنغان ئۆزئۆزىنى تەربىيىلەش سىستېمىسى ھاسىل قىلىنىدۇ. ئۇ، ياش ـ ئۆسمۈرلەردىكى تارماق مەدەنىيەت تۈپىنى ئارقا كۆرۈنۈش، ئوقۇغۇچىلار كوللېكتىپىنىڭ ئالاقىسى، پائالىيىتى، كىشىلىك مۇناسىۋىتىنى ۋاستە قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى مەشىق ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەربىيىسى جەھەتتىكى ئۆزىنى بىلىش ئېڭى ۋاستىسى ئارقىلىق، ياخشى ئىندىۋىدۇئال پسىخىك پەزىلەتنى ئۆزلەشتۈرۈشكە يېتەكلەيدۇ. جىسمانىي سايا مائارىپى ئەنئەنىۋى مەزمۇندىكى تەنتەربىيە ياكى تازىلىق تەربىيىسىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ، ھازىرقى زامان تېبابەتشۇناسلىقنىڭ ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىسى، پسىخىكىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ماس تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ساغلاملىق قىممىتىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئادەمنىڭ جىسمانىي، پسىخىك يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىش ئارقىلىق ئادەمنىڭ جىسمانىي، پسىخىك سايا قۇرۇلمىسىنى يارىتىشنى مەقسەت قىلغان مائارىپ. سايا مائارىپى مەدەنىيەت ساپاسى تەربىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي، پسىخىك ساپاسىنى ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، شۇنداقلا پسىخىك سايا تەربىيىسىنى ۋاستە قىلىپ، ياش ئەۋلادلاردا ياخشى ئىندىۋىدۇئال پسىخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈپ، ئاخىرىدا يەنە ساغلاملىق تەربىيىسىنى ئاساس قىلىپ، ياش ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي، پسىخىك جەھەتتىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە تولۇق ئاچىدۇ. سايا مائارىپىنىڭ ئۈچ سىستېمىسى جىسمانىي، پسىخىك سايانىڭ ئۈچ قاتلىمىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۆزئارا سىڭىشىپ ۋە بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، جىسمانىي، پسىخىك ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق نىشان قىلىدۇ. (04)

(«سايا مائارىپى مەجمۇئەسى» دىن)

# دۆلىتىمىز ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىكى يارىلىنىش ـ ئۆلۈش ھادىسىلىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

**2. مەكتەپ ھادىسىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدىكى بىر قانچە مەسىلە**

1) ۋەسىيلىك مەسىلىسى

تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش جەريانىدا بىز ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئومۇمەن، بالىلار مەكتەپتە ھادىسىگە ئۇچرىسا، مەكتەپنىڭ ياخشى باشقۇرمىغانلىقىدىن بولىدۇ، شۇڭا، مەكتەپ بەلگىلىك دەرىجىدە جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، دەپ قارايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. بەزى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى تەكلىپ قىلغان ئادۋوكاتلار سوتتا يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 1988 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئېلان قىلغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى»نى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە دائىر بىر نەچچە مەسىلە ھەققىدىكى پىكىر (سىناق نۇسخىسى)»نىڭ 22 ـ ماددىسى «ۋەسىيلىك قىلغۇچى ۋەسىيلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسىنى باشقا كىشىگە ھاۋالە قىلىشقا بولىدۇ. ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى سەۋەبىدىن ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىش زۆرۈر بولغاندا، ۋەسىيلىك قىلغۇچى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك، لېكىن باشقىچە كېلىشىم قىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا؛ ھاۋالە قىلىنغۇچىدا ھەقىقەتەن سەۋەنلىك بولسا، چاتما جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ» نى نەقىل كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ، ئۇلار، ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەنلىكىنى بالىلىرىغا بولغان ۋەسىيلىك قىلىش ھوقۇقىنى مەكتەپكە تاپشۇرغان دەپ قاراشقا بولىدۇ، بۇ بىر خىل ئەمەلىي تاپشۇرۇق بېرىش ھەرىكىتى، شۇڭا، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ۋەسىيلىك قىلىش جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك دېيىشىدۇ. ھەتتا مەكتەپتە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە چېتىلىدىغان بەزى سوت ھۆكۈملىرىدىمۇ «مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ۋەسىيلىك قىلىش مەسئۇلىيىتى جاۋابكارلىقنى ھەقىقىي تۈردە ئۈستىگە ئالغاچقا...» ۋاھاكازا دېيىلىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن، مەكتەپنىڭ پىكرىنى ئالغىنىمىزدا، مەكتەپ مۇدىرلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بۇ خىل كۆزقاراشتىن ئىنتايىن بىزار ئىكەنلىكىنى، بۇنى قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بايقىدۇق. نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىر بالىنى ياخشى باشقۇرۇپ كېتەلىشىمۇ ناتايىن، شۇنداق تۇرۇقلۇق، مەكتەپتىن شۇنچە كۆپ بالىنى ياخشى باشقۇرۇپ، بىرەر ۋەقە چىقماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىشى ئادىل بولمىغانلىق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قانۇندىمۇ مەكتەپنىڭ ياش قورامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەسىيلىك قىلغۇچىسى ئىكەنلىكى بەلگىلەنمىگەن. مەكتەپ ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئورۇن، ئاساسلىقى تەربىيىلەش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ئىش چىقسىلا مەكتەپ مەسئۇل بولىدۇ دېسە، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە كىم ئوقۇتقۇچى بولۇشقا جۈرئەت قىلسۇن؟ دېيىشكەن. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ھەتتا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلار مەكتەپتىكى ھادىسەلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا دائىر قانۇن، نىزاملارنى تۈزگەندە، «مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەسىيلىك قىلغۇچىسى ئەمەس، ئوقۇغۇچىلارغا ۋەسىيلىك قىلىش جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ» دېگەن ماددىنى قوشۇپ قويۇشنى ئۈمىد قىلغان. ئېنىقكى، بۇ مەسىلىدە مەكتەپ بىلەن ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ كۆز قارىشىدا پەرق ئىنتايىن زور. بۇ بىر قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسى مەسىلىسى بولۇپلا قالماي، ۋەقەنىڭ جاۋابكارلىقنى بېكىتىش ۋە تۆلەم تۆلەشكىمۇ بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەمەلىي مەسىلە. تۆۋەندە بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىمىزنى ئوتتۇرىغا قويىمىز. بىزنىڭچە ئاۋۋال مۇنداق بىر نەچچە مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك:

بىرىنچى، ۋەسىيلىك قىلىش دېگەن نېمە؟ «جۇڭگو چوڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى. قانۇنشۇناسلىق بۆلۈمى» دە چۈشەندۈرۈلۈشىچە، ۋەسىيلىك قىلىش ـ ھەق تەلەپ ھەرىكىتى جەھەتتە ئىقتىدارى بولمىغان ۋە ھەق تەلەپ ھەرىكىتى جەھەتتە ئىقتىدارى چەكلەنگەن كىشىلەرنىڭ جىسمانىي، مۈلۈك ھوقۇقىغا قارىتا قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش ۋە قوغداشنى كۆرسىتىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە

بەلگىلەنگەن نازارەت قىلىپ قوغدىغۇچى ۋەسىيلىك قىلغۇچى دېيىلىدۇ، قوغدالغۇچى ۋەسىيلىك قىلىنغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەق تەلەپ ھەرىكىتى جەھەتتە ئىقتىدارى بولمىغان ۋە ھەق تەلەپ ھەرىكىتى جەھەتتە ئىقتىدارى چەكلەنگەن كىشىلەرگە ۋەسىيلىك قىلغۇچى بەلگىلەپ بېرىش دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ قانۇن تۈزگۈزۈشىدىكى ئاساسىي قائىدە بولسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئىشلەش ئۇسۇللىرى پەرقلىنىدۇ. بەزى دۆلەتلەردە ھەق تەلەپ ھەرىكىتى جەھەتتە ئىقتىدارى بولمىغان كىشىلەرگە ۋەسىيلىك قىلغۇچى، ھەق تەلەپ ھەرىكىتى جەھەتتە ئىقتىدارى چەكلەنگەن كىشىلەرگە قوغدىغۇچى (ۋەسىي) ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. لېكىن دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنىدا بۇنداق ئايرىلمايدۇ، بەلگىلەنگەن قوغدىغۇچى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ۋەسىيلىك قىلغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىككىنچى، ۋەسىيلىك قىلغۇچىنى بەلگىلەش ئۇسۇلى. تۆۋەندە ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋەسىي بەلگىلەشتە، ئاساسەن مۇنداق ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىدۇ: ① قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋەسىي، بۇنىڭدا ۋەسىيلىك قىلغۇچى قانۇن تەرىپىدىن بىۋاسىتە بەلگىلىنىدۇ؛ ② ۋەسىيەت قىلىنغان ۋەسىي، يەنى ۋەسىي قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ۋەسىيىتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ؛ ③ ۋەسىينى بەلگىلەپ بېرىش، ۋەسىيلىك قىلغۇچى سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىز قانۇنىدا بۇنىڭغا قارىتا مۇناسىپ بەلگىلىمىلەر بار.

قانداق ئادەم ۋەسىي بولالايدۇ؟ «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ بەلگىلىمىلىرى بويىچە، بىرىنچى خىلدىكىلەر يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يەنى ۋەسىيلىك قىلىنغۇچى بىلەن بەلگىلىك قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان ھەمدە بەلگىلىك بېقىش مەجبۇرىيىتى بولغان كىشىلەر بولىدۇ. يېقىن ئۇرۇق-تۇغقىنىنىڭ ۋەسىي بولۇشى قانۇنىي مەجبۇرىيەت بولۇپ، خالاش-خالىماسلىقىغا قارالمايدۇ. «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» نىڭ 16-ماددىسىدا: «قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا-ئانىسى قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ۋەسىيسى بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. ئەگەر ئاتا-ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن ياكى ۋەسىيلىك ئىقتىدارى بولمىغان بولسا، ئۇنداقتا بوۋا، مومىلىرى ياكى ئاكا، ھەدىلىرى ۋەسىيلىك مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكىلەر يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن باشقا مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ياكى دوستلىرىدىن ئىبارەت. بۇ كىشىلەرنىڭ ۋەسىيلىك قىلغۇچى بولۇشى، بىر خىل قانۇنىي مەجبۇرىيەت بىلەن ئەمەس، بەلكى تامامەن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ. لېكىن، «ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى»دە «قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن ياكى قورامىغا يەتمىگەنلەر تۇرۇشلۇق ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ ماقۇللىقىدىن ئۆتتۈشى كېرەك» لىكى بەلگىلەنگەن. ئۈچىنچى خىلدىكىلەر - قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تۇرۇشلۇق ئورۇن، ئاھالە كومىتېتى، كەنت ئاھالە كومىتېتى ۋە خەلق ئىشلىرى تارماقلىرى. لېكىن بۇ، بىرىنچى، ئىككىنچى تۈردىكىلەر بولمىغان شارائىت ئاستىدىلا، ئاندىن ئىجراپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن بىز ئەڭ بولمىغاندا شۇنداق دەپ ھۆكۈم قىلالايمىزكى، ھازىرقى قانۇندا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەسىيلىك قىلغۇچىسى بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

ئۈچىنچى، ۋەسىيلىك قىلىشنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى. دۆلىتىمىزنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنىغا ئاساسەن، ۋەسىيلىك قىلغۇچىنىڭ ۋەسىيلىك مەسئۇلىيىتى ئاساسەن مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ① ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىغا ۋاكالىتەن، ھەق تەلەپ ئىشلىرىدىكى قانۇنى ھەرىكەتنى يولغا قويىدۇ. ھەق تەلەپ قانۇنىدا، ھەق تەلەپ ھەرىكىتى جەھەتتە ئىقتىدارى بولمىغان كىشىلەر، ھەق تەلەپ ھەرىكىتى جەھەتتە ئىقتىدارى چەكلەنگەن كىشىلەرنىڭ ۋەسىيلىك قىلغۇچىلىرى ئۇلارنىڭ قانۇنىي ۋاكالەتچىلىرى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. مەكتەپنىڭمۇ بەزى جەھەتلەردە، مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن جىسمانىي بىخەتەرلىك سۇغۇرتىسىغا قاتنىشىشنى يولغا قويۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ۋاكالەتچىلىك ھەرىكىتى بولىدۇ، لېكىن بۇ پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىشىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئەمەلىيەتتىن كېلىپ چىققان ھاۋالە بويىچە ۋاكالەتچىلىك قىلىش ھەرىكىتى. بۇ خىل ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىش دائىرىسى-ۋە ئىقتىدارى ئىنتايىن چەكلىك بولىدۇ. ② ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش. گەرچە مەكتەپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىشى زۆرۈر بولسىمۇ؛ لېكىن بۇ خىل قوغداش پەقەت ئالاھىدە سورۇن (مەكتەپ)، ئالاھىدە پائالىيەت (تەربىيە) جەريانىدا يولغا قويۇلىدىغان قوغداش. بۇ خىل ئالاھىدە شارائىتتىن ئايرىلغاندا، قوغداشتىن ئېغىز ئېچىشقا بولمايدۇ. ③ ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ مال-مۈلكى ۋە باشقا ھوقۇقلىرىنى قوغداش. مەكتەپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ نۇقتىنى ئورۇنداش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەسىيلىك قىلغۇچىنىڭ ۋەسىيلىك قىلىش مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، مەكتەپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەسىيلىك قىلغۇچىسى بولالمايدۇ.

تۆتىنچى، ۋەسىيلىك ئىقتىدارى مەسىلىسى. ھەق تەلەپ قانۇنىدا، ۋەسىيلىك ئىقتىدارى بولمىغان كىشىلەر ۋەسىي بولالمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ئۇنداقتا، مەكتەپنىڭ ۋەسىيلىك ئىقتىدارى بارمۇ ـ يوق؟ ۋەسىيلىك ئىقتىدارى مەسىلىسى جەھەتتە، قانۇن ساھەسىدىكىلەرنىڭ تەتقىقاتى كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن شۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەسكى، ۋەسىيلىك ئىقتىدارىنى ئويلاشقاندا، ئەڭ بولمىغاندا قانداشلىق مۇناسىۋىتى، ساغلاملىق ئەھۋالى، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىق دەرىجىسى قاتارلىق ئامىللارنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. مەكتەپتە قانداشلىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت ئەمەس. ئوقۇتقۇچىلار خىزمىتىنىڭ ئالدىراشلىقى ھەممە ئادەمگە ئايان. شۇنچە نۇرغۇن ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن، ۋەسىيلىك مەسئۇلىيەت دائىرىسىدە بەلگىلەنگەن تۈرلۈك جاۋابكارلىقلارنى ھەقىقىي ئۈستىگە ئېلىشنى، ئەمەلىيەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىنتايىن تەس ھەم ئۇنداقمۇ قىلالمايدۇ. مەكتەپتىن خۇددى ھەربىر ئاتا ـ ئانىنىڭ پەرزەنتىگە ياخشى ۋەسىيلىك قىلغىنىغا ئوخشاش ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ياخشى ۋەسىيلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىش داۋلى جەھەتتىنمۇ تېخىمۇ ئاقمايدۇ. دېمەك، مەكتەپ قانۇنىي ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەسىيلىك ئىقتىدارىنى ھازىرلىمىغان.

بىزنىڭچە، بەزىلەرنىڭ، جۇملىدىن بەزى قانۇن خىزمەتچىلىرىنىڭ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1988 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنىدىكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسى» نى ئىزچىل ئىجرا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە ھەققىدىكى پىكىر (سىناق نۇسخىسى)» نىڭ 82 ـ ماددىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئاددىي ھالدا مەكتەپكە تەدبىقلاپ، مەكتەپتە يۈز بەرگەن ھادىسىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ توپ قانۇنىي ئاساسى قىلىشى مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، مەكتەپ بىلەن ئائىلە باشلىقلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋەسىيلىك ھوقۇقىنى يۆتكەش ياكى ھاۋالە قىلىش رەسمىيىتى بېجىرىلمىگەن (باشقا كېلىشىم قىلغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا). قانۇننى قوللىنىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىل تەدبىقلاش پەقەت بىر خىل غەيرى رەسمىي چۈشەندۈرۈش بولغاچقا، چۈشەندۈرۈش ھوقۇقى، قانۇنىي ئۈنۈمىمۇ بولمايدۇ. ئارقىمىزغا چېكىنىپ، بۇ خىل يەكۈننى توغرا دېگەندىمۇ، بۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىش ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىلغاچقا، يەنىلا ۋەسىيلىك قىلغۇچى ھەق تەلەپ جاۋابكارلىقىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ھاۋالە قىلىنغۇچىدا سەۋەنلىك ھەقىقەتەن بولغان ئەھۋال ئاستىدىلا، ئاندىن چاتما جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇڭا، مەكتەپ ئۆزىدە سەۋەنلىك يوقلىقىنى ئىسپاتلىيالىسىلا، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى ھاجەتسىز.

ئۇنداقتا، مەكتەپ قانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟ بىزنىڭچە، تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدىنقىسى ئاساس، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يولغا قويۇلغان بولۇپ، ئالدىنقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتىدە، مەكتەپمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىنى قوغدىشى، ھادىسە يۈز بېرىشىنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشى كېرەك، لېكىن مەكتەپتە يولغا قويۇلغان بۇ خىل قوغداشنىڭ ئالاھىدە مەنىسى ـ تەلىم ـ تەربىيە پائالىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قوغداشتىن ئىبارەت. بۇ خىل قوغداش قانۇنى مەنىدىكى ۋەسىيلىك قىلغۇچىنىڭ ۋەسىيلىك قىلىنغۇچىغا نىسبەتەن يولغا قويغان ۋەسىيلىكى بىلەن خاراكتېر جەھەتتە ئوخشاش ئەمەس: ئەگەر بۇ خىل قوغداش ـ ۋەسىيلىك دېيىلسە، ئۇنداقتا «قورامىغا يەتمىگەنلەرنى قوغداش قانۇنى»غا ئاساسەن، قورامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپ قوغداش بىلەنلا قالماستىن، جەمئىيەتمۇ قوغدىشى كېرەك، ھەتتا ئەدلىيە جەھەتتىكى قوغداشمۇ بار (يەنى ئەدلىيە تۈزۈمىدە ۋە ئىجرا قىلىش جەريانىدا جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا ماڭغان قورامىغا يەتمىگەنلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقى ئالاھىدە قوغدىلىدۇ)، ئەجەبا يەنە پۈتكۈل جەمئىيەت، ھەتتا ئەدلىيە ئورگانلىرىمۇ قورامىغا يەتمىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەسىيلىك قىلغۇچىسى بولۇشى كېرەكمۇ؟ روشەنكى، بۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

يۇقىرىقى تەھلىللەرنىڭ يەكۈنى شۇكى، مەكتەپ ـ دۆلەتنىڭ مائارىپ فاكجېنى ۋە نىشانىغا ئاساسەن ئوقۇغۇچىلارغا تەلىم ـ تەربىيە بېرىش سورۇنى. دۆلەتنىڭ مائارىپ فاكجېنى ۋە نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، مەكتەپ بىرلا ۋاقىتتا تەربىيىلەش ۋە باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى خىل فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىشى كېرەك. بۇ ئىككى خىل فۇنكسىيە تولۇق ئىجرا قىلىنماي ۋەقە يۈز بېرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندا، مەكتەپ مۇناسىپ ھالدىكى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. لېكىن مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارغا ۋەسىيلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەسىيلىك قىلغۇچىسى ئەمەس. (02)

(داۋامى بار)

# ئەڭ تۆۋەن مائاش دېگەن نېمە؟ ئەڭ تۆۋەن مائاشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمى دېگەن نېمە؟

ئەڭ تۆۋەن مائاش (ئىش ھەققى) دۆلەت بەلگىلىك قانۇنىي تەرتىپ بويىچە بېكىتكەن، ئەمگەكچىلەر قانۇندا بېكىتىلگەن ۋاقىت ئىچىدە نورمال ئەمگەك بىلەن تەمىنلىگەن شەرت ئاستىدا، تۇرۇشلۇق ئورۇن تۆلىگەن ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىنى كۆرسىتىدۇ. ئەڭ تۆۋەن مائاشقا قانۇن- نىزاملار بويىچە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇننىڭ سەۋەب كۆرسىتىپ ئەڭ تۆۋەن ئۆلچەمنىمۇ تۆۋەنلىتىشكە بولمايدۇ. قانۇندا بېكىتىلگەن خىزمەت ۋاقتى «ئەمگەك قانۇنى» ۋە «گوۋۇيۈەننىڭ ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت ۋاقتى بەلگىلىمىسى» دە بەلگىلەنگەن خىزمەت ۋاقتىنى كۆرسىتىدۇ؛ نورمال ئەمگەك بولسا ئەمگەك توختىمىدا بەلگىلەنگەن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەڭ تۆۋەن مائاش پەقەتلا ئەڭ تۆۋەن چەك بولۇپ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىش تۈرىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان ئىش ھەققى نورمىسى بېكىتىشى بىلەن توقۇنۇشمايدۇ. ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەرتىپى، رايونلار پەرقىگە ئاساسەن ئوخشاش بولمايدۇ. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى زور كۆپچىلىك ئۆلكە - شەھەرلەر ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى.

ئەڭ تۆۋەن مائاش كاپالەت تۈزۈمى دۆلەت بەلگىلىگەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى بىلەن ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر تۈرلۈك ئىقتىسادىي تۈزۈم. ئۇ مائاش تەقسىملەش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئەھمىيىتى بار:

(1) ئەڭ تۆۋەن مائاش كاپالەت تۈزۈمى بىر تۈرلۈك ئىش ھەققى تۈزۈمى بولۇپلا قالماستىن، ئۇ يەنە بىر تۈرلۈك ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر تۈزۈمنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەڭ ئاساسلىق تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر.

(2) ئەڭ تۆۋەن مائاشقا كاپالەتلىك تۈزۈمى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادنى تەڭشەش، ئىجتىمائىي ئادىللىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى بىر ۋاستىسى.

(3) بۇ تۈزۈمنىڭ يولغا قويۇلۇشى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال يۈرۈشۈشىنى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىنىڭ ئېھتىياجىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

## ئىجتىمائىي سۇغۇرتا دېگەن نېمە؟

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا دۆلەت قانۇن بويىچە يولغا قويغان، پۇقرالار ياكى ئەمگەكچىلەرنى قېرىش، ئۆلۈش، يارىلىنىش، مېيىپ بولۇش، ئىشسىز قېلىش ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا يولۇققاندا بەلگىلىك ماددىي ياردەمگە ئېرىشتۈرىدىغان بىر تۈرلۈك كاپالەت تۈزۈمى. ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئاساسلىقى ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسى، ئىش ئۈستىدە يارىلىنىش - كېسەللىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى، تۇغۇت سۇغۇرتىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىجتىمائىي سۇغۇرتا مەجبۇرىلاش خاراكتېرىگە، ياردەم- پاراۋانلىق خاراكتېرىگە ئىگە. ئۇ سودا سۇغۇرتىسى بىلەن ماھىيەتلىك پەرققە ئىگە:

(1) مەقسىتى ئوخشىمايدۇ. سودا سۇغۇرتىسىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى تەبىئىي ئاپەتلەر كەلتۈرگەن زىياننىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. ئۇنىڭدا پايدا ئېلىش مەقسەت قىلىنغان بولىدۇ.

(2) مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئالدىنقى شەرتى ئوخشىمايدۇ. سودا سۇغۇرتىسى تۆلەمدە تەبىئىي ئاپەتلەر ياكى تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە- ھادىسىلەردە كۆرۈلگەن زىياننى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. سۇغۇرتىغا قاتناشقۇچى ئاپەت زىيىنىغا ياكى ھادىسىگە ئۇچرىمىسا تۆلەمگە ئېرىشەلمەيدۇ؛ ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ ناھايىتى كۆپ قىسىم مەزمۇنىدا، مەسىلەن، ياشانغاندا بېقىلىش سۇغۇرتىسىنى ئالساق، ئۇنىڭغا قاتناشقانلا كىشى مەنپەئەتدار بولالايدۇ.

(3) سودا سۇغۇرتىسى خەتىرى زور بولغان بەزى كەسىپلەر، مەسىلەن، ھاۋا قاتنىشىغا ئوخشاشلاردا، كۆپىنچە سۇغۇرتىغا كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە قاتنىشىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ؛ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بولسا مەجبۇرىلاش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەم ئىشلەتكۈچى ئورۇنلار ۋە ئەمگەكچىلەر شەرتسىز قاتنىشىدۇ.

(«پۇقرالارنىڭ ئەمگەك ھوقۇقى- مەنپەئىتىنى قوغداشقا دائىر سوئال- جاۋابلىق قوللانما» دىن)

## ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى دېگەن نېمە؟ ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى قانداق بېكىتىلىدۇ؟

ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمى يەنە ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى نىسبىتى دېيىمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ۋاقىت بىرلىك قىلىنغان ئەڭ تۆۋەن مائاشنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئاي بويىچە ھېسابلىنىدۇ. يەنە ھەپتە، كۈن ۋە سائەت بويىچە ھېسابلاشقىمۇ بولىدۇ. ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى بەلگىلەپ گوۋۇيۈەنگە ئەنگە ئالدۇرىدۇ.

ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى بېكىتىش مەسىلىسى ئەڭ تۆۋەن مائاشقا كاپالەتلىك قىلىش تۈزۈمىدىكى مەركىزىي مەسىلە. ئەڭ تۆۋەن مائاش ئۆلچىمىنى بېكىتىش ۋە تەڭشەشتە تۆۋەندىكى مەسىلىلەر ئويلىشىلىدۇ:

1) ئىشچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئائىلە ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛

2) جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرىچە مائاش سەۋىيىسىگە قارىلىدۇ؛

3) ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالى. بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىشسىزلىق نىسبىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛

4) رايونلار ئارىسىدىكى تەرەققىيات جەھەتتىكى پەرق ئەڭ تۆۋەن مائاشتا ئەكس ئېتىدۇ.

# ئوقۇغۇچىلارغا توغرا «پۇل نۇقتىئىنەزەرى» تەربىيىسى بېرىش لازىم

ـ «سۆزنى تاۋاردىن باشلايلى»نى ئوقۇتۇشتىن تەسرات

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ 1 ـ يىللىق 1 ـ قىسىم «سىياسىي ـ ئىدىيە» دەرسلىكىدىكى «سۆزنى تاۋاردىن باشلايلى» دېگەن دەرسنى ئوقۇتۇش ـ ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا توغرا «پۇل نۇقتىئىنەزەرى» تەربىيىسى بېرىشتىكى بىر مۇھىم تېما. شۇڭا بىز بۇ تېما توغرىسىدىكى تەربىيىنى ياخشى تۇتۇشىمىز لازىم.

1. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا توغرا «پۇل نۇقتىئىنەزەرى» تەربىيىسى بېرىش بەكمۇ زۆرۈر.

ئالدى بىلەن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ـ ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى. «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا: «ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنى كۈچەيتىش ـ دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش. ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۇلۇغۋار غايە تۇرغۇزۇپ، ئېسىل پەزىلەت يېتىلدۈرۈشىگە ياردەم بېرىش لازىم» دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ، ئۇزاق مۇددەتلىك ستىراتېگىيىلىك قۇرۇلۇش. سىياسىي دەرس ـ مەكتەپ ئەخلاقىي تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم يولى. شۇڭا بىز سىياسىي دەرسنىڭ ئەخلاقىي تەربىيە جەھەتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، نىشانلىق ھالدا ئىدىيىۋى تەربىيە ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلاردا سوتسىيالىستىك ئەخلاق يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ دەرس مەزمۇنىنى ئوقۇتۇشتا، «پۇل نۇقتىئىنەزەرى» تەربىيىسىنى ئەستايىدىل ھالدا ياخشى تۇتۇش كېرەك. چۈنكى بۇ مەسىلە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىشىلىك ھايات ۋە كىشىلىك ھايات قىممىتىگە بولغان قارىشى ۋە پوزىتسىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك. پۇلغا بولغان پوزىتسىيە توغرىلانسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ توغرا كىشىلىك ھايات قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشىغا ياردەم بېرىدۇ، ئىدىيە ـ ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق.

ئىككىنچىدىن، دەرس مەزمۇنىنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە تەربىيىۋىلىك جەھەتتىكى تەلىپى. بۇ دەرس مەزمۇنىنىڭ نەزەرىيىۋىلىكى ۋە ئىدىيىۋىلىكى ناھايىتى كۈچلۈك، بولۇپمۇ «پۇلنىڭ بارلىققا كېلىشى» دېگەن يان ماۋزۇدىكى دەرس تېكىستىدە پۇلنىڭ بارلىققا كېلىشى ۋە پۇل ئۇقۇمى تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ «پۇل نۇقتىئىنەزەرى» ۋە سوتسىيالىزم شارائىتىدا پۇلغا قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسى بىرقەدەر زور ھەجىمدە دەللىلەنگەن. روشەنكى، مانا بۇ ئىدىيە ـ ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى. بىز بۇ ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا مۇۋاپىق تەربىيە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، تەربىيە سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، بۇ دەرسنىڭ ئوقۇتۇش مەقسەت ـ تەلىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پۇل مەسىلىسىدە خاتالىقتىن ساقلىنىش ئېھتىياجىغا ياردەم بېرىش لازىم. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىدىيە ـ ئەخلاق جەھەتتىكى ئاساسىي ئېقىمى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن يوشۇرۇش ھاجەتسىزكى، «پۇلپەرەسلىك» ئىدىيىسىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان تەسىرى بىرقەدەر زور ۋە كەڭ، پۇلغا بولغان قارىشىدا ئاز بولمىغان مۈجمەللىك، ھەتتا خاتا قاراشلار بار، مەسىلەن، «ھەممىدە پۇلغا قاراش»، «پۇل بولسا ھەممە بولىدۇ»، «كىتاب ئوقۇش ـ جىق پۇل تېپىش ئۈچۈن»، «بىلگىنى بارلار جىق پۇل تاپالايدۇ» قاتارلىقلار. بۇنداق ئىدىيىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇلمىسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتا قاراشلىرىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرىلمىسە، ئۇلاردا ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەت يېتىلدۈرۈش تەس. شۇڭا بىز نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە داۋلىنى ئېنىق سىزىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

2. تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا توغرا «پۇل نۇقتىئىنەزەرى» تەربىيىسىنى بېرىشتە ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

تەربىيە مەقسىتىگە يېتىش، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، تەربىيە ـ ئوقۇتۇش ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىش، دەرسنىڭ ئوخشاشمىغان مەزمۇنى بويىچە ئوخشاش بولمىغان ئۇسۇللارنى قوللىنىش زۆرۈر. پۇلغا توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ مەزمۇنىنى ئۆگىنىشتە، بىزنىڭچە «ئوقۇش»، «مۇھاكىمە»، «چۈشەندۈرۈش»، «يەكۈنلەش» ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.

«ئوقۇش» دېگىنىمىز ـ ئوقۇتقۇچى يېتەكچىلىكىدە ئەستايىدىل ئوقۇشتىن ئىبارەت. ئالدى بىلەن ئوقۇتقۇچى تەلەپنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىش سوئاللىرىنى چىقىرىش لازىم. ئاندىن ئوقۇغۇچىلار تولۇق ئوتتۇرا 1 ـ يىللىق 1 ـ قىسىم «سىياسىي ـ ئىدىيە» دەرسلىكىنىڭ 26 ـ بېتىدىكى 2 ـ تېمىدىكى ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇپ، ئېكسپلاتاتور سىنىپلارنىڭ «پۇل نۇقتىئىنەزەرى»نىڭ ئىپادىسى،

بىزنىڭ پۇلغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىملىقى ھەققىدە ئويلىنىشى لازىم. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىكى ئاساسىي بىلىم، ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر، ئاساسىي روھنى ئىگىلىتىش، ئۇلارنى ئۆز ئىدىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىدراكىي تەپەككۇر قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش كېرەك. «مۇھاكىمە» ــ مەقسەتلىك، تەييارلىقى بولغان ھالدا ئوقۇغۇچىلارنى گۇرۇپپا مۇھاكىمىسى ياكى دەرسخانا مۇزاكىرىسىگە ئۇيۇشتۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. مۇھاكىمە تېمىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، «پۇلپەرەسلىك»نىڭ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى ئىپادىسىنى سۆزلەش، ئوقۇغۇچىلارنى سۆزلەش تېزىسى تۈزۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. تولۇق تەييارلىق ئاساسىدا، ئەركىن سۆزلەش شەكلى ئارقىلىق مۇزاكىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارغا ئۆز پىكرىنى كەڭ بايان قىلدۇرۇش لازىم. «چۈشەندۈرۈش» ــ ئوقۇتقۇچىنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش جەھەتتە چۈشەندۈرۈپ، «ھەممىدە پۇلغا قاراش» مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسەن مۇنداق ئىككى نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك: بىرىنچىدىن، بىزنىڭ ھەممىدە پۇلغا قاراش» مەسىلىسىگە قارشى تۇرۇشىمىز ھەرگىز پۇلغا قارشى تۇرۇش ئەمەس. پۇل ــ تاۋار ئالماشتۇرۇش تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، مۇقىم ھالدىكى تەڭ قىممەتلىك ئالاھىدە تاۋار بولۇپ، بارلىق تاۋارلار بىلەن ئالماشتۇرۇشقا بولىدىغان بايلىق سىمۋولى، بىر خىل ماددىي مەنپەئەتنىڭ ئىپادىسى. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. دېمەك، پۇل ئەسلىدە يامان نەرسە ئەمەس. لېكىن «ھەممىدە پۇلغا قاراپ»، ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا قويۇپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ بىردىنبىر نىشانى قىلىش ــ سىپى ئۆزىدىن ئېكسپلاتاتۇر سىنىپلارنىڭ «پۇل نۇقتىئىنەزەرى»، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ــ نەپسانىيەتچىلىك. لېنىن: «ئىشنى پۇل ئۈچۈنلا قىلىش ــ كاپىتالىزم دۇنياسىنىڭ ئەخلاقى» دېگەن ئىدى. شۇڭا «ھەممىدە پۇلغا قاراش»قا قارشى تۇرۇش زۆرۈر. ئىككىنچىدىن، بىز توغرا «پۇل نۇقتىئىنەزەرى»نى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم. بۇ مەسىلىدە مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى ئىگىلەش كېرەك: ئالدى بىلەن، سوتسىيالىزم شارائىتىدا، رېئال تۇرمۇش ئۈچۈن پۇلنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلىش كېرەك. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۇلدىن ئايرىلالمىسىمۇ، لېكىن ئۇنى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئەڭ يۇقىرى نىشانى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ: «ھەممە نەرسە پۇل ئۈچۈن دەيدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى پۇل ئىچىگە كۆمۈلىدۇ» دېگەن ئىدى. چىرىكلىشىشكە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە ئاشكارىلانغان ئۇنسۇرلارنىڭ رەزىل ئاقىۋىتى بۇنىڭ كۈچلۈك پاكىتى (مىسال بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ). ئىككىنچىدىن، پۇل تېپىشتا سوتسىيالىستىك ئەخلاققا ئۇيغۇن ئىش قىلىش، قانۇن، سىياسەتلەرگە رىئايە قىلىش، ئۆزىنىڭ ئادىل ئەمگىكى بىلەن تېپىش لازىم، قانۇنسىز ۋاسىتىلەرنى قوللىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇنداق قىلغاندا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈش يولىغا مېڭىپ قالىدىغان گەپ. پۇل بولغاندا ئىسراپ قىلماي، مۇۋاپىق ئورۇنغا ئىشلىتىش لازىم. ئۈچىنچىدىن، ئادەمدە تېخىمۇ يۇقىرى مەنىۋى ئىزدىنىش بولۇشى زۆرۈر. بىز پۇل بىلەن ئەخلاق مەسىلىسىدە تاللاش ئېلىپ بېرىپ، پۇل بىلەن ئەخلاقنىڭ دىئالېكتىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشىمىز لازىم. پۈتۈن جەمئىيەتتە مەدەنىيەتلىك، ئەخلاقلىق بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات شەكىللەندۈرۈش ھەمدە سوتسىيالىستىك غايىنى ئۆزىنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ئايلاندۇرىدىغان قىلىش كېرەك. مانا بۇ بىزدە تۇرغۇزۇشقا تېگىشلىك توغرا «پۇل نۇقتىئىنەزەرى». «يېتەكلەش» ــ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھەرىكىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنى كوڭ فەنسېن قاتارلىق قەھرىمان نەمۇنىچى شەخسلەرنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىدىن ئۆگىنىشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ جان- دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك روھىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاقىي ھەرىكىتىگە ئۆلچەم قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنى خالىسانە ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىقى پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا مۇۋاپىق تەشكىللەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىشقا يېتەكلەش لازىم. ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلاردا تەدرىجىي ھالدا توغرا قىممەت قارىشى ۋە كىشىلىك ھايات قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ، ئىدىيىۋى ئەخلاق ساپاسىنى ئۆستۈرۈش زۆرۈر.

ئومۇمەن، «ئوقۇش»، «مۇھاكىمە»، «چۈشەندۈرۈش» «يېتەكلەش»تىن ئىبارەت تەربىيە ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى قوزغاپ، پاسسىپ ئۆگىنىشنى ئاكتىئال ئۆگىنىشكە ئۆزگەرتىشكە؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىنى تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە؛ ئۆز ئىدىيىۋى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ، نەزەرىيىۋى ھەق- ناھەق بىلەن ئەخلاق جەھەتتىكى ھەق- نەھەقنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئەخلاقىي يۈزلىنىشنى توغرىلاش ئارقىلىق ئىدىيە- ئەخلاق ساپاسى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. ئەلۋەتتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە- ئەخلاق قۇرۇلۇشى بىردەملىك ئىش ئەمەس، بىر سائەتلىك ياكى بىرنەچچە سائەتلىك دەرس بىلەن ھەل قىلىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئۇزۇن مۇددەتكىچە قەتئىي بوشاشماسلىقىمىز، سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلەپ، ماھىرلىق بىلەن تەربىيە بېرىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، چوقۇم بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. (04)

(«سىياسىي دەرس ئوقۇتۇشى»دىن)

# سۈپەت دەرىجىلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ تەۋەلىكى

قاھار روزى

(ئاقسۇ ۋىلايەتلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى دەرسلىكتە چۈشەندۈرۈلگەندەك باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئۇلىنىپ ياسالما سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە ۋە ئەسلى سۈپەتكە ئۇلىنىپ سۈپەتلەرنىڭ ھەر خىل دەرىجىلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچە دەپ ئىككىگە ئايرىش، ئەلۋەتتە، توغرا. مەسىلەن:

ئەقىللىق، سۇلۇق، تۇزسىز، شارسىمان، ئىشچان.

بۇ مىساللاردىكى «ئەقىل، سۇ، تۇز، شار، ئىش» دېگەن ئىسىملارغا «لىق، لۇق، سىز، سىمان، چان» دېگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، ياسالما سۈپەت ياسالغان.

«سۇنتۇق، ئۆلۈك، ئۇرۇشقاق، ماختانچاق، چېچىلاڭغۇ، ئۇچقۇر، سەزگۈر، تۇتقۇن، كەسكىن» دېگەن سۆزلەردىكى «سۇن، ئۆل، ئۇرۇش، چېچىل، ئۇچ، سەز، تۇت، كەس» دېگەن پېئىللارغا «ۇق، ۈك، قاق، چاق، اڭغۇ، قۇر، گۈر، قۇن، كىن» دېگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، پېئىلدىن ياسالما سۈپەت ياسالغان. «بۇرۇنقى، ئىچكىرىكى، بۇلتۇرقى، كەچكى» دېگەن سۆزلەردىكى «بۇرۇن، ئىچكىر، بۇلتۇر، كەچكى» دېگەن رەۋىشلەرگە «قى، كى» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، يەنىلا ياسالما سۈپەت ياسالغان. بۇ خىل قوشۇمچىلارنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارىدىن قارىغاندا، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولىدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق.

ئەمدى ئەسلى سۈپەتلەرگە ئۇلىنىپ، سۈپەتلەرنىڭ ھەر خىل دەرىجىلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا كەلسەك، بۇلار يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ خىل قوشۇمچىلار شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان. بۇ قوشۇمچىلار يېڭى سۈپەتلەرنى ياسىمايدۇ، بەلكى ئەسلى سۈپەت ئاساسىدا، سۈپەتلەرنىڭ ھەر خىل دەرىجىلىرىنى ياسايدۇ.

بىزگە مەلۇم، سۈپەت دەرىجىلىرى ئەسلى دەرىجە، سېلىشتۇرما دەرىجە، ئاشۇرما دەرىجە، كېمەيتمە دەرىجە ۋە ئەركىلەتمە دەرىجە دەپ بەشكە بۆلۈنىدۇ. بۇلار دەرسلىكتە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئەمدى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ۋە سۈپەت دەرىجىلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ پەرقى بەزى ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىدا ئېنىق ئايرىلمىغانلىقتىن، ئوقۇتقۇچىلاردا ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، تالاش-تارتىش كېلىپ چىقىش ئەھۋاللىرى ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئايدىڭلىشىدۇ.

سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئىسىم، سان، پېئىل، رەۋىش. . . قاتارلىق مۇستەقىل سۆز تۈركۈملىرىگە ئۇلىنىپ، ئۆزى ئۇلانغان سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ، يېڭى مەنا ئاڭلىتىدىغان يېڭى سۆزلەرنى ياسايدۇ ۋە ئۇلارنى بىر سۆز تۈركۈمىدىن باشقا سۆز تۈركۈمىگە ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل قوشۇمچىلار ئىسىم، پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئوخشاش سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ.

سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار بولسا، ئىسىملارنىڭ سان كاتېگورىيىسى، تەۋەلىك كاتېگورىيىسى ۋە كېلىش كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان قوشۇمچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ خىل تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى جۈملىدە سۆزلەرگە ئۇلىنىپ، جۈملىدىكى سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاش ئارقىلىق ئوي - پىكىرنىڭ راۋان، مەنتىقىلىق ھالدا ئىپادىلىنىشىدە قوشۇمچە رول ئوينايدۇ. ئەگەر مۇستەقىل سۆزلەر تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىن ئايرىلسا، ئالاقە ئېھتىياجىدىن چىقالمايدۇ. مەسىلەن:

مەكتىپىمىزدە ياخشى ئىشلار كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە. ئۇ مېنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي، ياسىننىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

بۇ مىساللاردىكى «مەكتەپ، ئىش، كۈن، كۆپەيمەك، ئۇ، مەن، سوئال، جاۋاب، بەر، ياسىن» دېگەن سۆزلەرگە «مىزدە، لار، دىن، گە، تە، نىڭ، ئىمغا، ى، غا» دېگەن قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ، جۈملە تەركىبىدىكى سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاپ، تولۇق ئاياغلاشقان ئوي- پىكىرنى ئىپادىلەشتە مۇھىم

باغلىغۇچىلىق رولىنى ئوينىغان. دېمەك، بۇ قوشۇمچىلاردا سۆز ياساش، سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. شۇڭا بۇلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ھېسابلىنىدۇ.

سۈپەت دەرىجىلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار گەرچە سۆز ياساش ئىقتىدارى جەھەتتە سۆز ياسىغۇچى ۋە سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئوخشاش بولمىسىمۇ، يەنىلا ياسىغۇچى قوشۇمچە ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بىر خىل شەيئىنىڭ بەلگە خۇسۇسىيىتى ھامان ئوخشاش بولماي، پەرقلىق بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنى ئۆز دەرىجىسى بويىچە ئىپادىلەش ناھايىتى زۆرۈر. يەنە بىر جەھەتتىن، پەن- تېخنىكىنىڭ سەۋىيىسى قالاق ھالەتتىكى دەۋرلەردە شەيئىلەرنىڭ بەلگە خۇسۇسىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە پەرقنى ئايرىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان. كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى تونۇشىمۇ ناھايىتى ئاددىي بولغاچقا، بۇ تەرەپكە ئېتىبارسىز قاراپ كەلگەن ئىدى. پەن- تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندە، ئوخشاش تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ بەلگە خۇسۇسىيىتىگە قويۇلىدىغان تەلەپ پەيدىنپەي ئىنچىكە ۋە يۇقىرى بولماقتا. مەسىلەن، رەڭ ئىلمىدە ئىلگىرى قىزىل، قارا، كۆك، سېرىق. . . دېگەنلەرگە ئوخشاش بىرقانچە رەڭ ئاساسىي رەڭگە مەنسۇپ بولغان بولسا، ھازىر ئەنە شۇ ئاساسىي رەڭلەر ئاساسىدا پەيدا بولىدىغان ھەر خىل رەڭلەر ئەسلى رەڭنىڭ بىر تۈرى بولماي، بەلكى ئايرىم بىر خىل رەڭ ھېسابلىنىدۇ. يەنى قىپقىزىل، قىزغۇچ، قىزىلىراق، قىزىلغىنە دېگەنگە ئوخشاش رەڭ تۈرلىرى يەنىلا قىزىلغا تەۋە بولماي، بەلكى بۇلارنىڭ ھەربىرى قىزىل رەڭ ئاساسىدا پەيدا بولغان بىر خىل رەڭ ھېسابلىنىدۇ. سۈپەت دەرىجىلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بولسا، سۈپەتلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەيدىغان نىسپىي رولى بىلەن بۇ خىل ئېھتىياجنى تولۇق قاندۇرىدۇ. ئەگەر بۇ قوشۇمچىلار بولمىسا، شەيئىلەرنىڭ بەلگە خۇسۇسىيەتلىرى، رەڭ تۈرلىرى جەھەتتىكى پەرقنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز قالىمىز.

بەزىلەر: «بۇ قوشۇمچىلار سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچە تەركىبىدە سۆزلەنگەنلىكى ئۈچۈنلا ياكى ئۇلارنىڭ سۈپەت ئىپادىلىگەن بەلگىنى نىسپىي ھالدا ئۆزگەرتىپ، سۈپەتلەرنىڭ ھەرخىل دەرىجىلىرىنى ياسايدىغانلىقىغا قاراپلا ياسىغۇچى قوشۇمچە تەركىبىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى بۇ قوشۇمچىلار باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن سۈپەت ياسىماي، بەلكى سۈپەتتىن سۈپەتنىڭ ھەر خىل دەرىجىلىرىنى ياسايدۇ. مەيلى قايسى خىل دەرىجە بولسۇن، بۇلارنىڭ تومۇرى يەنىلا سۈپەتلەرنىڭ ئەسلى ھالىتىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ، يېڭى لېكسىكىلىق مەنا بەرمەيدۇ. شۇڭا بۇلار ياسىغۇچى قوشۇمچە ئەمەس» دەپ قارايدۇ. مېنىڭچە، بۇ خىل قاراش بىر تەرەپلىمە. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، شەيئىلەرنىڭ بەلگە خۇسۇسىيىتىنى پەرقلىق ئىپادە قىلىش ئېھتىياجىدىن سۈپەت دەرىجىلىرىنى ياساشقا توغرا كەلگەن. بۇ قوشۇمچىلاردا سۈپەتلەرنىڭ ھەر خىل دەرىجىنى ياساشتىن ئىبارەت ئۆزىگە خاس ئىقتىدار بولغاچقا، بۇلارغا «ياساش» دېگەن ئاتالغۇ بەلگە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. ئەكسىچە، بۇ قوشۇمچىلاردا سۆزلەرنى تۈرلەپ ئۆزئارا باغلايدىغان ئىقتىدار يوق. شۇڭا سۆز تۈرلەش ئىقتىدارى بولمىغان بۇ قوشۇمچىلارنىڭ نىسپىي مەنە ئۆزگەرتىش ۋە سۈپەت دەرىجىلىرىنى ياساشتىكى ئۆزگىچە رولىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە دەپ قاراش تازا مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى سۈپەت دەرىجىلىرىنى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئوخشاشلىق مۇناسىۋىتى يوق. بۇلار ئىقتىدارى ۋە مەنىسى جەھەتتىن روشەن پەرق قىلىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، بۇ قوشۇمچىلار بىرىنچىدىن، كۆپلۈك قوشۇمچىسى، كېلىش قوشۇمچىسى ۋە تەۋەلىك قوشۇمچىسى قاتارلىق تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ رولىنى ئۆتىيەلمەيدۇ. بۇلارنىڭ سۆز تۈرلەش ئىقتىدارى يوق. ئىككىنچىدىن، بۇلار سۈپەتلەرنىڭ ھەر خىل دەرىجىلىرىنى ياساپ، نىسبىي مەنە ئۆزگەرتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇڭا بۇلارنى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دەپ قاراش بىرقەدەر ئەقىلگە مۇۋاپىق ۋە تىل ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن. ئەمما بۇلارنىڭ سۆز ياساش ئىقتىدارىنى باشقا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ، يېڭى سۆزلەرنى ياسايدۇ دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. (04)

مۇكاپاتلىق ماقالە

# ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى ئۆلگىلىك ئەسەرلەرنىڭ تەھلىلى ھەققىدە

مۇھەممەتجان سادىق
(ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن)

ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىدىكى تىل ـ ئەدەبىيات بىلىملىرىنى توغرا چۈشەندۈرۈش، ئوقۇغۇچىلارنى ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى توغرا ئوقۇش، توغرا تەھلىل قىلىش ۋە توغرا يېزىشقا يېتەكلەشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيىتى بار. بۇنى ئادا قىلىشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېزىش ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىش دەرىجىسىدە كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭغا: بىرى، تىل ـ ئەدەبىيات بىلىملىرىنى توغرا چۈشەندۈرۈپ ئۆزلەشتۈرۈش؛ يەنە بىرى، ھەرخىل ژانىردىكى ئۈلگىلىك ئەسەرلەرنى توغرا تەھلىل قىلىپ، يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى كونكرېت كۆرسىتىپ بېرىش ئارقىلىقلا يەتكىلى بولىدۇ. مېنىڭ توختىلىدىغىنىم دەل مانا شۇ 2 ـ مەسىلە.

ھازىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدىكى بۇ خىل تەھلىل كۆپىنچە يۇلۇپ ئېلىنغان مىساللار ئارقىلىق بولىدىغان يۈزە تەھلىل ۋە ئابستراكت خۇلاسىلەر ئارقىلىقلا بولۇۋاتقاچقا، ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى تازا روشەن ۋە كونكرېت كۆرسىتىپ بېرىش يېتەرلىك بولمايۋاتىدۇ. بۇ، ئەسەرنى بىر پۈتۈن تەھلىل قىلماي، ئايرىم ۋەقە، ئايرىم جۈملىلەرنى تەھلىل قىلىپلا ئەسەر مەزمۇنىنى خۇلاسىلەش، يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنىمۇ بىرقانچە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەر ياكى ئۈزۈپ ئېلىنغان مىساللار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىشتە ئىپادىلىنىۋاتىدۇ. بۇنداق ئۈزۈپ ئېلىنغان مىساللار ئارقىلىق چىقىرىلغان خۇلاسىلەرمۇ ئوقۇغۇچىلارنى قايىل قىلىدىغان كونكرېت خۇلاسىلەر بولماي، ئابستراكت خۇلاسىلەر بولىۋاتىدۇ. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار جاۋاب بەرگەندىمۇ بۇ «تەييار» خۇلاسىلەرنى يادلاپلا جاۋاب بېرىۋاتىدۇ.

شېئىر، ھېكايە قاتارلىق بەدىئىي ئەسەرلەردە ئىدىيىۋى مەزمۇن ئوچۇق- ئاشكارە ئېيتىلماي، بەلكى لىرىك ياكى ئېپىك ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈۋېتىلىدۇ. مەنتىقى تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولغان ئەسەرلەردىمۇ ئىدىيىۋى مەزمۇن ئەسەرنىڭ پۈتۈن جەريانىدا سۆزلىنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئەسەرنى بىر پۈتۈن، كونكرېت، ئىنچىكە تەھلىل قىلماي تۇرۇپ، ئاپتورنىڭ ئۇنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇپ، قانداق بەدىئىي ۋاستە، تىل ۋە ئۇسۇللار ئارقىلىق بايان قىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ تەھلىل قىلىپ بېرىشتىكى مەقسىتىمىز ـ ئەسەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىنى سۆزلەپ، ئەسەر ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش ئەمەس، بەلكى شۇ ئەسەرنى بىر پۈتۈن، ئىنچىكە، كونكرېت، تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە يېزىلىش ئالاھىدىلىكىنى ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق كۆرسىتىپ بېرىپ، تەھلىل قىلىش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

بۇ قارىشىمنى تېخىمۇ ئوچۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن، «يىللارغا جاۋاب» دېگەن ئەسەرنىڭ 1 ـ بۆلىكىنى تەھلىل قىلىپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىدىم.

ئىنقىلابىي شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» شېئىرى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىدىكى چولپان شېئىرلارنىڭ بىرى. بۇ شېئىر 1944 ـ يىلى يانۋاردا ئاقسۇدا يېزىلغان. بۇ چاغ جاللات شىڭ شىسەينىڭ ئەڭ غالجىرلاشقان ۋاقتى ئىدى. شائىر بۇ شېئىرنى ئۇرغۇپ تاشقان ئىنقىلابىي روھ بىلەن يېزىپ، ئادەم بىلەن يىللارنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى پەلسەپىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، چوڭقۇر، توغرا ۋە قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىللە، ئۆزى ياشاۋاتقان زۇلۇم ۋە زورلۇق ئەۋج ئالغان دەۋرنى پاش قىلىپ، ئۇنىڭغا مەردانە جەڭ جاكارلىدى. ئۇ ئۇلۇغ ئىنقىلابچىلاردىلا بولىدىغان جاسارەت ۋە ئۈمىدۋارلىق بىلەن:

ئىجاد، يىللارنى قېرىتىدۇ دەپ بېرىمىز جاۋاب!

دەپ ئېلان قىلدى.

«يىللارغا جاۋاب» نىڭ قۇرۇلمىسى تۆت بۆلەكتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، يىللارنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئادەمنىڭ يىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، «مەن» نىڭ پوزىتسىيىسى ۋە ئاخىرقى خۇلاسىدىن ئىبارەت.

«يىللارغا جاۋاب» نىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە، يىللارنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق بايان قىلىنغان. بىز تۆۋەندە يىللارنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق قانداق سۈرەتلەپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ.

ۋاقىت ـ خۇددى سۇدەك ئېقىپ كېتىۋېرىدىغان تەبىئەت ھادىسىسى، ئۇنىڭدا زادىلا ئالدىراڭغۇلۇق بولمايدۇ. «ئالدىراڭغۇلۇق» ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئاڭلىقلىقتا ۋە سۇبيېكتىپچانلىقتا ئىگە ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتى. شائىر ئادەملەردىلا بولىدىغان بۇنداق «ئالدىراڭغۇلۇق»

خۇسۇسىيىتىنى يىللارغا يۆتكەپ، يىللارنىڭ توختىماي سۇدەك ئېقىپ كېتىۋېرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئوخشىتىش ھەل قىلىپ بەردى. ساقلاپ تۇرۇش - تۇرماسلىقمۇ ئوخشاشلا ئاڭلىقلىقنى، سۇبيېكتىپچانلىقنى ئىگە ئادەملەردە بولىدىغان پائالىيەت. ۋاقىتتا بۇ خۇسۇسىيەتمۇ بولمايدۇ. شائىر بۇ يەردىمۇ ئادەمنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ۋاقىتقا يۆتكەپ، ۋاقىتنىڭ «ئالدىراڭغۇلۇق» ئالاھىدىلىكىنىڭ تۈپ ماھىيىتى «ساقلاپ تۇرماي» دىغانلىقىدا ئىكەنلىكىنى ئېچىپ كۆرسەتتى. ئالدىراڭغۇ مىجەزلىك ئادەملەر كۆپىنچە ساقلاپ تۇرۇشتا تاقەتسىز كېلىدۇ، شائىر «ئالدىراڭغۇلۇق» بىلەن «ساقلاپ تۇرمايدىغانلىق» نىڭ بىر - بىرىگە باغلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىپ، تەبىئىي ۋە ئوبيېكتىپ تەبىئەت ھادىسىسى بولغان ۋاقىتنىڭ توختىماي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدىغان خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەشتە ماھىرلىق بىلەن پايدىلانغان. «ئالدىراڭغۇ» ئادەملەر ھەر قانچە تاقەتسىز كەلسىمۇ، بىر ئاز ساقلاپ تۇرالايدۇ. لېكىن «ئالدىراڭغۇ» ۋاقىت زادىلا «ساقلاپ تۇرمايدۇ» . مەيلى سەن قانچىلىك يېلىنىپ زارلانساڭمۇ، ھۆكۈمەت بۇيرۇقى چۈشۈرسەڭمۇ، ئۇ توختىماي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ ئارقىلىق شائىر ۋاقىت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ تۈپ، ئەڭ ماھىيەتلىك بىر مەسىلىنى، يەنى ۋاقىت ئادەملەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ئوبيېكتىپ تەبىئەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە ئوقۇغۇچىلارغا شۇنى ئالاھىدە بىلدۈرۈش كېرەككى، شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە، ۋاقىتنىڭ ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مۇناسىۋەتتە ۋاقىتنىڭ ئادەملەر ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىشى زۆرۈر ئىدى. ۋاقىت بىلەن ئادەملەرنىڭ خىلمۇ خىل مۇناسىۋىتىدە ۋاقىتنىڭ ئادەملەر ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغانلىقى ئەڭ تۈپ، ئەڭ ماھىيەتلىك مۇناسىۋەت، سۆزنى مۇشۇ ئەڭ ھالقىلىق مەسىلىدىن باشلىماي تۇرۇپ، ۋاقىتنىڭ ئادەملەر بىلەن بولغان باشقا مۇناسىۋەتلىرىنى سۆزلىگىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، شائىر ۋاقىتنىڭ ئادەملەر ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ئوبيېكتىپ تەبىئەت ھادىسىسى ئىكەنلىكىنى جايىدا تاللانغان «ئالدىراڭغۇ» ، «ساقلاپ تۇرمايدۇ» دېگەن ئاددىي، لېكىن ئۆز ئورنىنى تاپقان سۆزلەر بىلەن ئوخشىتىپ ئىپادىلەپ بېرەلىدى. شائىرنىڭ ماھارىتى سۆزلەرنىڭ رەڭدار ۋە تەنتەنىلىك بولۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل ئىشلىتىپ تاپقان، جايىغا چۈشكەن، دېمەكچى بولغان ئوي - پىكىرنى ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرەلىگەن سۆزلەردە كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزى ئوبرازلىق ۋە ئوبرازسىز بولىدۇ. «ئالدىراڭغۇ» ، «ساقلاپ تۇرمايدۇ» دېگەن سۆزلەر ئوبرازلىق سۆزلەر بولۇپ، ئادەمنىڭ كونكرېت مىجەز ۋە ئىش- ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. «ۋاقىت» ـ ئابستراكت سۆز بولۇپ، ئۇمۇمىي بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر «ۋاقىت» سۆزىدىن كېيىن، ئۇنى ئوبرازلاشتۇرىدىغان ئوبرازلىق (كونكرېت) سۆزلەر كەلمىسە، ئۇ چاغدا شېئىرىي ئوبراز يارىتىلمىغان، ئابستراكت پىكىرلەر تىزىپ قويۇلغان بولۇپ قالىدۇ. ھازىر بىزنىڭ كۆپلىگەن شېئىرلىرىمىزدا شېئىرىي ئوبرازنىڭ بولماسلىقىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى دەل مۇشۇنىڭدا كۆرۈلىدۇ. ھۆرمەتلىك شائىرىمىز لۇتپۇللا مۇتەللىپ تۆت سۆزدىن قۇرۇلغان بۇ مىسراسىدا چوڭقۇر پەلسەپىۋى ئابستراكت پىكىرنى ئاددىي، لېكىن تازا توغرا تاللانغان شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا ۋاقىت ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ئوبيېكتىپلىق خۇسۇسىيىتى بىلەن، ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدىغان تەرسا مىجەزلىك ئادەمگە ئايلىنىپ سۈرەتلەندى.

يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى.

بۇ مىسرانى تەھلىل قىلىشتا «يىللار» ، «ئەڭ چوڭ» ، «يورغىسى» دېگەن ئۈچ سۆزنى تەھلىل قىلىشنى نۇقتا قىلىش لازىم. چۈنكى بۇ مىسرادىكى «ۋاقىت» نى ئالدىنقى مىسرادا تەھلىل قىلىپ ئۆتتۇق.

ۋاقىت ـ ئابستراكت ئۇقۇم. ئۇ ھەم چەكسىز، ھەم چەكلىك بولىدۇ. چەكسىز دېگىنىمىزدە، ۋاقىتنىڭ چېكى يوقلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىنسانىيەت ئالىمى پەيدا بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانچىلىك ۋاقىت ئۆتىدۇ؟ بۇنىڭغا ھېچكىممۇ ئېنىق بىر جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بولۇپمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۆتىدىغان ۋاقىت ھەققىدە ئېنىق بىر جاۋاب بېرىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. چەكلىك دېگىنىمىزدە، ۋاقىت سېكۇنت، مىنۇت، سائەت، كۈن، ھەپتە، ئاي، پەسىل، يىل ۋە ئەسىر دەيدىغان ۋاقىت بىرلىكلىرىگە ئىگە بولۇپ، بۇ بىرلىكلەر كونكرېت ۋە چەكلىك بولىدۇ.

شائىر نېمە ئۈچۈن يىللارنى ۋاقىت بىرلىكى قىلىپ ئالدى؟ شۇنداقلا نېمە ئۈچۈن بۇ بىرلىكنى «ئەڭ چوڭ» دەپ ئاتىدى؟ ئەسلىدە ۋاقىتنىڭ «ئەڭ چوڭ» بىرلىكى ئەسىر ئەمەسمۇ؟ ئادەملەر ئۆز ئۆمرىنى ياش بىلەن ساناشقا باشلىغاندىن تارتىپ، بىر يىلنى بىر ياش ھېسابلاپ كەلدى. ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكلىك، ئەڭ كۆپ بولسا، يۈز ياشتىن (بىر ئەسىردىن) ئاشالايدۇ، شۇنداقلا يۈز ياشتىن ئېشىپ ياشالايدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس. بۇنداق چەكلىك ئۆمۈرنى سائەت، كۈن، ئايلار بىلەن ھېسابلىغاندا، سان كۆپىيىپ كېتىپ، ياشنى ساناش قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. يىل چەكلىك ئۆمۈرنى ھېسابلاشتا ئەڭ مۇۋاپىق بىرلىك ئىكەنلىكىنى تونۇغان ئادەملەر بىر يىلنى بىر ياش ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ قانچە يىل ياشىغانلىقىنى بىلدى. شائىر ۋاقىت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۆزلەۋاتقانلىقتىن، ۋاقىتنىڭ «ئەڭ چوڭ» بىرلىكى قىلىپ يىلنى ئالدى. شۇڭا ئادەم ئۆمرىدە يىل ئەڭ چوڭ بىرلىك (سائەت، كۈن، ئاي، پەسىللەرگە سېلىشتۇرغاندا) ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يىللارنى يورغىغا ئوخشىتىشمۇ ئىنتايىن مۇۋاپىق بولغان. يورغا ـ بۇ مىسرادا ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ بىرلىكى بولغان يىللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ كەلگەن. ۋاقىت «ئالدىراڭغۇ» بولسىمۇ، ئۇ ھامان بىر خىل سۈرئەتتە ئۆتىدۇ: يۈگرەپمۇ كەتمەيدۇ، كۈندۈز كېچىنى ئاتلاپ ياكى كېچە كۈندۈزنى ئاتلاپ ئۆتمەيدۇ. بىر سائەت بىر كۈن، بىر ئاي، بىر يىل بولۇپ، ئۆز تەرتىپى بىلەن ئۆتىدۇ. ئاتلارنىڭ ئىچىدە يورغا ئات خۇددى يىللارغا ئوخشاش، بىر خىل سۈرئەتتە يورغىلاپ ماڭىدۇ.

ئەگەر «يورغا»دىن ئىبارەت توغرا تاللانغان ئوخشىتىش ياكى بەدىئىي ۋاستە بولمىغان بولسا، بۇمىسرا ئۆزىنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى يوقۇتاتتى. شائىرنىڭ ماھارىتى: جاپالىق ئەقىل ئىشلىتىپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، دەل شېئىرىي پىكىرنى توغرا، جانلىق ۋە گۈزەل ئوبرازلاشتۇرۇپ بەرگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. شېئىرلاردا توغرا تاللانغان ئوخشىتىش ياكى بەدىئىي ۋاستە شېئىرىي پىكىرنى سۈرەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ۋاقىتنىڭ چوڭ بىرلىكى يىللار يورغا ئاتقا ئايلىنىپ، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا بىرخىل يورغىلاپ چاپماقتا. شائىر بۇ مىسرادا ئىككى يەردە مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەقىل ئىشلەتكەن (ماھارەت كۆرسەتكەن) : بىرى، ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ بىرلىكى ئەسىر بولسىمۇ، يىللارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋاقىت بىرلىكى قىلىپ ئېلىنىشى، ۋاقىتنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتقانلىقى؛ يەنە بىرى، ۋاقىتنىڭ تەرتىپلىك، بىر خىل سۈرئەتتە ئۆتىدىغان ئالاھىدىلىكىنى يورغا ئاتنىڭ بىر خىل يورغىلاپ مېڭىشىغا ئوخشىتىشىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن ھەر قانداق تاللىنىدىغان بەدىئىي ۋاستە ياكى ئىستىلىستىك سۆزلەر ئوبرازلاشتۇرۇلىدىغان شېئىرىي پىكىرگە ئاساسەن تاللىنىشى، قاچان شېئىرىي پىكىرنى ئەڭ توغرا، ئەڭ جانلىق، ئەڭ گۈزەل ئوبرازلاشتۇرۇپ بەرگىچە، شائىر ئەقىل ئىشلىتىشى لازىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.

ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قارىلانمايدۇ،
يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

سۇلار ئېقىۋېرىدۇ، تاڭلار ئېتىۋېرىدۇ، كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋېرىدۇ. تەبىئەتتىكى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىدىن ئىبارەت بۇ ئوبيېكتىپ ھادىسىنى سەن قارىلىيالامسەن؟ قارىلاش ـ يامانلاش مەنىسىدىكى سۆز. شېئىردىمۇ يامانلاش مەنىسىدە كەلگەن. سۇلارنىڭ ئېقىۋېرىشى، تاڭلارنىڭ ئېتىۋېرىشى، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈۋېرىشى ۋاقىتنىڭ ئۆز يولى، سېنىڭ ئىرادەڭگە بويسۇنمايدىغان ئۆز يولى. ۋاقىتتىن رەنجىپ ئۇنى تىللىساڭمۇ، قاغىساڭمۇ، ئۇ قارىلانمايدۇ، يامان بولۇپ قالمايدۇ. شائىر بۇ مىسرادا بىرىنچى مىسرادىكى شېئىرىي پىكىرنى باشقىچە يول بىلەن تېخىمۇ ئېنىق ۋە توغرا تەكىتلەپ، 4 ـ مىسرادىكى شېئىرىي پىكىرنى بايان قىلىشقا بەدىئىي زېمىن تەييارلايدۇ.

4 ـ مىسرادا يورغا يىللارنىڭ ئادەم ئۆمرىنى ئوغرىلايدىغان يامان ئوغرى ئىكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئادەتتە يامان ئوغرىلارنى ئادەملەر تىللايدۇ، يامانلايدۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ ئۆمرىنى ئوغرىلايدىغان يورغا يىللارنى قانچىلىك تىللىساڭمۇ، قارىلىساڭمۇ قارىلانمايدىغان، يامان بولۇپ قالمايدىغان ئالاھىدە «يامان ئوغرى». شائىر بۇ شېئىرىي پىكرى ئارقىلىق ۋاقىتنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يەنە بىر تۈپ، ماھىيەتلىك مەسىلىنى، يەنى ۋاقىت (يىللار) ئادەم ئۆمرىنى ئوغرىلايدىغان، لېكىن قارىلانمايدىغان (تىللىساڭمۇ يامان بولۇپ كەتمەيدىغان) ئالاھىدە يامان ئوغرى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بۇ كۇپلېت: ۋاقىت ئادەملەر ئىرادىسىگە بويسۇنماي، ئادەملەرنىڭ رەنجىش ۋە قاغاشلىرىدىن قارىلانماي، بىر تاڭ ـ بىر تاڭدىن ئېتىپ، بىر كۈن ـ بىر كۈندىن يورغىلاپ ئۆتۈپ، بىر يىلنى تولدۇرۇپ، قىممەتلىك ئۆمرۈڭنى ئوغرىلاپ كېتىۋېرىدۇ، دەيدىغان پەلسەپىۋى پىكىرنى ئاجايىپ توغرا ۋە ئۇيغۇنلۇق يارىتىلغان شېئىرىي ئوبراز ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرگەن. شېئىردىن ئىبارەت ئەڭ كىچىك بەدىئىي شەكىل ئارقىلىقمۇ ھەر قانداق مۇرەككەپ، چوڭ ۋە پەلسەپىۋى پىكىرنى شېئىرىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈپ بايان قىلغىلى تامامەن بولىدىكەن. گەپ شائىرنىڭ ماھارىتىدە: خۇددى تالانتلىق شائىر لۈتپۇللادەك توغرا ۋە جايىدا تاللانغان بەدىئىي ۋاستىلەر بىلەن جانلاندۇرۇپ، شېئىرىي پىكىرنى بىر ـ بىرىگە زەنجىرسىمان باغلانغان سۈرەتلەرگە سىڭدۈرۈپ، ۋاقىتنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى قانۇنىيەتنى مانا شۇنداق بايان قىلىپ بېرەلىشىدە! بۇنداق ئابستراكت پىكىرلەرنى توغرا، جانلىق ۋە گۈزەل شېئىرىي ئوبرازلارغا سىڭدۈرۈپ بايان قىلىش ھەقىقەتەنمۇ شائىردىن كۈچلۈك ئەقىل ئىشلىتىشنى تەلەپ قىلىدىغان جاپالىق ئەمگەك ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر شائىر جاپالىق ئەقىل ئىشلەتمىسە، كۆپىنچە ھاللاردا، تىزىلغان مىسرالار شېئىرىي پىكىرنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن شېئىرىي سۈرەتلەر بولماي، ئادەتتىكى ئابستراكت سۆزلەر تىزمىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئوغرىلاپ قاچىدۇ ئارقىغا باقماي،
بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ، يورغىلىشىپ.

قارىماققا بۇ ئىككى مىسرادا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ئالدىنقى كۇپلېتتىكى پىكىرلەرنىڭ تەكرارلىنىشىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. يىللار ـ ئوغرى، يىللار ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئارقىسىغا قارىماستىن ئوغرىلاپ قېچىۋېرىدۇ. شائىر بۇ ئارقىلىق يىللارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكىنى ـ كەينىگە يانمايدىغان، ئالدىغا قاراپ كېتىۋېرىدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئوغرىلانغان (ئۆتكەن) ئۆمۈرنىڭ يېنىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە يېڭى پىكىر. ۋاقىت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى بىر ئالاھىدىلىكنىڭ سۈرەتلىنىشى. شېئىرنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى: شائىر دېمەكچى بولغان ئوي ـ پىكىرنى ئۆز ئوقۇرمەنىگە يېپىدىن يىڭنىسىگىچە دەپ بەرمەيدۇ. بەلكى

شېئىرىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈپ، ئۆز ئۇقۇرمەنىنىڭ پىكىر قىلىشى جەريانىدا ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئېلىشىغا سۇنىدۇ. «ئويلىنىشقا قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلىگەن شېئىر ياخشى شېئىر» دېگەن چۈشەنچىنىڭ سىرى دەل مانا شۇنىڭدا!

ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار قانات قاقماي،
يوپۇرماقلار قۇيۇلىدۇ، پولۇشۇپ.

ئادەم ئۆمرى بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك. ياشلىق، ئوتتۇرا ياشلىق، ياشىنىش ۋە قېرىلىق دەيدىغان بىرقانچە جەريانلارغا بۆلىنىدۇ. بۇ جەريانلار ئىچىدە ياشلىق ئەڭ قىممەتلىك. ئەڭ قىسقا جەريان، ئۇ باھارغا ئوخشايدۇ. شائىر ياشلىقنى باھارغا ئوخشاتقانلىقىنى دېمىگەن بولسىمۇ، بۇلبۇللار پەقەت باھاردىلا بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايان. شائىر ئالدىنقى ئىككى مىسرادا ئوتتۇرىغا قويغان پىكرىنى تېخىمۇ دەلىللەش ئۈچۈن، ياشلىقنىڭ ئىنتايىن قىسقا ۋە تېز ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. ئادەمنىڭ مانا شۇ قىممەتلىك ياشلىق بېغى (دەۋرى) خۇددى باھاردەك تېز، يەنى بۇلبۇللار سايراپ قانات قاققىچە (جەۋلان قىلغىچە) ياشلىق بېغىنىڭ (دەۋرىنىڭ) يوپۇرماقلىرى (كۆڭلىرى) پۇرلىشىپ تۆكۈلىدۇ (تۆگەيدۇ). كۆڭلەرنىڭ يوپۇرماقلارغا ئوخشىتىلىشى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «بىر چوڭ دەرەخ، ئۇنىڭدا ئون ئىككى شاخ، ھەر بىر شاختا ئوتتۇز يوپۇرماق» دەيدىغان تېپىشمىقىدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئارقىلىق شائىر بىزگە ۋاقىت ـ ئۆمۈر، ئۆمۈر ـ ۋاقىت، شۇڭلاشقا بۇ تېز، تويدۇرماي ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆمۈرنىڭ قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىككىنچى كۇبلېتنىڭ 3 ـ 4 مىسراسىدىكى پىكىرلەر كىشىنى چوڭقۇر خىيالغا سالىدۇ: نېمىشقا ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار قانات قاقمايدۇ؟ (نېمىشكە ئادەمنىڭ ياشلىق دەۋرى جەۋلان قىلمايدۇ؟) نېمىشكە ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى پۇرلىشىپ تۆكۈلىدۇ؟ (نېمىشكە كۆنلىرى قەدىر ـ قىممەتسىز ئۆتۈپ كېتىدۇ؟)

باھار كەلسە، بۇلبۇللار سايراپ قانات قاققاندەك، ئادەم ئۆمرىنىڭ خۇددى باھاردەك گۈزەل ۋە قىممەتلىك دەۋرى بولغان ياشلىقمۇ، مەيلى قانچە تېز ئۆتۈشى، قىسقا بولۇشىغا قارىماي، جەۋلان قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ؟! بىزگە ئايانكى: ئادەمنىڭ ئادەملىك ھوقۇقى ۋە بەختى كۆلگەن ئەركىن ـ ئازادە دەۋردە، ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللار سايراپ قانات قاققان (ياشلىق دەۋرى جەۋلان قىلغان)، ئۇنىڭ ھەر بىر يوپۇرمىقى (كۈنى) پۇرلىشىپ قۇيۇلمىغان (قەدرى ـ قىممەتسىز نابۇت بولمىغان) بولاتتى. پەقەت ئادەملەر ئادەملىك ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولغان، زورلۇق ـ زومبۇلۇق ئەۋج ئالغان دەۋردىلا، ياشلىق جەۋلان قىلالماي، كۈنلىرى قەدرى ـ قىممىتىدىن ئايرىلىپ (پۇرلىشىپ) نابۇت بولىدۇ (قۇيۇلىدۇ). ئىنقىلابىي شائىر بۇ يەردە تولىمۇ ئۇستىلىق ـ ماھارەت بىلەن، ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنى ئوچۇق ـ ئاشكارە تىلغا ئالماي، بۇ مىسرالاردىكى شېئىرىي ئوبرازغا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

شېئىرنىڭ 3 ـ كۇبلېتى پۈتۈنلەي ياشلىقنى سۈرەتلەشكە قارىتىلغان. قارىماققا 2 ـ كۇبلېتنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدىن كېيىن، 3 ـ كۇبلېتتىكى شېئىرىي پىكىر بايان قىلىنسا توغرا بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما شائىر 2 ـ كۇبلېتنىڭ 3 ـ ، 4 ـ مىسرالىرىنى يېزىپ، ۋاقىتنىڭ تېز، تويدۇرماي ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىش بىلەن بىللە، ئەڭ مۇھىمى ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ۋەھشىلىكىنى ئېچىپ تاشلىدى.

بۇ يەردە كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان مۇھىم مەسىلە بار: شائىر نېمە ئۈچۈن قاباھەتلىك دەۋردىكى ئادەم ھاياتىنىڭ بىر پۈتۈن خاراپ بولۇۋاتقانلىقىنى يازماي، پەقەت ياشلىقنىڭلا خاراپ بولۇۋاتقانلىقىنى يازدى؟ مېنىڭچە، بۇنىڭدا ئىككى سەۋەب بار: بىرى، ياشلىق ئادەمنىڭ باھارى، بۇلبۇللار قانات قاقىدىغان دەۋرى، كېيىنكى ئۆمرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھالقىلىق مەزگىلى، كېيىنكى ئۆمرىگە ھۇل سېلىش پەيتى. دېھقان باھار پەيتىنى چىڭ تۇتۇپ، يەرنى ئوبدان ھايداپ، ئۇرۇقنى ۋاقتىدا چۈكتۈرەلىسە ۋە ئوبدان پەرۋىش قىلالىسا، كۈزدە مول ھوسۇل ئېلىپ، قىشنى خوزۇر ـ ھالاۋەتتە ئۆتكۈزىدۇ. ياشلىقمۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى، غەيرەت ـ جاسارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كېيىنكى ھاياتىغا ئوبدان ھۇل سالالىسا، كېيىنكى ھاياتى كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ. لېكىن، ياشلىق غەيرەت ـ جاسارەت، ئەقىل ـ پاراسەتنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا لايىق مەيدانغا ـ زامانغا مۇھتاج، بۇنداق مەيدان ـ زامان بولمىسا، ياشلىق خاراپ بولىدۇ. ياشلىقى خاراپ بولغان ئادەملەرنىڭ تەبىئىي ھالدا كېيىنكى ئۆمرىمۇ خارۇ ـ زارلىقتا ئۆتىدۇ. شائىر جاللات شىڭ شىەي دەۋرىدىكى ياشلىقنىڭ خاراپ بولۇۋاتقانلىقىنى ۋەكىللىك خاراكتېرىدە تەسۋىرلەپ، ئادەم ئۆمرىنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنى سۈرەتلەپ بەردى. يەنە بىرى: لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ شېئىرنى يازغان دەۋردە 22 ياشتىكى يىگىت ئىدى. ئۇ شېئىرنىڭ كېيىنكى بۆلەكلىرىدە، ياشلىقنى خاراپ قىلىۋاتقان دەۋرگە جەڭ ئېلان قىلماقچى ئىدى. «قۇربان بولغانلار قەبرىسىنى يادلاپ گۈللەر ياپىدىغان» ئىز باسار ـ ياش شائىر ئۆز ۋەھشىلىكى ۋە زوراۋانلىقى بىلەن «قاقاقلاپ كۈلۈۋاتقان» يىللار قوينىدا تاۋلىنىپ، شېئىرلىرىنى يۇلتۇز قىلىپ ياندۇرۇپ، «ملتىق ئېتىپ تاۋلانغان قولغا» ئېسىلىشى كېرەك ئىدى. پەقەت ئۆزىنى ئازاتلىق ـ ئەركىنلىك ئۈچۈن بولىدىغان ئۇلۇغ جەڭگە ئاتىغاندىلا، ياشلىق قەدرى ـ قىممىتىنى تاپاتتى. شۇڭلاشقا شائىر بۇ يەردە ياشلىقنى ـ خاراپ بولۇۋاتقان ياشلىقنى ئالاھىدە تەسۋىرلەپ، كېيىنكى بۆلەكلەر ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىدى.

بۇ كۇبلېتتا شائىرنىڭ ماھارىتى: ئادەم ئۆمرىنى ئۇغۇرلاپ قېچىۋاتقان يىللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ گۈزەل ئوبرازلاشتۇرۇپ، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارە ئېيتماسلىق ئالاھىدىلىكى بويىچە، شېئىرىي

پىكرنى شېئىرىي ئوبرازغا سىڭدۈرگەنلىكىدە، ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ياشلىقنىڭ خاراپ بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىنسان هاياتىنى نابۇت قىلىۋاتقانلىقىنى پاش قىلىشىدا كۆرۈلىدۇ. شۇنى ئالاهىدە تەكىتلەش كېرەككى، شېئىرىي پىكىر شېئىرىي ئوبرازغا قانچىلىك ياخشى سىڭدۈرۈلسە، شېئىر ئۆز ئالاهىدىلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان جۇلالاندۇرۇپ، ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئۆيلىنىشىنى جانلاندۇرىدۇ. بۇنداق شېئىر قايناۋاتقان بۇلاققا ئوخشايدۇ.

ياشلىق - ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېچىكى،
تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ئۆمرى بىراق.

ياشلىق ئادەم ئۆمرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاهىدىلىككە ئىگە بىر مەزگىلى. بۇ ئالاهىدىلىك 1- مىسرادىكى هالقىلىق سۆز - «زىلۋا» ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. ئادەتتە «زىلۋا» سۆزى ئادەملەرنىڭ بويىغا، بولۇپمۇ قىز - چوكانلارنىڭ بويىغا قارىتىپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز ئىدى. شائىر بۇ سوزنى ياشلىققا ئىشلىتىپ، ئۇنىڭغا يېڭى خىزمەت ئورنى تېپىپ بەردى. «زىلۋا» سۆزى «ئىنچىكە»، «نازۇك» دېگەن مەنالارنى بېرىش بىلەن بىللە، «چىرايلىق»، «گۈزەل» دېگەن مەنالارغىمۇ ئىگە. ئۇيغۇرلاردا «زىلۋا بويلۇق» نى ياخشى كۆرىدىغان ئادەت بار. ئۇيغۇرلار زىلۋا (ئىنچىكە، نازۇك) قامەتنى چىرايلىق، گۈزەل دەپ قارايدۇ. دېمەك، «زىلۋا» سۆزى هەم ئىنچىكە، نازۇك دېگەن مەنانى، هەم چىرايلىق، گۈزەل دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ.

ياشلىق - ئادەمنىڭ گۈزەل چېچىكى، شۇنداقلا نازۇك چېچىكى: ئۇنىڭ نازۇكلۇقى ئىككىنچى مىسرادىكى هالقىلىق سۆز - «قىسقا» لىقىدىن كەلگەن. ياشلىق ئادەمنىڭ باهاردەك گۈزەل مەزگىلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىسقا؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ گۈزەل مەزگىل ئىنتايىن نازۇك بولىدۇ. ياشلىق ئىگىسى ئۆز ياشلىقىغا توغرا مۇئامىلە قىلمىسا، هەش- پەش دېگىچە ئۆتۈپ كېتىپ، ئادەمنى مەڭگۈلۈك پۇشايمانغا قويىدۇ.

بىرىنچى مىسرانىڭ يۈرىكى «زىلۋا» دېگەن سۆز بولسا، ئىككىنچى مىسرانىڭ يۈرىكى «قىسقا» دېگەن سۆز بولۇپ، بۇ ئىككى سۆز بۇ ئىككى مىسراغا هاياتلىق بېغىشلىغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، مىسرالاردا هەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان سۆزلەر بولىدۇ. ئەگەر بۇ هالقىلىق سۆزلەر توغرا تاللانمىسا، شۇ مىسرالار «ساغلاملىقىنى» يوقىتىپ، «كېسەلگە» گىرىپتار بولىدۇ. بۇنداق هالقىلىق سۆزلەر تېخىمۇ توغرا تاللىنىشى، شېئىرىي پىكرنى چوڭقۇر ئىپادىلەيدىغان بولۇشى تېخىمۇ مۇهىم. شۇ چاغدىلا بۇ مىسرا، بۇ مىسرادىكى شېئىرىي پىكىر جەۋلان قىلىدۇ. ئادەتتە چىرايلىق ۋە نازۇك بويلارغا سۈپەت قىلىنىدىغان «زىلۋا» سۆزىنى ياشلىققا سۈپەت قىلىپ تاللىغان شائىرنىڭ سۆز تاللاش ماهارىتىگە قايىل بولىمىز. تۇرمۇشتا بەزى سۆزلەر خۇددى «زىلۋا» سۆزىدەك قەددى- قامەتكىلا، مەلۇم بىر نەرسىگىلا ئىشلىتىلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. شائىر ئەقىل ئىشلىتىپ، بۇ سۆزنى يېڭى خىزمەت ئورنىدا توغرا جەۋلان قىلدۇرالىسا، يېڭىلىق ياراتقان هېسابلىنىدۇ.

يىرتىلسا كالىنىدارنىڭ بىر ۋارىقى،
ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق.

ياشلىق ئادەم ئۆمرىدىكى قىسقا بىر مەزگىل. ئۇ، ۋارىقى يىرتىلمايدىغان كالىنىدار، يوپۇرمىقى تۆكۈلمەيدىغان گۈل ئەمەس؛ بەلكى بىر كۈن، بىر كۈندىن ئۆتۈپ تۈگەيدىغان، بىر يوپۇرماق، بىر يوپۇرماقتىن تۆكۈلۈپ تۈگەيدىغان كالىنىدار ۋە گۈل. كالىنىدارنىڭ بىر ۋارىقى يىرتىلسا (بىر كۈن ئۆتۈپ كەتسە)، ياشلىق گۈلىدىنمۇ بىر يوپۇرماق تۆكۈلىدۇ (ياشلىقنىڭمۇ بىر كۈنى تۈگەيدۇ). كالىنىدار بىر ۋاراق، بىر ۋاراقتىن يىرتىلىپ تۈگىگەندەك، ياشلىق گۈلىنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ بىر- بىردىن تۆكۈلۈپ تۈگەيدۇ. ياشلىق مەيلى قانچىلىك گۈزەل بولمىسۇن (شائىرنىڭ ياشلىقنى گۈلگە ئوخشاتقانلىقىغا دىققەت قىلىڭ)، ئۇ قىسقا بولۇپ، ياشلىق ئىگىسى كالىنىدار بىر ۋاراق، بىر ۋاراقتىن يىرتىلىپ تۈگىگەندەك، ياشلىق گۈلىمۇ بىر يوپۇرماق بىر يوپۇرماقتىن تۆكۈلۈپ تۈگىگەنلىكىنى تۇيماي قالىدۇ.

بۇ ئىككى مىسرادا شائىرنىڭ تالانتى ۋە ماهارىتى تولىمۇ جايىدا ۋە ئاجايىپ گۈزەل ئىشلەتكەن ئوخشىتىشلىرىدا كۆرۈلىدۇ. ۋارىقى يىرتىلىۋاتقان كالىنىدار بىلەن يوپۇرمىقى تۆكۈلۈۋاتقان گۈل بىر- بىرىگە شۇنچىلىك هەم باغلانغانكى، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە گەپ ۋاقىت ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقتىن، كالىنىدارنىڭ تاللىنىشى ئادەمنى تېخىمۇ قايىل قىلىدۇ. هەرقانداق ئوقۇرمەن بۇ مىسرالارنى ئوقۇغاندا، شائىرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە ۋە ماهارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايدۇ. شېئىرنىڭ ئالاهىدىلىكى، شائىرنىڭ ئالاهىدىلىكى دەل مانا شۇنىڭدا! بەزىلەر: «شېئىرنىڭ سىرى يوق!» دېيىشىدۇ، مەن بۇ كۆز قاراشقا قوشۇلالمايمەن! سىر دېگەن نېمە؟ سىر دېگەن ئالاهىدىلىك! سىرى بولمىغان، ئالاهىدىلىكى بولمىغان هەرقانداق شەيئى، جۈملىدىن شېئىر ۋە شائىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

يىللار شاملى يەلپۈنىدۇ، ئىزلار كۆمۈلىدۇ،
يوپۇرماقسىز ياغاچ بىچارە بولىدۇ... قاخشال.

شامال هەرىكەتچان، ئۇنىڭ يەلپۈنىشى هەرىكەتچانلىقنىڭ ئىپادىسى. يىللار شاملىمۇ هەرىكەتچان، ئۇمۇ توختىماي يەلپۈنۈپ (هەرىكەتلىنىپ) تۇرىدۇ. يىللارنىڭ بۇ هەرىكىتى نەتىجىسىدە، زېمىندىكى ئىزلار (بۇ زېمىندا ياشاپ ئۆتكەن ئادەملەرنىڭ ئىزلىرى) كۆمۈلىدۇ (يوقايدۇ). يىللار شاملىنىڭ يەلپۈنىشى (هەرىكەتلىنىشى، ئۆتۈشى) بىلەن دەرەخلەرنىڭمۇ (هاياتلارنىڭمۇ) يوپۇرماقلىرى (كۈنلىرى) چۈشۈپ (تۈگەپ)، بىچارە قاخشال بولىدۇ (هاياتلىقتىن ئايرىلىدۇ).

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆلكەنلەرنىڭ ئىزىمۇ ئۆچىدۇ، كىشىلەر يادىدىن كۆتۈرۈلىدۇ: هاياتلارمۇ ياشايدىغان كۈنلىرى تۈگەپ هاياتلىقتىن ئايرىلىدۇ. مۇشۇنداق يىللار قوينىدا هايات بىر ئەۋلاتتىن يەنە بىر ئەۋلاتقا ئۆتۈپ داۋاملىشىدۇ. بۇ، ۋاقىت بىلەن ئادەمنىڭ ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىش قانۇنىيىتى.

«يىللارغا جاۋاب» شېئىرىدىكى يىللار قوش مەناغا ئىگە: بىرى ــ ئادەتتىكى يىللار؛ يەنە بىرى ــ شېئىرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى بولغان يىللار (دەۋر) دىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئىككى مىسرادا شائىر ئادەتتىكى يىللارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەسۋىرلەش بىلەن بىللە، يەنە ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ بايان قىلغان. بىزنىڭ بۇنداق دېيىشىمىزدە ئاساس بار: ئەقىل ئىشلىتىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئۇقۇرمەن تەبىئىي هالدا: ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق جەۋلان قىلغان دەۋردە، ئىنسانلار قالدۇرغان ئىزلار كۆمۈلمەيدۇ، بەلكى قەدىرلىنىپ تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇلىدۇ؛ پارلاق ئىزلارنى قالدۇرغان دەرەخلەر (ئادەملەر) هاياتلىقتىن ئايرىلسىمۇ، بىچارە بولمايدۇ، بەلكى بۇ پارلاق ئىزلارنى قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتكەنلەر كېيىنكىلەر تىلى ۋە دىلىدا هۆرمەتلىنىدۇ دەپ ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئىزلارنى كۆمۈۋاتقان يىللار (دەۋر) نىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق جەۋلان قىلىۋاتقان دەۋر ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ: دەۋر «ياشلىق بېغىدا بۇلبۇللارنى قانات قاقتۇرماي» لا (ياشلىقنى جەۋلان قىلدۇرمايلا) قالماستىن، بۇرۇنقىلار ياراتقان پارلاق مەدەنىيەتنى يوقىتىپ، هايات ئادەملەرنى هاياتلىقتىن ئايرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك، بۇنىڭدىنمۇ ۋەھشى، بۇنىڭدىنمۇ ئەكسىيەتچى دەۋر بولامدۇ؟ دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ.

بەزىلەر «يىللارغا جاۋاب» نى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ هەممە مىسرالىرىنى شىڭ شىسەي دەۋرىگە باغلاپ تەھلىل قىلىدۇ. شېئىر قوش لىنىيىلىك مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بىرى: ۋاقىت بىلەن ئادەمنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى پەلسەپە يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ بايان قىلسا، يەنە بىرى: شائىر ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىدۇ. شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە ۋاقىت بىلەن ئادەمنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىشنى ئاساس قىلىپ، مەتبۇئات ئەركىنلىكى بولمىغان دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە «سۇنى سىڭدىغان يەرگە سېپىش، سۆزنى پۇرسىتىنى تېپىپ قىلىش» دېيىدىغان روھ بويىچە، مۇۋاپىق ئورۇنلاردا ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ ئەكسىيەتچى ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. شېئىرنى ۋە ئۇنىڭ هەر بىر مىسراسىنى كونكرېت تەھلىل قىلماي، قارىسىغىلا هەممە مىسرالاردىن زورمۇ زور شىڭ شىسەي دەۋرىنى پاش قىلىدىغان مەزمۇننى ئىزدەش ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس.

بۇ ئىككى مىسرانىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكىنى تەھلىل قىلغاندا، ئەڭ ئالدى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ باي تەسەۋۋۇرغا ئىگە شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرستىش كېرەك. شائىر تەسەۋۋۇرغا باي، باي بولغاندىمۇ يۇقىرى دەرىجىدىكى باي بولمىسا، ياخشى شائىر بولالمايدۇ. تۇرمۇشتىكى ئادەم ياكى هادىسىلەرنى ئۆز پېتى تەسۋىرلەيدىغان شېئىرلار تولىمۇ ئاددى كېلىدۇ، ئۆز ئوقۇرمەننى خىيالغا سالالمايدۇ. بۇنداق شېئىرلارنىڭ ئىكىسى تەسەۋۋۇر قانىتىغا ئىگە ئەمەس. ئۇ، تۇرمۇشنىڭ ئاددى، تۈز سىزىقلىق، هەممە نېمىسى ئاشكارە كۆرۈنۈشلىرىدە پالاقلاپ يۈرىدىغان قاناتسىز قۇشتىنلا ئىبارەت.

لۇتپۇللا بۇ ئىككى مىسراسىدا ئاجايىپ بىر دۇنيانى سۈرەتلەپ بېرىدۇ:

يىللار شاملى يەلپۈنمەكتە (چىقماقتا)، ئۇ توپا- چاڭ، قۇم ـ شېغىللارنى ئۇچۇرۇپ، ئىزلارنى كۆممەكتە؛ دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى تۆكۈپ، يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرماقتا، يوپۇرماقلىرىدىن ئايرىلغان دەل- دەرەخلەر قاخشالغا ئايلانماقتا... بۇ تەسۋىرلەردىن بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا قۇتراۋاتقان بوران، ئىزلار كۆمۈلىۋاتقان، يوپۇرماقلار تۆكۈلۈپ دەل- دەرەخلەر قاخشال بولۇۋاتقان دەھشەتلىك دۇنيا سۈرەتلىنىدۇ. پىكىر قىلالايدىغان هەرقانداق ئادەم تەبىئەتنىڭ بۇ پاجىئەلىك سۈرىتىدىن شۇ دەۋرنىڭ قورقۇنۇچلۇق مەنزىرىسىنى كۆرۈپ ئالالايدۇ. جاللات شىڭ شىسەي دەۋرى خۇددى شائىر تەسۋىرلىگىنىدەك دەھشەتلىك ئەمەسمىدى!؟ شىڭ شىسەي دەۋرى شىنجاڭدىكى هەر مىللەت خەلقى ياراتقان پارلاق مەدەنىيەت ئىزلىرىنى يوقىتىپ، نەچچە يۈز مىڭ ئادەمنى ۋەھشىلەرچە هاياتىدىن ئايرىغان دەۋر ئىكەنلىكى هەممىگە ئايان. شائىردا يۈكسەك دەرىجىدىكى تاللاش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى مىسرا شېئىر بىلەنلا، قانخور شىڭ شىسەي دەۋرىنىڭ دەھشەتلىك سۈرىتىنى سىزىپ بېرەلىدى. بولۇپمۇ بۇ نەتىجىگە شائىر باي، كۈچلۈك ۋە توغرا قىلىنغان تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن يېتەلىدى.

يىللار سېخى قۇرۇق كەلمەيدۇ، ئەكېلىپ بېرىدۇ،
قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال.

يىللار هەرىكەتچان، ئۇ يەلپۈنۈپ (ئۆتۈپ) تۇرىدۇ. نەتىجىدە ئىزلار كۆمۈلۈپ (بۇرۇنقىلار تۈگەپ)، دەل- دەرەخلەرنىمۇ (كېيىنكىلەرنىمۇ) يوپۇرماقلىرىدىن (ياشايدىغان كۈنلىرىدىن) ئايرىپ قاخشال قىلىدۇ (تۈگىتىدۇ). ئۆلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلگەن ياشلارنىمۇ قېرىتىدۇ (قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال ئەكېلىپ بېرىدۇ)، هايات مۇشۇ دىئالېكتىكا بويىچە داۋاملىشىدۇ، بىر ئەۋلاتنىڭ ئىزىنى يەنە بىر ئەۋلات بېسىپ، هايات توختىماي كېتىۋېرىدۇ. شائىر بۇ كۇبلېتنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسىدا ئىزلىرى كۆمۈلىۋاتقان، تۈگەۋاتقان ئالدىنقى ئەۋلات بىلەن ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ كەلگەن ئىككىنچى ئەۋلاتنىڭمۇ قېرىيدىغانلىقىنى، ئاخىرى ئالدىنقى ئەۋلاتتەك بۇ ئەۋلاتمۇ تۈگەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ، ئادەم ئۆمرىنىڭ باقىيلىق (مەڭگۈلۈك) ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. شۇنداق قىلىپ، شائىر ئۆز شېئىرىنىڭ بىرىنچى بۆلىكىگە،

ۋاقىت بىلەن ئادەم ئۆمرىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىگە خۇلاسە ياساپ: ۋاقىت مەڭگۈلۈك، ئادەم ئۆمرى چەكلىك دېگەن پەلسەپىۋى پىكرىنى كۆتىرىپ چىقىدۇ.

بۇ كۇبلېتنىڭ كېيىنكى ئىككى مىسراسىدا تۇرمۇشتىكى كونكرېت ۋەقە - ھادىسىلەر ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش سەنئىتى تولىمۇ گۈزەل ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇرلاردا بىر يەرگە بارسا، سوغا سالام ئېلىپ بېرىش ئادىتى بار. شائىر بۇنىڭدىن ئادەتتىن تاشقىرى ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، يىللارنى سوغا سالام بىلەن كېلىدىغان مېھمان قىلىپ ئوبرازلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان سوغا سالىمى قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا: يىللار قىزلارغا قورۇق، ئەرلەرگە ساقال (بۇ تەسۋىرلەر كونكرېت، ئوبرازلىق) ئېلىپ كېلىدىغان سېخى مېھمان سۈپىتىدە ئوبرازلىنىدۇ. بۇ يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مەۋھۇم (ئابستراكت) ئۇقۇمنى ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن باشقا بىر خىل ئۇسۇل بولۇپ، مەۋھۇم ئۇقۇمنى ئوبرازلىق سۈرەتلەر ئارقىلىق ئوبرازلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت.

يىللارغا جاۋابنىڭ بىرىنچى بۆلىكىدە: يىللار ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان ئوبيېكتىپ تەبىئەت ھادىسى: ئۇ كەينىگە قارىماي، خۇددى يورغا ئاتتەك، تىللاش ۋە قاغىشلاردىن قارىلانماي (يامان بولماي)، كالىندارنىڭ ۋارىقىنى بىر- بىردىن تۆكۈپ، ئادەم ئۆمرىنى ئۇغۇرلاپ ئۆتتۈۋېرىدۇ؛ ئادەمنىڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ نازۇك چېغى ياشلىقمۇ شۇنچىلىك قىسقىكى، بۇلبۇللار قانات قاقا - قاقمايلا باھار تۈگىگەندەك تۈگەيدۇ. ئالدىنقىلار ئۆلۈپ، ياشلار قېرىيدۇ؛ ۋاقىت بىلەن ئادەمنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىدە ۋاقىت مەڭگۈلۈك، ئادەم ئۆمرى چەكلىك بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەت ئەنە شۇنداق داۋاملىشىۋېرىدۇ دېگەن مەزمۇن بايان قىلىنىدۇ. «يىللارغا جاۋاب» قوش مەزمۇنلۇق شېئىر بولۇپ، يۇقىرىدا خۇلاسىلىگىنىمىز ئۇنىڭ بۇ بۆلىكىنىڭ بىر مەزمۇنى. يەنە بىر مەزمۇنى: يىللار - شائىر ياشىغان دەۋرنىڭ (جاللات شىڭ شىسەي دەۋرىنىڭ) سىمۋوللۇق ئاتىلىشى بولۇپ، بۇ دەۋرنىڭ ياشلىقنى جەۋلان قىلدۇرمايدىغان، بەلكى خاراپ قىلىدىغان، پارلاق ئىزلارنى ئۆچۈرۈپ، ئادەملەرنى قاخشال قىلىدىغان - تۈگەشتۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

شائىر بۇ مەزمۇنلارنى تۆۋەندىكىدەك ئوبراز ياساش ئۇسۇللىرى بىلەن ئوبرازلاشتۇرغان:

بىرىنچى: مەۋھۇم ئۇقۇمنى ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن ئوبرازلاشتۇرغان؛

ئىككىنچى: باي، كۈچلۈك ۋە توغرا قىلىنغان تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن سىمۋوللۇق سۈرەت سىزىپ ئوبرازلاشتۇرغان؛

ئۈچىنچى: مەۋھۇم ئۇقۇمنى ئوبرازلىق سۈرەتلەر بىلەن ئوبرازلاشتۇرغان.

شائىر بۇ مەزمۇنلارنى بايان قىلىشتا، تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللاردىن نەتىجىلىك پايدىلانغان:

بىرىنچى: شېئىرنى ئاساسىي تېمىدىنلا باشلاش؛

ئىككىنچى: شېئىرىي مەزمۇننى توغرا ئىپادىلەپ بېرىدىغان بەدىئىي ۋاستە تاللاش؛

ئۈچىنچى: شېئىرىي مەزمۇننى تەكرارلىغاندەك كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىش؛

تۆتىنچى: ئوچۇق- ئاشكارە دېيىشكە بولمايدىغان شېئىرىي مەزمۇننى تەسەۋۋۇر ياردىمى بىلەن سىمۋوللۇق سۈرەت سىزىپ، سۈرەت ئىچىگە يوشۇرۇپ ئورنىغا قويۇش؛

بەشىنچى: ئالدىنقى كۇبلېت ياكى ئالدىنقى بۆلەكتە كېيىنكى كۇبلېت ۋە كېيىنكى بۆلەكتىكى شېئىرىي مەزمۇن ئۈچۈن زېمىن ھازىرلاش ۋە باشقىلار.

سۆز تاللاش ماھارىتى

بىرىنچى: ئاز سۆز بىلەن كۆپ مەنا بېرىش؛

ئىككىنچى: شېئىرىي مەزمۇننى ئەڭ توغرا، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ جانلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە شېئىرىي مەزمۇن ۋە شېئىرىي ئوبرازغا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك مۇناسىۋىتى بار سۆزلەرنى تاللاش؛

ئۈچىنچى: مەۋھۇم پىكرنى مەۋھۇم سۆزلەر بىلەن ئەمەس، ئوبرازلىق سۆز، سۈرەتلىك سۆز بىرىكمىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەش؛

تۆتىنچى، ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرگە يېڭى مەنا، يېڭى خىزمەت ئورنى تېپىپ بېرىش ۋە باشقىلار.

بىراق يىللارنى تىللاش توغرا كەلمەيدۇ،
مەيلى ئۆتتۈەرسۇن، ئۆزىنىڭ يولى...
ئادەملەرمۇ ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدۇ،
چۆللەرنى بوستان قىلغان ئادەملەر قولى.

بۇ كۇبلېتنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسى بىرىنچى بۆلەكنىڭ خۇلاسىسى، كېيىنكى ئىككى مىسرا ئىككىنچى بۆلەكنىڭ باشلىنىشى بولۇپ، بۇ كۇبلېتنى ئىككى بۆلەك ئوتتۇرىسىدىكى كۆۋرۈك دېيىشكە بولىدۇ.

شائىر ۋاقىت بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى سۆزلىنىدىغان بىرىنچى بۆلەكتىن خۇلاسە چىقىرىپ، ۋاقىت ئادەملەر ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆتتۈەرسۇن، بۇ ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغان ۋاقىتنىڭ ئۆز يولى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ئۇنى تىللىشى توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئارقىدىنلا ئادەم بىلەن ۋاقىتنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتى سۆزلىنىدىغان بۆلەكنى تەبىئىي ۋە توغرا باغلاپ، ئادەملەرنىڭمۇ ئۆز يولى بىلەن، ئادەملەر ئىرادىسىگە بويسۇنماي كېتىۋاتقان ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئوتتۇرا مەكتەپ دەرسلىكلىرىدىكى شېئىرلارنى مۇشۇنداق تەھلىل قىلساق، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەھلىل قىلىش ۋە يېزىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگىلى بولامدۇ؟ مېنىڭچە بۇ، ئوتتۇرا مەكتەپ تىل- ئەدەبىيات ئوقۇتۇشىدا مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە. (04)

# «غەزەپ ۋە زار» تېكىستىنىڭ ۋەزىن نۇقسانلىرىغا تۈزىتىش

كامىل رەھىم

(ئۈرۈمچى چوڭلار مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن)

ئۆز دەۋرىنىڭ يالقۇنلۇق شائىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زامانىمىزنىڭمۇ مەشھۇر شائىرى دەپ سانىلىپ كېلىۋاتقان بۈيۈك ئەدىب ئابدۇخالىق ئۇيغۇر گەرچە 30 ـ يىللاردىكى شائىر بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز قولىيازمىسى بىلەن دەۋرىمىزگىچە تولۇق يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى شائىرنى جاللات شېڭ شىسەي باشچىلىقىدىكى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى قاتتىق تەقىب ئاستىغا ئالغانلىقى، ئەسەرلىرىگە ئۆز دەۋر مەتبۇئاتلىرىدىن يېتەرلىك ئورۇن بېرىلمىگەنلىكى تۈپەيلى، شائىرنىڭ كۆپ ساندىكى نادىر ئەسەرلىرى مەتبەئە يۈزىدە ئەمەس، خەلقىمىزنىڭ قەلب خاتىرىلىرىدە ساقلىنىش ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى يادقا ئېلىپ بەرگۈچىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى شېئىرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ئەھمىيەت بېرىپ، ۋەزىننىڭ ئىنچىكە نۇقتىلىرىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرەلمىگەن ھەمدە بەزى سۆزلەرنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش، قوشۇپ قويۇش، چۈشۈرۈپ قويۇشتەك خاھىشلاردىن خالىي بولالمىغان. بۇ كۆز قارىشىمنى شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى بۈگۈنكى زاماندا نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ بىر شېئىرنىڭ نەچچە خىل ۋارىيانتلىق مىسرالىرى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەنلىكىگە ئاساسەن ئېيتىۋاتىمەن. يەنە بىر تەرەپتىن، شائىر ھېسسىيات ۋە پىكىر قوزغىلىشىپ، بەزى مىسرالارنىڭ ۋەزىن ئۆلچىمىگە دىققەت قىلمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەر ھالدا، بۇ ئىككى خىل ئېھتىماللىقنىڭ بولۇشى تەسەۋۋۇرىمىزغا يېقىن.

مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىمدىكى مەقسەت شۇكى، تولۇق 1 ـ يىللىقتىكى «ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارنىڭ نەزەرىيىسى» نى سۆزلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ شۇ سۆزلىگەن نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىغا مىسال تەرىقىسىدە بېرىلگەن بۇ شېئىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىگە چۈشمەيۋاتقان بىر نەچچە مىسرالىرى ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى قىيناۋاتقانلىقى، ئالدىنقى سائەتتە سۆزلەنگەن ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ـ ئۆلچەملەرنىڭ بۇ مىسرالاردا ئىسپاتلىنالمايۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ ۋە مېنىڭ ئىچىمنى خېلى پۇشۇردى. شۇ سەۋەپتىن، بۇ توغرىدا سۆز ئېچىشقا جۈرئەت قىلدىم. بۇ خىل ئەھۋال نىم شېھىتنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» شېئىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. مەن ماقالىنىڭ ئاخىرىدا «بىلىم ئىشقىدا» شېئىرىغا ئەسكەرتىش بېرىمەن. كىتابخانلارنىڭ سوغاققانلىق بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

«غەزەپ ۋە زار» دىن ئىبارەت بۇ شېئىر ئۈچ پائىلاتۇن، بىر پائىلۇن ۋەزنىدە يېزىلغان. مەن تۆۋەندە پەقەت شېئىرنىڭ بۇ ۋەزنىگە چۈشمىگەن مىسرالىرى ئۈستىدىلا توختىلىپ، نېمە ئۈچۈن چۈشمىگەنلىكى، ئۇنى قانداق قىلغاندا ۋەزنىگە چۈشەرگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىمەن.

ئۈچىنچى كۇپلېت ئىككىنچى مىسرا:

«بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمان \ بىغەم باھارى گۈلنى»

–V– –  \  – – –V  \  – –V–  \  – –V–

پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ مەپائىلۇن \ مۇستەپئىلۇن

بۇ مىسرادىكى تەپئىلەر ئىسخېمىسىنىڭ بىر خىل بولماسلىقى بىر «بىغەم» سۆزىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشماي قالغانلىقىدىن بولغان، يەنى بۇ مىسرادا ئۈچىنچى تەپئىلىنىڭ ئىككىنچى بوغۇمى قىسقا « ∪ »(ئوچۇق بوغۇم) بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەمما «بىغەم» سۆزىنىڭ «غەم» بوغۇمى ئۇزۇن « - » (يېپىق بوغۇم) بولۇپ، قىسقا بوغۇم ئورنىنى ئىگىلىۋالغان، شۇ سەۋەبلىك، تەپئىل پائىلاتۇن بولماي، مەپائىلۇن بولۇپ، تەپئىل بىرلىكى بۇزۇلۇش بىلەن، مىسرانىڭ ئاھاڭى ئالدىنقى مىسرا ئاھاڭىغا ئوخشىماي، شېئىرىي ۋەزىن بۇزۇلغان. بۇنى بەزىلەر «غەم» بوغۇمىنى زورمۇزور كۈچەپ تېز ئوقۇپ، قىسقا بوغۇم قىلماقچى بولىدۇ، ئەمما ئۇلار شېئىرنى ئوقۇپ شۇ بوغۇمغا كەلگەندە، ئالدىنقى مىسرالاردەك يەڭگىل، راۋان، سىلىق بولماي، بىر دوقاقا دۇچ كېلىۋاتقاندەك قېلىنىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ۋە بىزمۇ ھېس قىلىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى ـ ئارۇز ۋەزىن قائىدىسىدە يېپىق بوغۇم مۇتلەق ئۇزۇن بولىدۇ. قىسقا بوغۇم ئورنىدا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. بۇ ھەرگىز ئوچۇق بوغۇملارنى (قىسقا بوغۇمنى) ئۇرغۇ چۈشۈرۈپ، ئۇزۇن بوغۇم (يېپىق بوغۇم) ئورنىدا ئىشلىتىشكە ئوخشىمايدۇ. بىز بۇ مىسرانىڭ ئاھاڭدارلىقىنى توغرىلاش ئۈچۈن، مىسرانىڭ مەزمۇن پىكرىگە قىلچە چېقىلمىغان ئاساستا مۇنداق تۈزىسەك، مەسىلە ئاسان ھەل بولىدۇ:

«بىر پۇراپ ئۆلسەم نە ئارمان \ گۈل بىغەم باھارىنى»

–V–  \  – –V–  \  – –V–  \  – –V–

پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلۇن

بۇنىڭدا مىسرا ۋەزىن جەھەتتە ئوڭشىلىپلا قالماستىن، 4 ـ تەپئىلدىكى بوغۇمنىڭ ئارتۇقچىلىقىمۇ تۈزۈلۈپ، سۆزلىگەن نەزەرىيىمىزگە تولۇق ئۇيغۇنلىشىدۇ.

تۆتىنچى كۇپلېت ئىككىنچى مىسرادا بىر بوغۇمنىڭ كاملىقى تۈپەيلىدىن، مىسرانىڭ ئاھاڭدارلىقى، ۋەزىن سۈپىتى بۇزۇلغان. مەسىلەن: بىرىنچى مىسرا بىلەن ئىككىنچى مىسرانى تەپئىل سىزىقى بويىچە سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

«دوستلىرىم ئوۋۇغا \ چىقاردا \ كەلتۈرۈپ مىسالىغا»

–V–  \  – –V–  \  – –V–  \  – –V–

«قارچىغا قوشلار ئۇلار، مەن \ مىسالى سارىمەن»

–V  \  – – –V  \  – –V–  \  – –V–

پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ مەپائىلۇن \ پەئۇل

بۇنىڭدىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، ئىككىنچى مىسرانىڭ ئۈچىنچى تەپئىلى مۇستەپئىلۇن تەپئىلى بولۇپ قېلىپ، ۋەزىن بۇزۇلغان ھەمدە تۆتىنچى تەپئىل گۇرۇپپىسىدا بىر بوغۇم كام قالغان. بۇ مىسرانىڭ ۋەزىن، ئاھاڭىنىڭ بۇزۇلۇشى دەل بىر بوغۇمنىڭ كاملىقىدىن كېلىپ چىققان دەپ قارايمەن. بۇ خاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن، بىز شېئىرىيەتتىكى «كى» دىن ئىبارەت بوغۇم تولدۇرغۇچىنى «ئۇلار» دېگەن سۆزنىڭ كەينىگە قويساق، ھەممە مەسىلە شۇنداق ياخشى ھەل قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

«قارچىغا قۇشلار ئۇلار كى\ مەن مىسالى\ سارىمەن»

—V— \ ——V— \ ——V— \ ——V—

پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلۇن

ئېھتىمال، بەزىلەر «كى» نىڭ ئورنىنى نىمىگە ئاساسەن «ئۇلار» نىڭ كەينىگە بېكىتتىڭ؟ دەپ سورىشى مۇمكىن، مېنىڭ بۇ سوئالغا جاۋابىم تۆۋەندىكىچە:

بۇ مىسرانىڭ ۋەزنى دەل «مەن» دېگەن سۆزدىن كېيىن بۇزۇلغان (يۇقىرىدىكى تەپئىل ئىسخېمىسىنى كۆرۈپ بېقىڭ). بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب: مىسرانىڭ ئۈچىنچى تەپئىل گۇرۇپپىسىنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ئۇزۇن «-» (يېپىق بوغۇم) بولماي، قىسقا « » (ئوچۇق بوغۇم) بولۇپ قالغان. شۇنداقلا بۇ بوغۇمغا ئورۇنغۇ چۈشمىگەنلىكتىن، ئۇزۇن بوغۇم ئورنىدا كېلەلمىگەن. بىز «كى» نى «مەن» دىن كېيىن قويساقمۇ بولىدۇ، بىراق «مەن» بىلەن «مىسالى» سۆزىنىڭ باغلىنىشلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «مەن» نىڭ ئالدىغا قويغىنىمىز مۇۋاپىق بولۇپ، «مەن» بىلەن «مىسالى» سۆزلىرىنىڭ مەنا باغلىنىشلىقى يىراقلاشمايدۇ. شۇڭا «كى» نى «مەن»نىڭ ئالدىغا قويغىنىمىز ئەڭ مۇۋاپىق.

يەتتىنچى كۇپلېتنىمۇ ئۈچىنچى كۇپلېتىكىدەك بىر بوغۇم ئارتۇق بولۇپ قېلىش سەۋەنلىكى بىلەن، قىسقا بوغۇم ئورنىغا ئۇزۇن بوغۇم («دائىم» دىكى «ئىم») كېلىپ قېلىش ئەھۋالى يۈز بېرىپ، ۋەزىن ئاھاڭدارلىقى بۇزۇلغان. بىز «دائىم» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «گاھ» دېگەن سۆزنى قويساق، بوغۇم ئارتۇقچىلىقىمۇ، ۋەزىن بۇزۇلىشىمۇ تۈزىلىپ، مەسىلە ئاسان ھەل بولىدۇ. مەسىلەن:

«قولىدىن كەلمەيدۇ ئىش دەپ\ گاھ غىدىقلايدۇ مېنى»

—V— \ ——V— \ ——V— \ ——V—

پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلۇن

توققۇزىنچى كۇپلېت ئىككىنچى مىسراسىدا بىر بوغۇم كاملىق مەسىلىسى يۈز بېرىش بىلەن ۋەزىن، ئاھاڭ تۈپتىن بۇزۇلغان. مەسىلەن:

«ئاھ قاچان بىر\ يول تېپىپ قوشۇلاي قاتارىمەن»

—V \ ———V \ ——V— \ ——V—

پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ مەپائىلۇن \ پەئۇل

بۇ سەۋەنلىكنى تۈزىتىش ئۈچۈن، بىز «تېپىپ» سۆزىنىڭ كەينىگە «مەن» دېگەن سۆزنى قويساق، مەسىلە تولۇق ھەل بولىدۇ. مەسىلەن:

«ئاھ قاچان بىر\ يول تېپىپ مەن\ قوشۇلاي قاتارىمەن.»

—V— \ ——V— \ ——V— \ ——V—

پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلۇن

10- كۇپلېت 1- مىسراسىدا ئوخشاشلا 9- كۇپلېتتىكى بىر بوغۇم كاملىق ئەھۋالى مەۋجۇت. بۇ مىسرادىكى مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، بىز «چۆل» سۆزىگە «لەر» قوشۇمچىسىنى قوشۇپ ئالساق، مەسىلە ھەل بولىدۇ. مەسىلەن:

«سۇغا تەشنادۇر بۇ چۆللەر\ بىپايان مۇنبەت يېرى»

—V— \ ——V— \ ——V— \ ——V—

پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلۇن

11- كۇپلېتنىڭ ھەر ئىككى مىسراسىدا بىر بوغۇم كاملىق ئەھۋالىدىن ۋەزىن بۇزۇلغان. بىز بۇنىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇل بويىچە مۇنداق تۈزىسەك مەسىلە ھەل بولىدۇ: 1- مىسرادىكى «مەشرىق» سۆزىگە «لەر» قوشۇمچىسىنى، 2- مىسرادىكى «ئويغۇدا» سۆزىدىن كېيىن «نە» قوشۇمچىسىنى قوشۇش كېرەك.

13- كۇپلېتتىكى 1- مىسرادا ئۇزۇن - قىسقا بوغۇملارنىڭ ئۆزئورنىنى ئالمىشىپ كېتىشى بىلەن ۋەزىن تۈپتىن بۇزۇلغان. بۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن «ئىلىم - پەندىن» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ، «پەن-ئىلىمدىن» قىلساق، «غەپلەت» سۆزىنىڭ ئورنىغا «ئاپەت» سۆزىنى قويساق، مەسىلە ئاسان ھەل بولىدۇ. مەسىلەن:

«پەن - ئىلىمدىن يوق خەۋەر\ باستى ئاپەت خەۋپ - خەتەر»

—V— \ ——V— \ ——V— \ ——V—

پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلاتۇن \ پائىلۇن

14- كۇپلېت 1- مىسراسىدا بىر بوغۇم ئارتۇق ھەم «دات» سۆزى قىسقا بوغۇم ئورنىغا كېلىۋېلىپ، ۋەزىن بۇزۇلغان. شۇڭا بىز بۇ مىسرادىن «دات» دېگەن سۆزنى چىقىرىپ تاشلىساق بولىدۇ.

15- كۇپلېتنىمۇ «زۇلۇمنىڭ» دېگەن سۆزدىكى ئىككىنچى بوغۇم «لۇم» قىسقا بوغۇم ئورنىنى ئىگىلىۋېلىپ، ۋەزنىنى بۇزغان. بىز «زۇلۇمنىڭ» دېگەن سۆزنى «بىز زۇلۇم» قىلىپ ئۆزگەرتسەك ۋەزىن تۈزۈلىدۇ.

16- كۇپلېتنىمۇ 15- كۇپلېتقا ئوخشاش «تاپمايسە» دېگەن سۆزدىكى «ماي» بوغۇمى قىسقا بوغۇم ئورنىنى ئىگىلىۋالغان. بۇ سۆزنى بىز «تاپمىغاي» قىلىپ ئۆزگەرتسەك ۋەزىن تۈزىلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك ۋەزىن جەھەتتىكى نۇقسانلار نىم شېھىتنىڭ «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن غەزىلىدە 13 ئورۇندا كۆرۈلگەن. بىزنىڭ بۇ تېكىستلەرنى ئۆتتۈۋاتقان ئوقۇتقۇچىلىرىمىز دەرس تەييارلاش ۋە ئۆتۈش جەريانىدا نۇقسانلارنى يۇقىرىقىدەك تۈزىتىپ ئۆتسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىنقى سائەتلەردە ئۆگەنگەن ئارۇز ۋەزنى ھەققىدىكى بىلىملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئاساس بولىدۇ. ھەممىدىن مۇھىمى، زېرەك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارۇز ۋەزىن قائىدىسى بىلەن ۋەزنىگە چۈشمىگەن مىسرالارنى تەھلىل قىلىپ، ئوقۇتقۇچىنى قېيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر ئوقۇتقۇچى دەرسكە پۇختا تەييارلىق قىلىپ، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم.(04)

# ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى دەرسىنى HSK بويىچە ئوقۇتۇش

جياڭ يۇڭ
(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش تەتقىقات بۆلۈمىدىن)

1. مىللىي مائارىپنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىختىساسلىق خادىملارغا بولغان ئېھتىياجىغا ماسلىشىش — بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مۇھىم ۋەزىپە. شۇڭا شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتى 1995- يىلى 9- ئايدىن باشلاپ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى بۆسۈش ئۆتكىلى قىلىپ، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى: HSK نى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىغا كىرگۈزۈش ۋە بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئىككى ئوقۇش مەۋسۇمىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بۇ تەجرىبە تېز ۋاقىت ئىچىدىلا ئومۇملاشتۇرۇلۇشقا ئېرىشتى. بۇنىڭ بىلەن HSK نىڭ ئادەتتىكى ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلىقى مۇقەررەرلەشتى. ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىنى قانداق قىلىپ بۇ خىل ئىسلاھاتقا ماسلاشتۇرۇش بىزنىڭ ئويلىنىشىمىزغا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ قالدى.

«Hányŭ shuĭpíng kăoshì» – HSK نىڭ باش ھەرپلىرىنىڭ ئېلىنىپ قىسقارتىلىشىدۇر. HSK مەخسۇس چەت ئەللىك مۇھاجىرلار، دۆلىتىمىزدىكى ئانا تىلى خەنزۇ تىلى بولمىغان ئاز سانلىق مىللەتلەر قاتارلىقلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى سىناش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن ئۆلچەملىك ئىمتىھاندۇر. ئۇنى دۆلەت مائارىپ كومىتېتىنىڭ تاپشۇرۇشى بىلەن بېرىنچى تىل ئىنستىتۇتى تەتقىق قىلىپ چىققان. 1990- يىلى 2- ئايدا مۇتەخەسسلەرنىڭ تەكشۈرۈپ بېكىتىشىدىن ئۆتكەن. 1992- يىلى 9- ئايدا دۆلەت مائارىپ كومىتېتى «جۇڭگو خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانىنى ئېلىش چارىسى» نى ئېلان قىلدى. بۇنىڭدا: دۆلەت مائارىپ كومىتېتى دۆلەت خەنزۇ تىلى سەۋىيە ئىمتىھانىنى ئېلىش كومىتېتى تەسىس قىلىدۇ ۋە ھەر يىلى مۇددەتلىك ھالدا دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئىمتىھان ئالىدۇ، ئومۇمەن، ئىمتىھان نەتىجىسى لاياقەتلىك بولغانلار خەنزۇ تىلى سەۋىيىسى بويىچە لاياقەت گۇۋاھنامىسى ئالىدۇ دەپ بېكىتىلگەن.

HSK دا سەككىز دەرىجىلىك نومۇر قويۇش ئۆلچىمى يولغا قويۇلىدۇ (جەمئىي نومۇرى 170 نومۇر). نومۇرى 35 تىن 51 گىچە بولغانلار بىرىنچى دەرىجە، 52 دىن 68 گىچە بولغانلار 2- دەرىجە، 69 تىن 85 كىچە بولغانلار 3- دەرىجە، 86 دىن 102 گىچە بولغانلار 4- دەرىجە، 103 تىن 119 غىچە بولغانلار 5- دەرىجە، 120 دىن 136 گىچە بولغانلار 6- دەرىجە، 137 دىن 153 كىچە بولغانلار 7- دەرىجە، 154 تىن 170 كىچە بولغانلار 8- دەرىجە بولىدۇ. بۇنىڭدا 1- ۋە 2- دەرىجە بولغانلار خەنزۇ تىلىنى ئازراق بىلىدىغانلار سانىلىدۇ. 3-، 4-، 5- دەرىجىگە يەتكەنلەر تۆۋەن دەرىجىلىك خەنزۇ تىلى سەۋىيە گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولالايدۇ. 6-، 7- ۋە 8- دەرىجىگە يەتكەنلەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك خەنزۇ تىلى سەۋىيە گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولىدۇ.

HSK – تىلشۇناسلىق، پسىخولوگىيە ۋە مائارىپ تەكشۈرۈش ئىلمى قاتارلىقلارنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىكىدە، باشقا بىر تىلنى ئۆگىنىش نەزەرىيىسى ئاساس قىلىنىپ، خەنزۇ تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ لايىھىلەنگەن. كۆپ قېتىملىق سىناقلار ئىسپاتلىدىكى، HSK كۈچلۈك ئىلمىيلىككە ئىگە. HSK تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) «ئاڭلاپ چۈشىنىش». بۇنىڭدا پاراڭلىشىش، سوئال سوراش، سۆزلەش شەكىللىرى بىلەن ئۇن ئالغۇ ئارقىلىق سوئال قويۇلىدۇ. ئىمتىھان بەرگۈچى تېز سۈرئەت ئىچىدە ئىنكاس قايتۇرۇپ، جاۋاب بېرىشى كېرەك. بۇ تۈر ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورمال سۈرئەتتىكى جۈملىلەر، دىئالوگلار ۋە تۇرمۇشتىكى گەپلەرنى ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان ياكى چۈشىنەلمەيدىغانلىقىنى سىنايدۇ.

2) «گراماتىكا قۇرۇلۇشى». بۇنىڭدا سۆزلەرنى تاللاپ بوش ئورۇن تولدۇرۇش شەكلى بىلەن سوئال سورىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ خەنزۇ تىلى گراماتىكىسىنى ئىگىلەش دەرىجىسى سىنىلىدۇ.

3) «ئوقۇپ چۈشىنىش». بۇنىڭدا تاللاش سوئالى ئارقىلىق سىناش ئېلىپ بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز مەنىسىنى چۈشىنىش دەرىجىسى ھەمدە ئوقۇش ئىقتىدارى، ئوقۇش ماھارىتى ۋە ئوقۇش سۈرئىتى سىنىلىدۇ.

4) «ئۇنىۋېرسال بوش ئورۇن تولدۇرۇش». بۇنىڭدا ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئوخشىمايدىغان سۆز - جۈملىلەرنى تاللاپ بوش ئورۇن تولدۇرۇش سىنىقى ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەقسەت: (1) ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەنىلىرى ئوخشاش ياكى مەنىلىرى يېقىن بولغان سۆزلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى سىنىلىدۇ. (2) ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەكلىنى

چۈشىنىشى ئاساسىدا خەنزۇچە خەت يېزىش ئىقتىدارى سىنىلىدۇ.

2. تىل سىنىقى ـ تىل ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى. ئۇ، تىل ئۆگىنىشنىڭ كۆرسەتكۈچى ھەمدە ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ئۆلچىمى. شىنجاڭ مالىيە ئىنستىتۇتى 95 ـ يىلى 9 ـ ئايدا مەكتەپكە يېڭى كەلگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا HSK سىنىقى ئېلىپ باردى ھەم 5 ـ دەرىجىگە يەتكەنلەرنىڭ تەييارلىق ئوقۇمايلا كەسپكە كىرىشىنى يولغا قويدى. بۇنىڭغا يېتەلمىگەنلەرنى دەرىجىگە بۆلۈپ تەييارلىق سىنىپلىرىدا ئوقۇتتى. بىر يىلدىن كېيىن، 5 ـ دەرىجىگە يەتكەنلەرنى ھەرقايسى كەسپلەرگە بۆلۈش، بۇ دەرىجىگە يەتمىگەنلەرنى قايتىدىن ئوقۇش خىراجىتى تۆلىتىپ، داۋاملىق ئوقۇتۇش بەلگىلەندى. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ HSK سىنىقىنىڭ ئورتاق نەتىجىسى 59.5 بولدى. ھالبۇكى، شۇ يىلقى مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىمتىھانىنىڭ خەنزۇ تىلى ئورتاق نومۇرى 117.97 بولۇپ، ئارىدىكى پەرق بىر ھەسسە بولغان. بۇ پەرق شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا تۆۋەندىكىدەك بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت:

1) خەنزۇ تىلى بىلىمىنى يەتكۈزۈپ بېرىشكىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، تىل ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارالغان. ھەرقانداق بىلىمنى ئۆگىنىش ئۇنى ئىشلىتىش ئۈچۈندۇر. خەنزۇ تىلى ئۆگىنىشتىكى مۇھىم نۇقتا سۆز، جۈملە ۋە تىل قائىدىلىرىنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە قارىتىلىشى كېرەك. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلارغا مەلۇم سۆز ۋە جۈملىنىڭ مەنىسى ۋە جۈملە بۆلەكلىرىنى ئېيتىپ بېرىپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارغا مەلۇم سۆز، مەلۇم جۈملە شەكلىنىڭ ئەمەلىي ئالاقە جەريانىدا قانداق ئىشلىتىلىدىغانلىقى ۋە قانداق ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشىمىز كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئوقۇغۇچى نۇرغۇن سۆز، جۈملە ۋە ئىبزاسلارنى يادلاپ ئالسىمۇ، ئۇنى ئالاقە جەريانىدا ئىشلىتەلمەيدۇ. مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۈچ مىڭ سائەت ئەتراپىدىكى خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا، 4 مىڭ خەنزۇچە خەت ۋە خەنزۇ تىلىنىڭ ئاساسىي جۈملە شەكىللىرىنى ئۆگىنىپ بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار ئادەتتىكى ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىدىن چىقالمايدۇ، دەرسلەرنى خەنزۇ تىلى بىلەن ئاڭلاپ تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەندىمۇ خىزمەت تېپىش ۋە كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىشتا زور قىيىنچىلىققا ئۇچراۋاتىدۇ. شۇڭا ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى بىلىمىنى يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇلاردىن بىرسىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ.

2) ئوتتۇرا مەكتەپ خەنزۇ تىلى دەرسلىكىنى تېز ئاردا ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. ھازىر قوللىنىلىۋاتقان خەنزۇ تىلى دەرسلىكلىرى HSK نىڭ ئېھتىياجىدىن چىقالمايدۇ. بولۇپمۇ مەشق قىسمىدا قاراتمىلىقى كۈچلۈك مەشقلەر ئاز. HSK دا بولسا، كۆپىنچە ئوبيېكتىپ سوئاللار كۆپ بولۇپ، چېتىلىدىغان دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئۇ جەمئىيەت، مەدەنىيەت، ئاممىۋى بىلىم، تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسەت، ئىقتىساد قاتارلىق جەھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە ئەھۋال سوراش، تونۇشتۇرۇش، ئىلتىماس، تىلەك، شۇنداقلا ۋاقىت، ئورۇن ۋە سان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان بارلىق تۈرلەرگىمۇ چېتىلىدۇ. شۇڭا دەرسلىكنى مۇشۇ جەھەتلەرگە كېڭەيتىش كېرەك. ھازىر مائارىپ ساھەلىرىمۇ بۇ جەھەتتە بەزى ئىشلارنى قىلىشقا باشلىدى.

3. خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىم مەقسەت ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئالاقە جەريانىدا خەنزۇ تىلىنى ئىشلىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. دەرسخانىدىكى ئوقۇتۇش جەريانىدا قانداق قىلىپ تىل ئۆگىنىشتىكى ئالاقە ئۇسۇلىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟

1) سىنىپتا كۆڭۈل ئازادىلىكى ۋە قىزىقارلىق بولغان بىر خىل ئوقۇش كەيپىياتىنى يارىتىشىمىز كېرەك. مائارىپ پسىخولوگىيىسى: ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن خۇشاللىققا تولغان شارائىتتا ئۆگەنسە، ئۆگىنىشتىن كېلىدىغان جىددىيلىك ۋە بېسىمدىن خالىي بولالايدۇ، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ، قىزغىنلىق ـ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاچقۇچى، دەپ قارايدۇ. مۇبادا ئوقۇتقۇچى سۆزلەش ۋە چۈشەندۈرۈش بىلەنلا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىشىنى تەلەپ قىلسا، ئوقۇغۇچىنىڭ دىققىتى سەللا چېچىلغاندا ئوقۇتقۇچىنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ قاتتىق ئەيىبلىگىلى تۇرسا، نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلاردا بىزارلىق ۋە قارشىلىق كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ، ئۆگىنىشكە يامان تەسىر بېرىدۇ. ئەگەر بىز جانلىق، خىلمۇ خىل ئۇسۇللارنى قوللانساق، مەسىلەن: ھەم سۆزلەپ، ھەم سوئال قويساق، بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى ئۇرغىتىش، يەنە بىر تەرەپتىن سۆزلەش ۋە مەشق قىلىش نەتىجىسىگە ئىگە بولىمىز. ئوقۇتقۇچى سوئال سورىغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى مەجبۇرلىماسلىقى كېرەك. كىم سۆزلىسە، ئىمىنى سۆزلىسە ئۇنىڭغا يول قويۇش، ئۆزئارا غۇلغۇلا قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك. سىنىپتىكى بۇ خىل مۇناسىۋەت ئارتىس بىلەن رېژىسسور ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. رېژىسسور مۇۋاپىق ۋاقىتتا ئارتىسنىڭ رول ئېلىشىغا يول كۆرسىتىپ بەرسە، ئۇلار رول ئېلىش ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. لېكىن بۇ ھەر كىم ئۆزى خالىغانىنى قىلىۋەرسە بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ھازىر ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان نىشانلىق ئوقۇتۇشنىڭ مەقسىتىمۇ ھازىر ئېيتىلىۋاتقان

ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈش دېگەن تەلەپ بىلەن ئوخشاش.

2) سۆز ۋە قائىدىلەرنى ئۆگىنىشنى ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىغا ماسلاشتۇرۇش. ئوقۇغۇچى سۆز ۋە جۈملىلەرنى ئالاقە قىلىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ. ھەر بىر تىل ھادىسىسى ئالاقە جەريانىدا ئادەم، ۋاقىت، ئورۇن قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى ھەرخىل ئۆزگىرىشلەردە بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا مۇشۇ خىل شارائىتتا ماسلىشىشنى ئۆگىتىشى كېرەك. مەسىلەن: مەلۇم بىر سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىدىن باشقا، ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى (ئېغىزدا، يېزىقتا)، تۈسى (كەمتەرلىك تۈسى، ھۆرمەت تۈسى، كەمسىتىش تۈسى ۋە مېھرىبانلىق تۈسى) بولىدۇ. ئوخشىمىغان شارائىتتا ئوخشىمىغان تۈسكە ئىگە سۆزلەرنى ئىشلەتسە، ئۇنىڭ ئالاقە رولىمۇ ياخشى بولىدۇ. مەسىلەن:

寻找—找，迅速—快

位于—在，格外—非常，便—就

يۇقىرىدىكى مەنىداش سۆزلەرنىڭ ئالدىدىكىلىرى ئېغىز تىلدا، ئادەتتىكى شارائىت ئىچىدە ئىشلىتىلىدۇ؛ كېيىنكىلىرى بولسا يېزىق تىلدا، ماقالە، دوكلات قاتارلىق تەنتەنىلىك ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئىككىسىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. ئېغىز تىلى ئىشلىتىلىدىغان ئورۇندا يېزىق تىلى ئىشلىتىلسە، ئىككى خىل نەتىجە بېرىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، سۆزلىگۈچى سۆز ئۈينىتىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك بولىدۇ. ئىككىنچىسى، سۆزلىگۈچىنىڭ قەستەن يۇمۇرلۇق سۆز ئىشلەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر يېزىق تىلى ئىشلىتىلىدىغان ئورۇنغا ئېغىز تىلى ئىشلىتىلسە، بۇنىڭدىنمۇ ئىككى خىل نەتىجە چىقىدۇ. بۇنىڭ بىرىنچىسى، سۆزلىگۈچىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىسى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىنى كەمتەر تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى جۈملە شەكلىنى ئۆگەتكەندە، خەنزۇ تىلىنىڭ جۈملە شەكلىنى، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپىنى ئۆگىتىشى كېرەك. مەسىلەن:

今天早上，我没吃饭(现在，肚子饿了)。

بۇ ساغلام جۈملە بولۇپ، خەنزۇ تىلىدىكى ئىگە-خەۋەر - تولدۇرغۇچىلىق جۈملىدۇر. لېكىن گايىدا بۇ جۈملىنى:

今天早上，我饭没吃，脸没洗(就赶来上班了)。

دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا خەۋەر بىلەن تولدۇرغۇچىنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەتكەن بولۇپ، بۇنىڭ شۇ ئورۇندا بېرىدىغان مەنىسى ئالدىنقى جۈملە بىلەن ئوخشاش ئەمەس. ئالدىنقى جۈملە ئادەتتىكى خەۋەر جۈملىدۇر، كېيىنكىسى بولسا كۈچەيتىش مەنىسىنى بېرىدۇ ھەم مەلۇم ئىشقا ئالدىراپ، باشقا ئىشلارغا يېتىشەلمىگەنلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

يەنە بىر مىسال كۆرەيلى: جۈملە تۈرلىرىنى ئۆتكەندە، ئوقۇغۇچىلارغا خەۋەر جۈملە، سوئال جۈملە، ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بۇيرۇق جۈملە ئىنتوناتسىيە جەھەتتە ئادەتتە تۆۋەن تون بىلەن ئېيتىلىدۇ ياكى بەلگىلىك ئىنتوناتسىيىلىك سۆزلەر ( 啊 ، 吧 ) نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سوئال جۈملىلەر بولسا، يۇقىرى تون بىلەن ئېيتىلىدۇ ياكى « 吧 ، 呢 ، 吗 » قاتارلىق ئىنتوناتسىيە سۆزلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلارغا كونكرېت تىل شارائىتى ئىچىدە ئوخشىمىغان شەكىلدىكى جۈملىلەرنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. مەسىلەن: سىلىق ئاھاڭدا ئۆتۈنۈش خاراكتېرىدىكى بۇيرۇق جۈملە ئىشلەتكەندە: « 你来吧。» « 让他去吧。» دېيىشىمىز كېرەك. ئەگەر سوئال جۈملىدە ئۆتۈنۈش مەنىسى بولسا: « 你能不能来一下？» دېيىشىمىز كېرەك. بۇنداق دېگەندە، سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا بولغان مەسلىھەت ۋە ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيىسى ئىپادىلىنىدۇ. ئەكسىچە « 你来！»، « 你注意听！» دېگەندەك بۇيرۇق جۈملىلەر بولسا، سۆزلىگۈچىنىڭ ئاڭلىغۇچىغا تۇتقان كەسكىن پوزىتسىيىسىنى ياكى مۇناسىۋىتى بەك يېقىن ئادەملەرنىڭ ئۆزئارا يېقىنچىلىق بىلەن سۆزلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر مىسال ئالساق: سوئال جۈملىدىكى قايتۇرما سوراق جۈملە كۆپىنچە ھاللاردا سوراق مەنىسىنى بىلدۈرمەي، ئەكسىچە ھېسسىي تۈسنى بىلدۈرىدۇ. ئوقۇتقۇچى: 你交作业了吗? دەپ سورىسا، ئوقۇغۇچى: 我不是早就交了吗? دەپ قايتۇرما سوئال جۈملە بىلەن جاۋاب بەرسە، بۇ خىل جاۋاب سۆزلىگۈچىنىڭ سوئال سورىغۇچىدىن نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق تۈسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا ھەرخىل جۈملە شەكىللىرىنى ئۆگەتكەندە، ئۇلارغا ئوخشىمىغان شارائىتتا ئوخشىمىغان جۈملىلەرنى قوللانسا، ئوخشىمايدىغان مۇئامىلىدە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك. ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ جەھەتلەرنى ئىگىلىگەندىلا، ئاندىن تىل ئالاقە ئىقتىدارىنى ھەقىقىي يېتىلدۈرۈپ، ھەرخىل ئالاقە ئېھتىياجلىرىغا ماسلىشالايدۇ، شۇنداقلا تىل ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

ئالاقە ئۇسۇلى بىلەن تىل ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئالاقە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپلا قالماي، بەلكى ھەر بىر خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسىغا يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ. خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، ئۆزىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرمۇ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن كۆپرەك شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تەربىيىلىشى ۋە كۈچەيتىشى، شۇ ئارقىلىق مائارىپ ئىسلاھاتىغا ماسلىشىشى كېرەك.(04)

# يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ئاسانلاشتۇرۇش ھەققىدە

يىغىنچاقلاش ئۇسۇلى مۇھىم بىر خىل ماتېماتىكىلىق پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، مىسال ۋە مەسىلىلەرنى يېشىشتە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل مۇناسىۋەت، ھەرىكەت ۋە تەرەققىيات ئۆزگىرىش نۇقتىئىنەزەرى ئارقىلىق مەسىلىلەرنى كۆزىتىپ ۋە تونۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا پىششىق بولمىغان مەسىلىلەرنى قايتىدىن قۇراشتۇرۇش ياكى شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا پىششىق بولغان مەسىلىلەرگە ئايلاندۇرۇپ، مۇرەككەپنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، قىيىننى ئاسانلاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئوڭايلا ھەل قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلدۇر.

## 1. ھېسابلاش ئىپادىسىنى ئۆزگەرتىش

بەزى ھېسابلاش ئىپادىلىرىدە سانلىق قىممەتلەر بىر قەدەر چوڭ بولغانلىقتىن، ھېسابلاش مۇرەككەپلىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئەسلىدىكى مەسىلىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ھېسابلىغاندا، كۆپ ھاللاردا ھېسابلاشنى ئاسانلاشتۇرغىلى بولىدۇ. مەسىلەن،

1- مىسال:

$995\times 999\frac{97}{998}$ نى ھېسابلايلى.

ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە $999\frac{997}{998}$نى $999+\frac{997}{998}$ گە ئاجرىتىپ بۇنى كۆپەيتىشنىڭ تارقىتىش قانۇنى بويىچە مۇنداق ھېسابلايدۇ:

ئەسلى ئىپادە $=999\times 995+\frac{997}{998}\times 995$

ئەمما ھېسابلاش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل ھېسابلاشنىڭمۇ ئاددىي ئەمەسلىكىنى بايقايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر قىلىش يولىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەپچىللىك بىلەن شەكىل ئۆزگەرتىپ، بۇ مىسالنى مۇنداق ئاددىي ھېسابلاشقا ئىلھاملاندۇرسا بولىدۇ:

ئەسلى ئىپادە $=(1000-\frac{1}{998})\times 995$

$=995000-\frac{995}{998}$

$=994999\frac{3}{998}$

2- مىسال: $2.5\times 2\frac{17}{20}+0.25\div\frac{2}{23}$نى ھېسابلايلى.

بۇ تۈردىكى مىساللارنى بىۋاسىتە ھېسابلاش بىر قەدەر قىيىن. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەردىن پايدىلىنىپ، قەدەممۇ قەدەم ئىزدىنىپ، ئەسلى ئىپادە ئۈستىدە تەپمۇ تەك شەكىل ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىشقا يېتەكلىشى كېرەك، ئىزدىنىش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار ئەسلىدىكى ئىپادىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، ئاددىي ھېسابلاشقا بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭدىكى ھالقا ئاددىي ھېسابلاش ئۈچۈن شەرت-شارائىت يارىتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئەسلى ئىپادە $=2.5\times 2.85+0.25\times 11.5$

$=0.25\times 28.5+0.25\times 11.5$

$=0.25\times(28.5+11.5)$

$=0.25\times 40=10$

ياكى

ئەسلى ئىپادە $=2.5\times 2.85+2.5\times 1.15$

$=2.5(2.85+1.15)$

$=2.5\times 4=10$


ئومۇمەن مىساللارنى ئىشلىگەندە، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا مىسالنى كۆرۈپلا، ئىشلەشكە ئالدىرىماستىن (بولۇپمۇ سانلىرى چوڭ، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولغان مىساللارغا نىسبەتەن)، بەلكى تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئىشلەشنى ئەسكەرتىشى كېرەك: بىرىنچىدىن، كۆزىتىش (مىسالنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسى بىلەن مىسالدىكى بىر قىسىم ئالاھىدە سانلىق قىممەتلەرنى تەپسىلىي كۆزىتىش)، ئىككىنچىدىن، ئويلاش (ئاددىي ھېسابلاشقا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ قارىماققا ئاددىي ھېسابلاشقا بولمايدىغان بەزى مەسىلىلەرنى شەكىل ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئاددىي ھېسابلاشقا بولىدىغان كۆرۈنۈشكە كەلتۈرگىلى بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىنى ئويلاش)، ئۈچىنچىدىن، ھېسابلاش (ئاددىي ھېسابلىغىلى بولىدىغانلىرىنى چوقۇم ئاددىي ھېسابلاش، ھەقىقەتەنمۇ

ئاددىي ھېسابلاشقا بولمايدىغانلىرىنى ئاددەتتىكى ئۇسۇل بويىچە ھېسابلاش) مۇشۇنداق قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھېسابلاش مەسىلىلىرىنى ئىشلەش سۈرئىتىنى ۋە توغرىلىق دەرىجىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

**2. شەكىللەرنى ئۆزگەرتىش**

شەكىللەرنىڭ مەيدانىنى تېپىشقا دائىر بىر قىسىم مەسىلىلەرگە نىسبەتەن، ئۇلارنى بىۋاستە ئىشلەش كۆپ ھاللاردا بىرقەدەر قىيىن بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى شەكىلنى ئايلاندۇرۇش، كېسىپ تولۇقلاش، پاراللېل يۆتكەش، پارچىنى يىغىپ پۈتۈنلەش ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئەسلىدىكى شەكىلنى ئوقۇغۇچىلارغا پىششىق بولغان ئۆلچەملىك شەكىلگە كەلتۈرسە، ئوقۇغۇچىلار پىششىتە ئانچە قىينالمايدۇ.


3- مىسال: رەسىمدىكى سىزىلغان قىسىمنىڭ يۈزىنى تاپايلى.




بۇ يەردىكى سىزىلغان قىسىمنىڭ يۈزى 3 دانە كىچىك ئۈچبۇلۇڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئاساسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى مەلۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەربىر ئۈچبۇلۇڭنىڭ يۈزىنى ئايرىم ھېسابلاپ، ئاندىن ئۇلارنى قوشۇش ئارقىلىق مەسىلىنىڭ نەتىجىسىگە ئېرىشىشتەك بۇ خىل پىكىر قىلىش يولى ئەمەلگە ئاشمايدۇ. شۇڭا «ئاساسلىرى ۋە ئېگىزلىكلىرى ئۆزئارا تەڭ بولغان ئۈچبۇلۇڭلارنىڭ يۈزلىرىمۇ ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ» دېگەن بىلىمدىن پايدىلىنىپ، ئەسلى شەكىلدىكى G,F,E لارنى ھەرىكەتچان نۇقتا دەپ قاراپ، سولغا يۆتكەپ D نۇقتا بىلەن ئۈستىمۇ ئۈست چۈشۈرسەك، ئۇ ھالدا △AHE بىلەن △AHD، △HIF بىلەن △HID ۋە △IBG بىلەن △IBD لارنىڭ يۈزلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئەسلىدىكى 3 دانە كىچىك ئۈچبۇلۇڭ (سىزىلغان قىسىم) بىرىكىپ بىر دانە چوڭ ئۈچبۇلۇڭ ABD غا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ يۈزى مۇنداق بولىدۇ:

$$15\times9\div2=67.5\ cm^2.$$

4- مىسال. رەسىمدىكىدەك، AOB بىلەن BOC لار ئىككى دانە يېرىم چەمبەر، O بولسا AC نىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسى ئىكەنلىكى بېرىلگەن بولسا سىزىلغان قىسىمنىڭ يۈزىنى تاپايلى.




ئاۋۋال ئەسلى شەكىلنى ئىككى قىسىمغا ئاجرىتىپ، ئاندىن ئۇلارنى بىرلەشتۈرسەك، سىزىلغان قىسىمنىڭ يۈزى دەل چەمبەر يۈزىدىن ئۇنىڭغا ئىچتىن تېگىشكەن كۋادراتنىڭ يۈزىنى ئېلىۋەتكەنگە تەڭ ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

چەمبەرنىڭ يۈزى $(\frac{4}{2})^2\pi$، كۋادراتنىڭ يۈزى بولسا، ئاساسى 4، ئېگىزلىكى $\frac{4}{2}$ بولغان 2 دانە ئۈچبۇلۇڭ يۈزىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ. شۇڭا سىزىلغان قىسىمنىڭ يۈزى مۇنداق بولىدۇ:

$$3.14\times(\frac{4}{2})^2-\frac{4\times2}{2}\times2=4.56cm^2.$$

**3. مەسىلىلەردىكى سانلىق مىقدارلار مۇناسىۋىتىنى ئۆزگەرتىش**


بەزى مەسىلىلەردىكى سانلىق مىقدارلار مۇناسىۋىتى بىرقەدەر مۇرەككەپ ياكى بىر قەدەر يوشۇرۇن بولۇپ، بىۋاستە يېشىش بىر قەدەر قىيىن. بۇ ۋاقىتتا يىغىنچاقلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مەسىلىنى ئوڭايلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

1) سانىنى شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، شەكىلنى سانغا يىغىنچاقلاش.

5- مىسال. گۈلنۇر، دىلنۇر، ئاينۇر، ماھىنۇر قاتارلىق 4 ساۋاقداش تەپكۈچ تېپىش ئويۇنىدا جەمئىي 210 قېتىم تەپكۈچ تەپكەن. ئەگەر گۈلنۇرنىڭ تەپكەن تەپكۈچ سانىنىڭ $\frac{1}{3}$ ى دىلنۇرنىڭ تەپكەن تەپكۈچ سانىنىڭ $\frac{1}{2}$ گە، ئاينۇرنىڭ تەپكەن تەپكۈچ سانىنىڭ $\frac{1}{4}$ گە، ماھىنۇرنىڭ تەپكەن تەپكۈچ سانىنىڭ $\frac{1}{5}$ گە تەڭ ئىكەنلىكى بېرىلگەن بولسا، ئۇ ھالدا 4 ساۋاقداش ئايرىم-ئايرىم ھالدا قانچە قېتىمدىن تەپكۈچ تەپكەن؟

بۇ مەسىلىدە كۆرۈلگەن ئاددىي كەسىرلەر ۋە ئۇلارنىڭ كەسىر بىرلىكلىرى «1» لەر ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بۇ بىرلىك «1» لەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قىيىن بىر ئىش. بىراق كۆرسەتمىلىك شەكىل سىزىش

ئارقىلىق 4 ساۋاقداشنىڭ تەپكەن تەپكۈچ قېتىم سانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئوئايلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.




شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاددىي كەسىرگە دائىر مۇرەككەپ مەسىلىنى ئاددىيراق بولغان پۈتۈن سانلارغا دائىر مەسىلىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى مۇنداق بايان قىلىشقا بولىدۇ: گۈلنۇر، دىلنۇر، ئاينۇر، ماھىنۇر قاتارلىق 4 ساۋاقداش تەپكۈچ ئويۇنىدا جەمئىي 210 قېتىم تەپكۈچ تەپكەن. ئەگەر گۈلنۇرنىڭ تەپكەن تەپكۈچ قېتىم سانىنى تەڭ ئىككى ئۈلۈشكە بۆلسەك، ئۇنداقتا دىلنۇر مۇشۇنداق 3 ئۈلۈشنى، ئاينۇر 4 ئۈلۈشنى، ماھىنۇر 5 ئۈلۈشنى تەپكەن بولىدۇ. ئۇنداق بولسا بۇ 4 ساۋاقداش ئايرىم-ئايرىم ھالدا قانچە قېتىمدىن تەپكەن؟ بۇنداق ئۆزگەرتكەندە، ئوقۇغۇچىلار مەسىلىنى ئوڭايلا يېشىپ چىقالايدۇ.

2) ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ، چىقىش نۇقتىسىنى ئالماشتۇرۇپ پىكىر قىلىش.

6- مىسال. مەلۇم زاۋۇت بىر تۈركۈم ئېلېكتىر دىۋىگاتېل ئىشلەپ چىقىرىشنى پىلانلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ 4- ئايدا ئىشلەپ چىقارغان سانى بىلەن ئومۇمىي سانىنىڭ نىسبىتى 2:15، 5- ئايدا ئىشلەپ چىقارغان سانى بىلەن ئومۇمىي سانىنىڭ نىسبىتى 3:8، 6- ئايدا ئىشلەپ چىقارغان سانى بىلەن ئومۇمىي سانىنىڭ نىسبىتى 5:12 بولسا، ئېشىپ قالغىنى بىلەن ئومۇمىي سانىنىڭ نىسبىتى قانچە بولىدۇ؟

بۇ مەسىلىنى نىسبەت بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ يەشكەندە، ئاۋارىچىلىقى كۆپرەك بولىدۇ. ئەگەر مەسىلىدىكى «نىسبەت»نى ئاددىي كەسىرگە ئايلاندۇرساق، ئۇ ھالدا ئۇنى يېشىش ناھايىتى ئاسان بولىدۇ.

«مەلۇم زاۋۇتنىڭ 4- ئايدا ئىشلەپ چىقارغان سانى بىلەن ئومۇمىي سانىنىڭ نىسبىتى 2:15» دېگەن شەرتنى مۇنداق «4- ئايدا ئىشلەپ چىقارغان سانى ئومۇمىي سانىنىڭ $\frac{2}{15}$نى ئىگىلەيدۇ» دەپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئوخشاشلا قالغانلىرىنىمۇ «5- ئايدا ئىشلەپ چىقارغان سانى ئومۇمىي سانىنىڭ $\frac{3}{8}$نى ئىگىلەيدۇ»، «6- ئايدا ئىشلەپ چىقارغان سانى ئومۇمىي سانىنىڭ $\frac{5}{12}$ نى ئىگىلەيدۇ» دەپ ئۆزگەرتىۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى مەسىلە ئاددىي كەسىرگە دائىر مەسىلىگە ئايلىنىدۇ-دە، يېشىش ئارقىلىق $1-\frac{2}{15}-\frac{3}{8}-\frac{5}{12}=\frac{3}{40}$گە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

7- مىسال. مەلۇم سىنىپنىڭ كىلىپ - كېتىش ئەھۋالى يوقلىما قىلىنغان بولۇپ، بىرىنچى قېتىم يوقلىما قىلىنغاندا، كەلمىگەن ئوقۇغۇچى سانى كەلگەن ئوقۇغۇچى سانىنىڭ $\frac{1}{17}$نى ئىگىلىگەن. كېيىن يەنە بىر ئوقۇغۇچى كەلگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا كەلمىگەن ئوقۇغۇچى سانى كەلگەن ئوقۇغۇچى سانىنىڭ $\frac{1}{26}$نى ئىگىلىگەن بولسا، بۇ سىنىپتا جەمئىي قانچە ئوقۇغۇچى بار؟

بۇ مەسىلىدە «كەلگەن ئادەم سانى» بىرلىك «1» دەپ قارالسا، ئالدىنقى كېيىن ئىككى قېتىملىق كەلگەن ئادەم سانى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بىرلىك «1» مۇ ئوخشاش بولمايدۇ-دە، مەسىلىنى يېشىشكە قىيىنچىلىق كەلتۈرىدۇ. شۇڭا پۈتۈن سىنىپتىكى ئومۇمىي ئادەم سانى (ئومۇمىي ئادەم سانى ئۆزگەرمەيدۇ)نى بىرلىك «1» دەپ قاراپ، ئەسلى مەسىلىنى مۇنداق ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ:

بىرىنچى قېتىم يوقلىما قىلغاندا كەلمىگەن ئوقۇغۇچى سانى پۈتۈن سىنىپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ $\frac{1}{17+1}$ نى، ئىككىنچى قېتىم يوقلىما قىلغاندا كەلمىگەن ئوقۇغۇچى سانى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ $\frac{1}{26+1}$ نى ئىگىلىسە، پۈتۈن سىنىپتا جەمئىي قانچە ئوقۇغۇچى بار؟

ئوڭايلا شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كېيىن كەلگەن 1 ئوقۇغۇچى پۈتۈن سىنىپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانىنىڭ $(\frac{1}{18}-\frac{1}{27})$نى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا پۈتۈن سىنىپتىكى ئومۇمىي ئوقۇغۇچى سانى مۇنداق، بولىدۇ:

$$1 \div (\frac{1}{18}-\frac{1}{27}) = 1 \div \frac{1}{54} = 54$$ (نەپەر).

ئومۇمەن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىغىنچاقلاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلەپ بولغان ئاساسىي بىلىملىرىنىڭ سىستېمىلىق ۋە دائىرىلىك باغلىنىشىنىڭ رولىنى يېتەرلىك جارى قىلدۇرۇپ، ماتېماتىكىدىكى «قىيىن مەسىلىلەر»نى مۇۋاپىق ۋە جانلىق ھالدا ئۆزگەرتىپ تۈزۈش كېرەك. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېماتىكا قابىلىيىتىنى ۋە مەسىلە يېشىش ماھارىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزگىرىشلەرگە ماسلىشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ پايدىلىقتۇر. (05)

(«باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى» دىن)

# «بىر نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەر»نى ئوقۇتۇش توغرىسىدا

«بىر نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەر» دىن ئىبارەت بۇ باب تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئالگېبراسىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇ، باشقا خىل تەڭلىمە ياكى تەڭلىمىلەر سىستېمىسىنى يېشىشنىڭ ئاساسى. ئەمەلىيەتتە، ھەرخىل تەڭلىمە ياكى تەڭلىمىلەر سىستېمىسىنى يېشىشتە، ھەممىشە ئۇلار، ئېلېمېنت يوقىتىش ۋە دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق ئەڭ ئاخىرىدا يىغىنچاقلىنىپ بىر نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

تۆۋەندە «بىر نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەر»نى ئوقۇتۇشنىڭ كونكرېت ئۇسۇللىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**1. ئوقۇتۇشنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش قانۇنىيىتى بويىچە تەشكىللەش.**

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكە ئەمدىلا چىققان ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى ئادەتتە 11 دىن 12 ياشقىچە بولىدۇ. بۇ، دەل كونكرېت ھېسابلاشتىن شەكلەن ھېسابلاشقا تەرەققىي قىلىدىغان دەۋر. بۇ دەۋردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرى ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئابستراكىت تەپەككۇرغا ئۆتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرى ئىنتايىن جانلىق بولۇپ، يېڭى شەيئىلەرنى ئوڭايلا قوبۇل قىلالايدۇ. بىراق تەپەككۇرىنىڭ تۇراقسىزلىقى، تەپەككۇر شەكلىنىڭ تېخى شەكىللەنمىگەنلىكى سەۋەبىدىن، چۈشىنىش ئىقتىدارى ۋە ئەستە قالدۇرۇشنىڭ توغرىلىقى بىر ئاز تۆۋەن بولىدۇ ھەمدە تاشقى مۇھىتنىڭ كاشىلىسىغا ئوڭايلا ئۇچرايدۇ، قوبۇل قىلغان بىلىملىرىنىڭ مەنىپىي يۆتكىلىش تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇتۇش جەريانىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

**1) بىلىملەرنىڭ قىزىقارلىق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش.** پسىخولوگلار، قىزىقىش ئەڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى، دەپ قارايدۇ. تولۇقسىز بىرىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشى بىر ئاز كىچىك بولۇپ، بۇ مەزگىلدىكى قىزىقىش ھەممىشە ئۆگىنىشتىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. شۇڭا ماتېماتىكىلىق ئۇقۇملارنى كىرگۈزۈشتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، كۆرسەتمىلىك، ئوبرازلىق ۋە كونكرېت ئوقۇتۇشنى قوللىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ماتېماتىكىلىق مەزمۇنلارنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي سەۋىيىسىدىكى نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش كېرەك. مەسىلەن، تەڭلىكنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئوقۇتقاندا، ئاۋۋال ئوقۇغۇچىلارنى ئاددىي تەڭلىمىلەرنى يېشىشتىكى بارلىق ئۇسۇللارنى تەكرارلاشقا يېتەكلەش، شۇ ئاساستا ئوقۇغۇچىلارغا تارازىدىن پايدىلىنىپ تەجرىبە ئىشلەتكۈزۈش، ئوقۇغۇچىلار ھېسسىي بىلىشكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، كونكرېت مىسال ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، تەڭلىكنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇش ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا تەڭلىكنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىر نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمىلەرنى يېشىش ئاساسىدا بىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تونۇشنى چۈشىنىش خاراكتېرلىك تونۇشقا كۆتۈرۈپ، بىلىمگە بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

**2) ئوقۇتۇشتا، تەرتىپ بىلەن تەدرىجىي ئىلگىرىلەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش.** ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى كىچىك، تەپەككۇر سەۋىيىسى تۆۋەن بولغانلىقتىن، يېڭى بىلىملەرنى قوبۇل قىلىشتا، ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە، ئالاھىدىلىكتىن ئومۇمىيلىققا، ئاددىيدىن مۇرەككەپكە قاراپ تەدرىجىي ئىلگىرىلەشكە ئېھتىياجلىق بولىدۇ. شۇڭا كونا يېڭى بىلىملەرنىڭ باغلىنىشىدىن پايدىلىنىپ، يىغىنچاقلاش، خۇلاسىلەش ئېلىپ بېرىپ، ئومۇمىي يەكۈننى كەلتۈرۈپ چىقىرىش كېرەك. مەسىلەن، مۇشۇ دەرسلىكتىكى 8-كۆرسەتمىلىك مىسالنى ئوقۇتۇشتا، ئوقۇغۇچىلارغا مەسىلىنىڭ مەنىسىنى ھەقىقىي چۈشەندۈرۈش، بۇ تۈردىكى مەسىلىلەرنى يېشىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىتىش ئۈچۈن، دەرسنىڭ ئاخىرىدىكى مەشىق مىساللىرىنى يېڭى دەرسنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، يېڭى دەرسكە باغلاش كېرەك.

(1) ئەگەر، بىر ئىككى خانىلىق ساننىڭ ئونلار خانىسىدىكى رەقىمى 5، بىرلەر خانىسىدىكى رەقىمى 4 بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىككى خانىلىق سان —— ؛

(2) ئەگەر، بىر ئىككى خانىلىق ساننىڭ ئونلار خانىسىدىكى رەقىمى 5، بىرلەر خانىسىدىكى رەقىمى $a$ بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىككى خانىلىق سان —— ؛

(3) ئەگەر، بىر ئىككى خانىلىق ساننىڭ ئونلار خانىسىدىكى رەقىمى $x$، بىرلەر خانىسىدىكى رەقىمى 8 بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىككى خانىلىق سان —— ؛

(4) ئەگەر، بىر ئىككى خانىلىق ساننىڭ ئونلار خانىسىدىكى رەقىمى $x$، بىرلەر خانىسىدىكى رەقىمى ئونلار خانىسىدىكىدىن 1 چوڭ بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىككى خانىلىق سان —— ؛ ئەگەر، ئونلار خانىسىدىكى رەقەم بىلەن بىرلەر خانىسىدىكى رەقەم ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلسا، ئالماشتۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئىككى خانىلىق سان —— بولىدۇ.

مۇشۇنداق قاتلاممۇ قاتلام سوئال لايىھىلەش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا سان بىلەن خانا ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگىلى، شۇنداقلا يېڭى دەرسكە ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

**3) بىلىمنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى ئوقۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش.** ماتېماتىكا ئەسلىدىنلا بىر تۈرلۈك تەپەككۇر پائالىيىتى دەپ قارىلىدۇ. ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇشۇ پائالىيەتكە قاتناشتۇرۇپ، تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، مەسىلىلەرنى تەڭلىمە تۈزۈپ يېشىش ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇغۇچىلارنى مەسىلىنى كۆزىتىش، مەسىلىنىڭ مەنىسىنى تەھلىل قىلىش، تەڭلىمە تۈزۈش، تەڭلىمىلەرنى يېشىش قاتارلىق پائالىيەتلەرگە باشتىن- ئاخىر قاتناشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تەڭلىمە تۈزۈپ يېشىشنىڭ ئەمەلىي مەنىسى ۋە مەسىلە يېشىش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىتىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئوقۇغۇچىلار بىلىم قۇرۇلمىسىنى چۈشىنىپ، پىششىق ئىگىلەش دەرىجىسىگە يېتەلەيدۇ. ئوقۇتۇشتىمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە ئەتكىلى بولىدۇ.

**2. ئوقۇتۇشتا نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاشقا ئەھمىيەت بېرىش، پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنى تەدرىجىي سىڭدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش**

ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئوقۇتۇشنى ئوقۇغۇچىلارغا پىششىق بولغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى چىقىش قىلغان ئاساستا تەشكىللەش كېرەك. مەسىلەن، يېڭى دەرسنى باشلاشتىن ئاۋۋال مۇنداق بىر كونكرېت مەسىلە «مەلۇم ساننىڭ 8 ھەسسىسى بىلەن 9 نىڭ يىغىندىسى 49 بولسا، بۇ مەلۇم ساننى تاپايلى»نى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق ئارىفمېتىكىلىق يېشىش ئۇسۇلى ۋە بىرىنچى باپتىكى ئاددىي يېشىش ئۇسۇلىنى تەكرارلاش، ئاندىن مۇنداق بىر يېڭى ئەمەلىي مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويۇش: مەلۇم سان بىلەن 2 نىڭ يىغىندىسىنىڭ $\frac{1}{4}$، مەلۇم ساننىڭ 2 ھەسسىسىدىن 3 نى ئېلىۋەتكەننىڭ $\frac{1}{6}$ دىن 1 چوڭ بولسا، بۇ مەلۇم ساننى تاپايلى.

مەسىلىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ:

$$\frac{x+2}{4}=\frac{2x-3}{6}+1.$$

بۇ تەڭلىمە مەخرەجنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۇرەككەپلىك دەرىجىسى ئاددىي تەڭلىمىلەردىن ھالقىپ كەتكەن، ئوقۇغۇچىلار يېشىشنى بىلمەيدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بۇنىڭ مۇشۇ سائەتتە ئۆگىنىدىغان مەزمۇن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ باپتىكى مەزمۇنلارنى ئۆگىنىش قىزغىنلىقى قوزغىلىدۇ.

**3. ئوقۇتۇشتا قىيىن نۇقتىنى بۆسۈش، ھالقىلىق جايلارنى چىڭ تۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىش**

بىر نامەلۇملۇق بىرىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە تۈزۈپ مەسىلە يېشىش ـ بۇ باپتىكى قىيىن نۇقتا بولۇپ، تەڭلىمىنى توغرا تۈزۈشنىڭ ھالقىسى يەنىلا مەسىلىدىكى مەلۇم ۋە نامەلۇم سانلارنى تەھلىل قىلىش ھەمدە مەسىلىنىڭ مەنىسىنى تولۇق بىلدۈرىدىغان تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى تېپىپ چىقىشتىن ئىبارەت.

تولۇقسىز بىرىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەسىلە يېشىشىدە، ئاساسلىق مۇنداق ئۈچ تەرەپتىكى قىيىنچىلىق مەۋجۇت. (1) تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى تۇتالماسلىق؛ (2) تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى تاپقاندىن كېيىن، تەڭلىمە تۈزۈشنى بىلمەسلىك؛ (3) ئارىفمېتىكىلىق يېشىش ئۇسۇلىغا ئادەتلىنىپ قېلىش، ئالگېبرالىق ئۇسۇل ئارقىلىق مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىشقا ماسلىشالماسلىق، تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى تۇتۇشنى بىلمەسلىك. بۇنىڭ ئىچىدە بىرىنچىسى ئەڭ مۇھىم بولۇپ، پەقەت بىرىنچى مەسىلىنىلا ھەل قىلغاندا، باشقا مەسىلىلەرنى ھەل قىلغىلى بولىدۇ. دەرسلىك ماتېرىيالىنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى- تارقاقلاشتۇرۇپ سىڭدۈرۈش ۋە تەدرىجىي چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت. ئالدى بىلەن ئالگېبراغا دائىر دەسلەپكى بىلىملەردىن ئىبارەت بۇ بابقا ئالگېبرالىق ئىپادىلەرگە دائىر مەزمۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئالگېبرالىق ئىپادە تۈزۈشنىڭ ھالقىسى ـ ئاۋۋال سانلىق مقدارلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سۆز- ئىبارىلەرنى ۋە ھېسابلاش مۇناسىۋىتىنى تېپىش، ئاندىن ئالگېبرالىق تىل ئارقىلىق ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. بىراق، بۇ يەنە تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى تېپىش ئالدىنقى شەرتى ئاساسىدا بولۇشى كېرەك. ئاندىن كېيىن ئاددىي تەڭلىمىلەرگە دائىر مەزمۇنلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ باپتىكى مەزمۇنلار بىر تەرەپتىن، ئوقۇغۇچىلارنى ئالگېبراغا نىسبەتەن دەسلەپكى چۈشەنچىگە ئىگە قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مەسىلىلەرنى ئۆگىنىشكە ئاساس سالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قىيىن نۇقتىنى بۆسۈش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى بىر قانچە تەرەپتىن مەشقنى كۈچەيتىش كېرەك. بىرىنچىدىن، بىرىنچى بابتىن باشلاپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسلىكنى ئوقۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش، مەسىلىنى ئوقۇش ئارقىلىق مەسىلىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىپ، تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى چىڭ تۇتۇش. ئىككىنچىدىن، دەرسلىكتىكى شەكىل، جەدۋەللەردىن تولۇق پايدىلىنىپ تەھلىل يۈرگۈزۈپ، مەسىلىدىكى قايسىلىرىنىڭ مەلۇم، قايسىلىرىنىڭ نامەلۇم مقدار ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈپ، تەڭلىك مۇناسىۋەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ھەمدە بۇ ئارقىلىق تەڭلىمە تۈزۈش. ئۈچىنچىدىن، ئوقۇغۇچىلاردا ئۆگىنىش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇپ، قەدەممۇ- قەدەم ئاساندىن- قىيىنغا، ئاددىيدىن مۇرەككەپكە يۈزلىنىپ، تەدرىجىي تۈردە بىر تۈرلۈك مەسىلە يېشىشتىكى تەپەككۇر شەكلىنى ۋە ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى شەكىللەندۈرۈش. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئالدىن مۆلچەرلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. (05)

(«ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى» دىن)

# ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك

بىز ئادەتتە باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ يۇقىرى يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، ھەمىشە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «بالام تۆۋەن يىللىقتىكى ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ماتېماتىكا نەتىجىسى 95 تىن يۇقىرى ئىدى، مانا ئەمدى نېمە ئۈچۈن يۇقىرى يىللىققا ئۆرلىگەنسېرى، ماتېماتىكا نەتىجىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ؟» دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ھەتتا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمىزدىمۇ يۇقىرى يىللىق ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ تۆۋەن يىللىق ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئاغرىنىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر نۇقتا بىزنىڭ ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. ئاتالمىش ئۆگىنىشنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ـ ئالدىنقى مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئىگىلەش بىرقەدەر قىيىن بولغان بىلىملەرنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى ۋە ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئوقۇغۇچىلارغا توغرا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىپ، ئۇلاردا ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى ۋە ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىنى يېتىلدۈرۈپ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە بۇ مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

1. كېيىنكى بىلىملەرگە ئاساس سېلىش

ماتېماتىكا مۇستەھكەم سىستېمىلىققا ئىگە بىر پەن. باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتۇش ماتېرىيالىدىكى بىلىم مەزمۇنلىرى ۋېنتا شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىلىم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تۆۋەن بىر يىللىق ئوقۇتۇشى يۇقىرى بىر يىللىق ئوقۇتۇشى ئۈچۈن ئاساس سالىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئوقۇتۇش جەريانىدا، ئوقۇتقۇچىلاردا يەنە ئالدى- كەينىگە قاراپ ئىش كۆرۈش ۋە يوشۇرۇن ئاساس سېلىش ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك.

مەسىلەن، مەلۇم بىر ئوقۇتقۇچى «$3\times8+12$» نىڭ ھېسابلاش تەرتىپىنى مۇنداق ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ سۆزلىگەن. بىرىنچى باسقۇچتا، بۇ مىسالنى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەمەلىي مىساللارغا تەدبىقلىغان. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى بىر دانە قەلەم قاپچۇقى ۋە بىر دانە كىتابنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن «ئەگەر بۇ قاپچۇقنىڭ باھاسى 12 يۈەن، بۇ كىتابنىڭ باھاسى 8 يۈەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ قاپچۇق ۋە كىتابنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن جەمئىي قانچە پۇل كېتىدۇ؟» دەپ سوراپ ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا يەنە ئىككى كىتابنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ «بۇ كىتابلارنىڭ باھاسىمۇ ئوخشاشلا 8 يۈەندىن بولسا، ئەمدى بۇ نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن جەمئىي قانچە پۇل كېتىدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئوقۇغۇچىلار «$8+8+8+12$» نى ياكى «$3\times8+12$» نى تۈزۈپ چىققان. ئىككىنچى باسقۇچتا، «$3\times8+12$» نى قانداق ھېسابلاش كېرەكلىكى ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدىن بەزى ئوقۇغۇچىلار ئاۋۋال 12 گە 8 نى قوشۇپ ئاندىن 3 نى كۆپەيتىشنى؛ بەزى ئوقۇغۇچىلار ئاۋۋال 8 گە 3 نى كۆپەيتىپ، ئاندىن 12 گە قوشۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئوقۇتقۇچى ئۇلارپلا «نېمە ئۈچۈن ئاۋۋال 8 گە 3 نى كۆپەيتىمىز؟ قېنى، كونكرېت مىسال كەلتۈرۈپ چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار» دېگەندە، ئوقۇغۇچىلار ئۆزئارا مۇھاكىمە قىلىش ۋە ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكى ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل نەرسىنىڭ ئومۇمىي باھاسىنى ھېسابلاشتا، ئاۋۋال بۇ ئىككى خىل نەرسە (مەسىلەن، كىتاب ۋە قەلەم قاپچۇقى) نىڭ ھەرقايسىسىنىڭ قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالغان. ئۈچىنچى باسقۇچتا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، ھېسابلاش تەرتىپىنى ئومۇملاشتۇرغان. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى چۈشەنچىسىگە ئاساسەنلا، ھېسابلاش تەرتىپىنى سۆزلەشكە ئالدىرىماستىن، بەلكى ئوقۇغۇچىلارنى يەنە بىر قېتىم كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىككى خىل نەرسە سېتىۋالغاندا، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي باھاسىنى قانداق ھېسابلاش كېرەكلىكى توغرىسىدا مۇھاكىمىگە تەشكىللىگەن. ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا «قوشۇش بىلەن كۆپەيتىشنى ئارىلاش ھېسابلاشتا، ماتېماتىكىدا ئاۋۋال كۆپەيتىشنى، ئاندىن

قوشۇشنى ھېسابلاش بەلگىلەنگەن. يۇقىرىقى مىساللاردىن بۇ بەلگىلىمىنىڭ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.» دەپ كۆرسىتىپ بەرگەن.

يۇقىرىقى مىسالنى ئوقۇتۇش جەريانىدىن «ئاۋۋال كۆپەيتىش، ئاندىن قوشۇش» نى ئوقۇتۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىلىمنىڭ ئىلگىرى- كېيىنلىك مۇناسىۋىتىنى ئۆزئارا باغلاشتۇرغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېيىنكى ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئاساس سالغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، بىرىنچى باسقۇچتا، ئوقۇغۇچىلار بىۋاسىتە كۆرۈش ۋە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ئارقىلىق «8+8+8+12» نىڭ «3×8+12» گە تەڭ بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغان؛ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى باسقۇچتىكى مۇھاكىمىدە ئاۋۋال كۆپەيتىشنى ھېسابلاشنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئوقۇغۇچىلارغا نەرسە- كېرەك سېتىۋېلىشتىكى يەككە باھا، سان ۋە ئومۇمىي باھادىن ئىبارەت ئۈچ سانلىق مىقدار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەت سىڭدۈرۈلگەن، سېتىۋېلىنغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي باھاسىنى ھېسابلاشتا، ئاۋۋال بۇ ئىككى نەرسىنىڭ باھاسىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا بىلىش كېرەكلىكى بىلدۈرۈلگەن. بۇ ئارقىلىق بۇنىڭدىن كېيىن ئۆگىنىدىغان ئىككى باسقۇچ ئارقىلىق ھېسابلىنىدىغان بەزى مەسىلىلەرگە ئاساس سېلىنغان.

2. توغرا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىۋېلىش

ئاتاقلىق ماتېماتىك، پېداگوگ ستولىيار «ماتېماتىكا پېداگوگىكىسى» دېگەن كىتابتا چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ مۇنداق نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان: «ماتېماتىكا ئوقۇتۇشى ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر پائالىيەت ئوقۇتۇشىدۇر.» ئۇ مۇنداق قارىغان: «ئوقۇتۇشنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە ئوقۇغۇچىلار تەپەككۇرىنىڭ سەۋىيىسىنى، تەپەككۇر تەرەققىياتىنى، ئوقۇمىلارنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى سۈپىتىنىڭ ئىگىلىنىشىنى مۆلچەرلىمىگەندە، ئوقۇتۇشنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.» بۇ، ماتېماتىكا ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنىڭ يادروسى - ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتى، دېگەننى چۈشەندۈرىدۇ. بىراق ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتى يەنىلا كېيىنكى مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان تەپەككۇر ئۇسۇللىرى - ماسلىق، ئايلاندۇرۇش، شەكىللەرنى يېشىش، پەرەز، ئورنىغا قويۇش قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ تەپەككۇر ئۇسۇللىرىنى ھەرگىزمۇ مەلۇم بىر سائەتلىك دەرس، مەلۇم بىر سوئال ياكى مەلۇم بىر مەسىلە تۈزۈش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇ يەنە ئۈزلۈكسىز، تەدرىجىي ئىلگىرىلەيدىغان سان ئۆزگىرىشتىن تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان سۈپەت ئۆزگىرىش جەريانىغىچە بولىدۇ. مەسىلەن، گېئومېترىيىلىك شەكىللەرنى ئوقۇتۇشتا، بىز ھەمىشە مۇنداق مەسىلىلەرنى يولۇقتۇرىمىز: (1) بىر تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ھەسسە چوڭايتىلسا، ئۇنىڭ يۈزى قانچە ھەسسە چوڭىيىدۇ؛ (ئوتتۇرا يىللىقلاردىن تەلەپ قىلىنىدۇ) (2) بىر ئۈچبۇلۇڭنىڭ ئاساس ۋە ئېگىزلىكى بىرلا ۋاقىتتا تۆت ھەسسە چوڭايتىلسا، ئۇنىڭ يۈزى قانچە ھەسسە چوڭىيىدۇ؛ (3) بىر كۇبىنىڭ قىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى ھەسسە چوڭايتىلسا، ئۇنىڭ ھەجمى قانچە ھەسسە چوڭىيىدۇ؛ (يۇقىرى يىللىقلاردىن تەلەپ قىلىنىدۇ.) بۇ ئۈچ مەسىلە مەزمۇنىدىن تارتىپ سانلىق ئاساسىچە ئۆزئارا ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنى يېشىشتىكى تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ئاساسەن بىردەك. ئوتتۇرا يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلار «تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىكى بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ھەسسە چوڭايتىلسا، ئۇنىڭ يۈزىدە قانداق ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ» دېگەن مەسىلىگە تۇنجى قېتىم يولۇققاندا، ئوقۇتقۇچى ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق يېتەكچىلىك قىلىشى، ئوقۇغۇچىلارغا تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇللىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىتىش كېرەك.

مەسىلەن:

كەڭلىك × ئۇزۇنلۇق = تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ يۈزى

مەسىلىدىكى شەرت «ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ھەسسە چوڭايتىلسا» نى فورمۇلاغا قويساق:

تېپىش تەلەپ قىلىنغان تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ يۈزى = ئۇزۇنلۇق × 3 × كەڭلىك ×3


= ئۇزۇنلۇق × كەڭلىك ×3×3

بۇ، ئۇزۇنلۇق ۋە كەڭلىك بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ھەسسە چوڭايتىلسا، تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ يۈزى «3×3=9» ھەسسە چوڭىيىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى (ئىپادىلەش شەكلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، كېيىن ئۆگىنىدىغان (2)، (3) مەسىلىنىمۇ ئوڭايلا ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ.

يەنە مەسىلەن، پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈز فورمۇلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشتا، ئوقۇغۇچىلار كېسىپ تولۇقلاش ئارقىلىق پاراللېل تۆت تەرەپلىكنى تىك تۆتبۇلۇڭغا ئايلاندۇرىدۇ (تۆۋەندىكى رەسىمدىكىدەك).

پاراللېل تۆت تەرەپلىكنىڭ يۈز فورمۇلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، پۈرسەتنى ئۈتكۈزۈۋەتمەيلا ئوقۇغۇچىلاردىن «نېمە



ئۈچۈن پاراللېل تۆت تەرەپلىكنى تىك تۆتبۇلۇڭغا ئايلاندۇردۇق؟» دەپ سورىغاندا، ئوقۇغۇچىلار ئويلىنىش ياكى گۇرۇپپىلار بويىچە مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق يېڭى بىلىمنى كونا بىلىمگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى بىلىۋالىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچبۇلۇڭ ۋە تراپېتسىيەلەرنىڭ يۈزىنى تېپىشنى ئۆگىنىشكە تەييارلىق ھازىرلىغىلى بولىدۇ.

3. ياخشى ئۆگىنىش ئادىتى ۋە ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىنى يېتىلدۈرۈش

«پۈتۈن كۈنلۈك تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتۇش پروگراممىسى» دا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: «ئوقۇتۇش تەلىم- تەربىيىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا رەتلىك خەت يېزىش، ئەستايىدىل ئۆگىنىش ئادىتىنى ۋە مۇستەقىل پىكىر قىلىش، قىيىنچىلىقنى يېڭىش روھىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.» بىر ئوقۇغۇچىدا ياخشى ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئۇزۇن مۇددەتلىك جاپالىق خىزمەت. پەقەت ھەر بىر يىللىق، ھەر بىر باسقۇچتا ئۆگىنىش ئادىتىنى كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلغاندا ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى تەلەپكە ئەھمىيەت بەرگەندىلا، مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تۆتىنچى يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى «370×246» نى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئۇلاردىن تەكشۈرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلسا، تەبىئىيكى ئوقۇغۇچىلار خالىمايدۇ، چۈنكى ئوقۇتقۇچى ئۆگەتكەن تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ـ يەنە قايتا ھېسابلاش بولۇپ، بۇ، ئوقۇغۇچىلارغا زېرىكىشلىك تۇيۇلىدۇ- دە، بىزارلىق تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە يۇقىرىقى مىسالنى تەكشۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، «ئاخىرقى سانىنى مۆلچەرلەش»، «خانە سانىنى مۆلچەرلەش»، «ئورۇن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى» قاتارلىقلار. ئەگەر ئوقۇتقۇچى بۇ ئۇسۇللارنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىتىپ، ئۇلاردىن سىناپ بېقىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلار تەكشۈرۈشنى نېمىشقا خالىمىسۇن؟ شۇنداق قىلغاندا، يەنە كېيىن ئۆگىنىدىغان بۆلۈشنى ھېسابلاشقىمۇ ئاساس سالغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

ئوقۇغۇچىلاردا مۇستەقىللىق ۋە مۇستەقىل ئىجاتچانلىقنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ھەمىشە ئوقۇغۇچىلاردىن «مۇستەقىل پىكىر قىلالمايدۇ، ئىجاتچانلىقى يوق» دەپ ئاغرىنىدۇ. بىراق سىز ئويدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ، ئۆز- ئۆزىڭىزدىن سوراپ بېقىڭ، سىز ئوقۇغۇچىلارغا بۇنداق پۇرسەتتىن زادى قانچىلىك يارىتىپ بەردىڭىز؟ ئادەتتىكى دەرس ئۆتۈش جەريانىدا سىزدە مۇشۇنداق ئوي بولغانمۇ؟ بەلكىم ئەھۋال بۇنداق ئەمەستۇ. مەسىلەن، بىر قېتىملىق مەشق دەرسى «بۇلۇڭ ۋە ئۈچبۇلۇڭلۇق سىزغۇچ» تا، ئوقۇغۇچىلار ئۈچبۇلۇڭلۇك سىزغۇچ ئارقىلىق ئايرىم-ئايرىم ھالدا 15°، 30°، 45°، 60°، 75°، 90°، 105°، 120°، 135°، 150°، 165°، 195°، 210°، 225°، 240°، 360° قاتارلىق بۇلۇڭلارنى سىزىپ بولغاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ئۇلاردىن بۇ بۇلۇڭلارنى تۈرگە ئايرىشنى تەلەپ قىلغان. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار 195°، 210°، 225°، 240° بۇلۇڭلارنى تۈرگە ئايرىيالمىغان. بۇ ۋاقىتتا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بۇ بۇلۇڭلارنىڭ نامى (دەرسلىك ماتېرىيالدا بۇ بۇلۇڭلارنى ئۆگىنىش تەلەپ قىلىنمىغان) نى ئېيتىپ بېرىشكە ئالدىرىماستىن، بەلكى مۇۋاپىق پەيتنى تاللاپ، ئوقۇغۇچىلارغا مۇنداق سوئال قويغان: «ئوقۇغۇچىلار، ئويلاپ بېقىڭلار، بۇ بۇلۇڭلارنى قانداق نام بىلەن ئاتايمىز؟ سىلەر دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ماتېرىيال كۆرۈپ ياكى باشقىلاردىن سوراپ ياكى بىر نەچچىڭلار بىرلىكتە پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەتە ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار.» ئەتىسى ئوقۇتقۇچى مەكتەپكە كېلىشى بىلەنلا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنى ئورۇۋېلىپ، بەس- بەس بىلەن بۇ بۇلۇڭلارنىڭ قانداق بۇلۇڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن. ئوقۇتقۇچى ئۇلاردىن قانداق بىلىۋالغانلىقىنى سورىغاندا، بەزىلىرى ماتېماتىكا لۇغىتىنى ئاختۇرۇپ، بەزىلىرى باشقىلاردىن سوراپ بىلىۋالغانلىقىنى ئېيتقان. ئوقۇتقۇچى ستاتىستىكىلاپ كۆرگەندە، پۈتۈن سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ 40% تىن ئارتۇقى بۇ پائالىيەتكە قاتناشقان. بۇ خىل قاتنىشىش ئىگى دەل ئوقۇغۇچىلاردىكى مۇستەقىل روھنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى دائىم، ئۇزۇن مۇددەت مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئوقۇغۇچىلارغا پۇرسەت يارىتىپ بەرسە، ئوقۇغۇچىلاردا تەبىئىي ھالدىلا مۇستەقىل ئىزدىنىش، مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئادىتىنى يېتىلدۈرەلەيدۇ. (05)

(«باشلانغۇچ مەكتەپ ماتېماتىكا ئوقۇتقۇچىسى» دىن)

# ياپونلار نېمىشقا ئۇيۇشۇشقا ئۇستا كېلىدۇ؟

ئۇيۇشقاقلىق ئېڭى ياپونلارنىڭ تۇرمۇش ۋە خىزمىتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭىپ كىرىپ، ياپون خەلقى خاراكتېرىنىڭ ئورگانىك تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان.

ياپونلارنىڭ بۇنداق كۈچلۈك ئۇيۇشقاقلىق ئېڭىغا ئىگە بولۇشىدا تەبىئىي شارائىت، تارىخىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ تەسىرى بار بولۇشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ تەرەپ ياپونلارنى ئۇيۇشۇشچانلىققا ئىگە قىلغان ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب.

ئالدى بىلەن تەبىئىي شارائىتنىڭ ياپونلارنى قانداق قىلىپ ئۇيۇشتۇرغانلىقىغا قاراپ باقايلى: ياپونىيە ئارال دۆلىتى بولۇپ، تۆت ئەتراپىنى دېڭىز ئوراپ تۇرىدۇ. دېڭىز- ئوكيانلار ئۇلارنىڭ غەرب ۋە شەرقىي ئاسيا چوڭ قۇرۇقلۇقى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تۇرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ياپونىيىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا باشقا مىللەتلەر بىلەن ئۈچرىشىش بولۇپ باقمىغان دېيەرلىك بولىدۇ. ياپونىيە قەدىمدىن ھازىرغىچە باشتىن- ئاخىر بىر مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ كەلگەن. بىر مىللەتلىك جەمئىيەت تەبىئىي ھالدا مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى جەھەتتىكى يەككىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەككە تۈزۈلمىلىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تاۋلىشى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى ئوخشاش پسخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى ئاسان بولغان. بۇ تۇرمۇش، خىزمەتتىكى ئۇيۇشچانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق ئاڭ كىشىلەرنى شۇ مىللەتنىڭ بىر ئەزاسى ئىكەنلىكىنى كۈچلۈك تونۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.

ياپونىيە 300 دىن كۆپ كىچىك ئارالدىن تەشكىل تاپقان. دەريا- ئېقىنلار ياپونىيىنى ئۇرغۇن يالغۇز ئارال ۋە تۈزلەڭلىكلەرگە بۆلۈۋەتكەن. بۇنداق شارائىت تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزئارا ھەمكارلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ياپونىيە شالچىلىق ئاساس قىلىنىدىغان دۆلەت. بۇ خىل دېھقانچىلىقتىمۇ شال تىكىش، سۇ ئىسلاھلىرىنى باشقۇرۇش جەھەتلەردە ئۆزئارا ماسلىشىش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇمۇ گۇرۇھ ئېڭىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى بىر سەۋەب.

بۇنىڭدىن قالسا تارىخىي سەۋەبلەر مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. تارىختا ياپونىيە بىرقانچە قېتىملىق قىسقا مۇددەتلىك بىرلىككە كەلگەندىن باشقا چاغلارنىڭ ھەممىسىدە زومىگەرلەرنىڭ زېمىنلارنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈۋېلىپ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە بولغان. بۇ خىل ئىجتىمائىي شارائىتمۇ ياپونلارنىڭ خاراكتېرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

چۈنكى، بۆلۈنۈۋېلىشقان ھەرقايسى ۋاساللارنىڭ كۆپىنچىسى رايونغا نىسبەتەن كىچىك گۇرۇھلار بولۇپ، بۇ كىچىك گۇرۇھ ئىچىدە ئەزالارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى «ۋاسال» دېيىلگەن مۇشۇ گۇرۇھنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە تەرەققىياتىغا جاۋابكار بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان. ئېنى چاغدا «بەش كىشىلىك بىرلەشمە كاپالەتچىلىك تۈزۈمى» ناھايىتى ئومۇملاشقان. بىر ئائىلىدىن مەسىلە چىقسا قالغان تۆت ئائىلە مەسئۇلىيىتىنى ئورتاق ئۈستىگە ئالغان. نەتىجىدە بۇ گۇرۇھتىكى ئەزالار ئۆزئارا يېقىن مۇناسىۋەتدار بولغان «تەقدىرداش ئورتاق گەۋدە»گە ئايلانغان. بۇ خىل تۈزۈمنىڭ ئۇزۇن زامانلارغىچە داۋاملىشىشى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئەزالارنىڭ پسىخىكىسىدا بارلىق ئىشلاردا گۇرۇھنىڭ ھەمكارلىقىغا تايىنىش، ئورتاق ھەرىكەت قوللىنىشتەك ئادىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇمۇ ياپونلارنىڭ ئۇيۇشقاقلىق ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

جەمئىيەت تۈزۈمى ئىجتىمائىي كاتېگورىيىگە تەۋە بولۇپ، ئۇ ياپونلارنىڭ گۇرۇھ ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىدە سەل قارىغىلى بولمايدىغان رول ئوينىغان. ئەنئەنە، ئۆرپ- ئادەت ھەمدە ماددىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ياپونلار ناھايىتى ئۇزۇن مەزگىل چوڭ ئائىلىدە ئورتاق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. بىر ئائىلىدە ئائىلە چوڭلىرى، بوۋا- مومىلار، ئائىلىگە تەۋە ئورتاق مۈلۈك ۋە ئورتاق قەبرىستانلىق بار بولۇپ، ئائىلە ئەزالىرى، ئۆز جەمەتىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئار- نومۇسىغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىغان. بۇنداق جەمەتمۇ ئەمەلىيەتتە بىر گۇرۇھ بولۇپ، قانداشلىق مۇناسىۋەت كىشىلەرنى شۇ گۇرۇھ دائىرىسىدە قاتتىق كونترول قىلغان، ئەزالارنىڭ ھەرىكەت بىرلىككە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئائىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئائىلە- مەنپەئىتىنى دەخلى تەرۇزگە ئۇچراشتىن قوغدىغان. لوس بېرنادىك مۇنداق دېگەن: ياپونىيىلىكلەر خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى جەريانىدا ئائىلىنىڭ «تاۋلاش»ى كىچىك چېغىدىلا باشلىنىدۇ... ھازىر ياپونلار ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان شىركەت، كارخانىنى ئائىلىسىدەك كۆرىدۇ، يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسى، مەكتەپداشلار ئۇيۇشمىسى قاتارلىق ئۇيۇشما پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە خۇشتار.

ئەمەلىيەتتە بۇمۇ جەمەت ئېڭىنىڭ بىر تۈرلۈك داۋاملىشىشى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆملۈك ئېڭىنىڭ شەكىللىنىشىدە ياپونىيىدە شەكىللەنگىنىگە ئۇزاق بولغان خادىم ياللاش تۈزۈمىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان. X I X ئەسىرنىڭ ئاخىرى X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن بۇيان ياپونىيىدە تەدرىجىي ھالدا ئۆمۈرلۈك ياللاش تۈزۈمى ۋە تۆھپىسىگە قاراپ رەتكە تۇرغۇزۇش تۈزۈمى شەكىللەندى. بۇنداق تۈزۈمدە ئىشچىلارنىڭ كارخانىغا قوشقان تۆھپىسىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى، مۇلازىمەت ئىستاژىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقىنى ئىشچىنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى، ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرۈش مۇئامىلە جەھەتلەردىكى يۇقىرى- تۆۋەنلىك بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈلدۇ. بۇنىڭدا ئۇلارنىڭ تەقدىرى كارخانىنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان بولىدۇ. بۇ تۈزۈم ئىشچىلارنى كارخانا (گۇرۇھ)قا تايانمىسا بولمايدىغان، بۇ گۇرۇھنىڭ گۈللىنىشى خارابلىشىشىغا مەسئۇل بولىدىغان قىلىدۇ. بۇمۇ ياپونلارنىڭ گۇرۇھ ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىدە ئىنتايىن زور رول ئوينىغان. ياپونىيىلىك بىر كىچىك كارخانىنىڭ دىرېكتورى مۇنداق دېگەن: «مەن ئىشچىلارغا زاۋۇت ۋەيران بولدى، ئەمدى ھەرقايسىڭلار باشقا چىقىش يولى ئىزدەڭلار دېسەملا، ئىككىنچى كۈنى ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلۈكىدىن ئىشىنا قوشۇپ جاپالىق ئىشلەيدۇ، شىركەت مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدۇ». بۇ سۆز ئادەم ياللاش تۈزۈمىنىڭ گۇرۇھ ئېڭىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

(«ياپونىيە نېمە ئۈچۈن» دېگەن كىتابتىن)

## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر دوكلاتىدا مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرى غايەت زور دەپ كۆرسىتىلدى

يېقىندا، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئىنسانىيەتنىڭ «بايلىق تەرەققىياتى» توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئېلان قىلدى. دوكلاتتا مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى رولى تىلغا ئېلىنغان. پاكىستان بىلەن كورىيىنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. 1960- يىلى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى، بىراق ئەينى چاغدا پاكىستاندىكى ئوقۇش يېشىغا توشقان بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 30 %. كورىيىنىڭ بولسا 94 % ئىدى. ھازىر كورىيىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىرىمى پاكىستانىڭكى ئۈچ ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، دوكلاتتا مۇنداق كۆرسىتىلگەن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى 100 % كە يېتەتتى. ھەر مىڭ كىشى ئارىسىدا 6 كىشى پەن تەتقىقات خادىمى ئىدى، ئەينى چاغدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەممىگە ئايان. نۆۋەتتە ياپونىيىدە ئالىملارنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، ھەر مىڭ كىشى ئىچىدە 7 گە يېتىدۇ.

(«پەن تېخنىكا تەرمىلەر گېزىتى»دىن)

## كىتابخۇمار يەھۇدىيلار

يەھۇدىيلار ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان كىتابخۇمار مىللەت. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ، پەن- مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ 1988- يىلدىكى تەكشۈرۈشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، يەھۇدىيلار ئولتۇراقلاشقان ئىسرائىلىيە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان كىتاب ۋە نەشرىيات سانى جەھەتتە دۆلەتلەر ئارىسىدا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرغان. ھەتتا ھەر بىر كىنىشىمۇ كۆركەم بېزەلگەن، مول كىتاب ساقلانغان كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانىلىرى بولغان.

پەقەت 5 مىليوندىن ئارتۇقلا نوپۇسقا ئىگە بۇ دۆلەتتە 890 خىل ژۇرنال نەشر قىلىنىدىكەن. ئىنگلىزچە چىقىدىغان «يېرۇسالېم پوچتىسى» گېزىتى كۈنلۈكى 48 بەت چىقىدىكەن، ئۇنىڭ ئايلىق باھاسى 180 دوللار بولۇشىغا قارىماي، تىراژى 1 مىليون نۇسخىدىن ئاشىدىكەن، مەملىكەت بويىچە ھەر 5 ئادەمگە بىر پارچىدىن توغرا كېلىدىكەن.

ئىسرائىلىيىلىكلەر يەھۇدىي دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، دىنىي قائىدە بويىچە ھەر ھەپتىنىڭ جۈمە كۈنى كۈن پاتقاندىن تارتىپ، شەنبە كۈنى كۈن پاتقانغىچە بولغان «دەم ئېلىش كۈنى»دە كىشىلەر ئائىلىدە ئولتۇرۇپ دۇئا- تىلاۋەت، ئىستىقامەت قىلىدۇ ياكى دەم ئالىدۇ، ئەمما كىتابخانىلارنى داۋاملىق ئېچىشقا بولىدۇ، «دەم ئېلىش كۈنى»نىڭ كۈندۈزى ياكى ئاخشىمى بولسۇن كىتابخانا ئادەمگە لىق تولۇپ تۇرىدۇ.

كىتابخۇمارلىقنى يەھۇدىيلارنىڭ دۆلىتى زاۋال تېپىپ 2000 يىلدىن كېيىن دۆلىتىنى قايتا تىكلىگەنلىكىنىڭ مۇھىم سەۋەبى دېيىشكە بولىدۇ. كىتابخۇمارلىق يەھۇدىيلاردىن ماركس ئېينشتېين ۋە مېندېلسونغا ئوخشاش سانسىز مۇتەپەككۇرلار، ئالىملار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبى، كىتابخۇمارلىق يەھۇدىيلارنى دۇنيادىكى بايلارنىڭ بېيىغا ئايلاندۇرغان، ئۇ يەنە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر تەركىبىدە يەھۇدىيلارنىڭ مۇھىم سالماقنى ئىگىلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى. كىتابخۇمارلىق يەھۇدىيلارنى بىر مۇنەۋۋەر مىللەتكە ئايلاندۇرغان. ئىسرائىلىيىگە بارغانلار يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي روھىغا قايىل بولماي قالمايدۇ. ئۇلار يەرلىرى ئۈنۈمسىز، بايلىقى كەمچىل تۇپراقتا ئىلغار سانائەتكە، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىگە ئىگە، پەن- تېخنىكىدا تەرەققىي تاپقان دۆلەتنى قۇرۇپ چىققان.

(«جۇڭگو تەرمىلەر گېزىتى»دىن)

## چەت ئەللەردىكى ئاجايىپ باجلار

تېلېۋىزىيە بېجى. بېلگىيىدە ئاھالىلەر تېلېۋىزور سېتىۋېلىشتا باج تاپشۇرىدۇ، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدىكى باشقا تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ پروگراممىلىرىنى كۆرمەكچى بولسا، مەخسۇس لىنىيە سىمى ئۇلاشقا ئىلتىماس قىلىشى ھەم قەرەلىدە ھۆكۈمەتكە ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا باج تاپشۇرۇشى لازىم.

سېمىز جەسەت بېجى. ئەنگلىيىنىڭ بېرمىنھام شەھىرىدە جەسەت ساندۇقلىرىنىڭ كەڭلىكى 23 ئىنگلىز سۇڭى (0.5802 مېتىر) بولۇشنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭغا پاتمىغان ئۆلگۈچىنىڭ ئىگىلىرى 7.5 فوندستېرلىڭ باج تاپشۇرۇشى كېرەك. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شەھەر مەمۇرىيىتىگە تەۋە يەرلىك قازغۇچى ئىشچىلار كەڭ جەسەت ساندۇقلىرى ئۈچۈن يەرلىك قېزىشقا ئۇنىمىغان. ئىشچىلار پارتىيىسىدىن بولغان پارلامېنت ئەزالىرى ئىشچىلار بىلەن بىر تەرەپتە تۇرۇپ، ئالاھىدە بولغان بۇ «سېمىز جەسەت بېجى»نى بارلىققا كەلتۈرگەن.

ئىسىم ئۆزگەرتىش بېجى. بېلگىيە قانۇنىدا، ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسمىنى خالىغانچە ئۆزگەرتسە بولۇۋېرىدۇ. ئەمما ھەر قېتىم ئىسىم ئۆزگەرتكەندە، 200 فرانك باج تاپشۇرۇشى لازىم.

نىكاھتىن ئاجرىشىش بېجى. ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتى بىر ئادىدىي نىكاھتىن ئاجرىشىش قانۇنىنى يولغا قويغان. ئۇنىڭدا توي قىلغىنىغا 2 يىل تولۇشمىغان، بالىلىق بولمىغان، قىممەتلىك مۈلكى بولمىغان ئەر- خوتۇنلار ئاجراشماقچى بولسا، شتاتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن تارمىقىغا پوچتا ئارقىلىق 30 دوللار نىكاھتىن ئاجرىشىش بېجى تاپشۇرۇپ، مۈلۈك داۋاسى چىقماسلىققا كاپالەت بەرسىلا، نىكاھتىن ئاجرىشىش ئۆزلۈكىدىن كۈچكە ئىگە بولىدىكەن.

بەت بېجى. فرانسىيە ھۆكۈمىتى گېزىتلەرنىڭ بېتىنىڭ ئاز- كۆپلۈكىگە ئاساسەن باج تاپشۇرۇشنى بەلگىلىگەن. بۇ بەلگىلىمە بىر بەتلىك چوڭ گېزىتلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

چاشقان باج. ھىندونېزىيىنىڭ غەربىدىكى يەرلىك دائىرىلەر ئاھالىنى يەر تېرىش، بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىش، چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىش، نىكاھلىنىش، نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىشتە «چاشقان باج» تاپشۇرسا ئاندىن رۇخسەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇ بۇيرۇقتا ھەر گېكتار شال ئېتىزىنى تېرىشقا رۇخسەت ئېلىش ئۈچۈن 75 چاشقان تاپشۇرۇشى كېرەك. بانكىدىن پۇل قەرز ئېلىش ياكى چەت ئەلگە ساياھەتكە چىقىش رەسمىيىتى بېجىرىشتىمۇ 75 چاشقان تاپشۇرۇش لازىم. نىكاھلىنىش ياكى نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى بېجىرىش ئۈچۈنمۇ 50 چاشقان تاپشۇرسا ئاندىن ئىلتىماسى تەستىقلىنىدۇ، چاشقانلار ئۆلۈك بولسىمۇ، تىرىك بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

پەرزەنتسىزلىك بېجى. سوۋېت ئىتتىپاقى 1987- يىل 2- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلاپ، توي قىلىپ باللىق بولمىغان ئەر- خوتۇنلاردىن پەرزەنتسىزلىك بېجى ئېلىشنى، باج نىسبىتى ئايلىق مائاشىنىڭ 6 % ى بويىچە بولۇشنى بەلگىلىگەن.

تىلەمچىلىك بېجى. پارىژنىڭ شانزېلىزې كوچىسى دۇنياغا داڭلىق، سىرتتىن جايلاردىن كەلگەن تىلەمچىلەر ۋە سەرگەردانلار بۇ يەرنىڭ قىياپىتىگە تەسىر يەتكۈزگەن. شۇڭا 15 مىڭ فرانك باج تاپشۇرغانلارلا بۇ يەردە تىلەمچىلىك قىلىش رۇخسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

(«دۇنيا بىلىملىرى» ژۇرنىلىدىن)

# فۇنكسىيەلەرنىڭ قىممەت ساھەسىنى تېپىشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى

فۇنكسىيەلەرنىڭ قىممەت ساھەسىنى تېپىشقا دائىر مەشقلەر ئوتتۇرا مەكتەپ ماتېماتىكا دەرسلىكلىرىدە دائىم ئۇچراپ تۇرسىمۇ، بىراق دەرسلىكتە ئۇنى يېشىشنىڭ كونكرېت ئۇسۇلى بايان قىلىنمىغان. شۇ سەۋەبتىن تۆۋەندە مەن فۇنكسىيەلەرنىڭ قىممەت ساھەسىنى تېپىشنىڭ بىر قانچە خىل ئۇسۇلى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

**1. كۆپەيتىش ئۇسۇلى**

فۇنكسىيەلەرنىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسى بىلەن ماس ھالدىكى قائىدىلەرگە ئاساسەن كۆزىتىش، ئانالىز قىلىش ئارقىلىق فۇنكسىيەلەرنىڭ قىممەت ساھەسىنى تېپىشقا بولىدۇ.

1- مىسال: فونكسىيە $y=\sqrt{x^3+3}$ نىڭ قىممەت ساھەسىنى تاپايلى.

يېشىش: ئارىفمېتىكىلىق يىلتىزنىڭ ئېنىقلىمىسىغا ئاساسەن، $y$ نىڭ قىممىتى مەنفى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن $x^2+3\geqslant 0$ (چۈنكى $x^2\geqslant 0$) بولىدۇ. بۇنى كۆزىتىش ئارقىلىق $\sqrt{x^2+3}\geqslant\sqrt{3}$ بولىدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن تاپماقچى بولغان فۇنكسىيىنىڭ قىممەت ساھەسى $(\sqrt{3},\infty)$ بولىدۇ.

**2. تەتۈر فونكسىيە ئۇسۇلى**

فونكسىيە $y=f(x)$ نى يېشىش ئارقىلىق تەتۈر فونكسىيە $x=f^{-1}(y)$ گە ئېرىشىمىز. فونكسىيە $x=f^{-1}(y)$ نىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسىنى تېپىش دېگىنىمىز، ئەمەلىيەتتە فونكسىيە $y=f(x)$ نىڭ قىممەت ساھەسىنى ئېنىقلاش دېگەنلىكتۇر. بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ قىممەت ساھەسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تاپقاندا، ماس ھالدىكى فونكسىيىنى مەنىگە ئىگە قىلىدىغان تەڭلىمە شەكلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلىش كېرەك.

2- مىسال: فۇنكسىيە $y=\frac{2^x}{2^x+1}$ نىڭ قىممەت ساھەسىنى تاپايلى.

يېشىش: چۈنكى فونكسىيە $y=\frac{2^x}{2^x+1}$ نىڭ تەتۈر فونكسىيىسى $x=log_2\frac{y}{1-y}$ بولۇپ، ئۇنىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسى

$$\begin{cases}\frac{y}{1-y}>0\\ 1-y\neq 0\end{cases}$$

بولىدۇ. بۇ تەڭسىزلىكلەر سىستېمىسىنى يېشىش ئارقىلىق $0<y<1$ گە ئېرىشىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ فونكسىيىنىڭ قىممەت ساھەسى $(0,1)$ بولىدۇ.

**3. دىسكرىمىنانت ئۇسۇلى**

بەزى فونكسىيەلەرنىڭ قىممەت ساھەسىنى ئىككىنچى دەرىجىلىك تەڭلىمە دىسكرىمىنانتىنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىپمۇ تېپىشقا بولىدۇ.

3- مىسال: فونكسىيە $y=\frac{x^2+3}{2x^4+9}$ نىڭ قىممەت ساھەسىنى تاپايلى.

يېشىش: بېرىلگەن فونكسىيىنىڭ ئانالىتىك شەكلىنى تۆۋەندىكىدەك ($x$ نىڭ قوش كۋادراتلىق تەڭلىمىسى) كۆرۈنۈشكە ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ:

$$2yx^4-x^2+9y-3=0 \qquad (1)$$

چۈنكى ئەسلىدىكى فۇنكسىيىنىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسى بارلىق ھەقىقىي سان بولغانلىقتىن، ئىپادە (1) نىڭ چوقۇم ھەقىقىي يىلتىزى بولىدۇ. يەنى $\triangle=(-1)^2-4\times 2y(9y-3)\geqslant 0$ بۇنى رەتلىسەك تەڭسىزلىك

$$72y^2-24y-1\leqslant 0 \qquad (2)$$

كېلىپ چىقىدۇ. بۇ تەڭسىزلىكنى يېشىش ئارقىلىق

$$\frac{2-\sqrt{6}}{12}\leqslant y\leqslant\frac{2+\sqrt{6}}{12} \qquad (3)$$

گە ئېرىشىمىز. يەنە فونكسىيە $y=\frac{x^3+3}{2x^4+49}$ دىن ئاسانلا $y>0$ (4) بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن فونكسىيە $y=\frac{x^3+3}{2x^4+49}$ نىڭ قىممەت ساھەسى $(0,\frac{2+\sqrt{6}}{12})$ بولىدۇ.

**4. كۋادراتقا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى**

كۋادراتقا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى فونكسىيەلەرنىڭ قىممەت ساھەسىنى تېپىشتا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

4- مىسال: فونكسىيە $y=2(log_2{}^{2x})^2+log_2{}^{(2x)^2}+2log_2{}^x+2$ نىڭ قىممەت ساھەسىنى تاپايلى.

يېشىش: ئەسلى فونكسىيىنىڭ ئانالىتىك شەكلىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ $y=2(log_2{}^x)^2+8log_2{}^x2+6$ گە

ئېرىشىمىز. ئۇنى كۋادراتقا كەلتۈرسەك $y = 2(\log_2 x + 2)^2$ بولىدۇ. چۈنكى $x=\frac{1}{4}$ بولغاندا، $(\log_2 x + 2)^2$ نىڭ ئەڭ كىچىك قىممىتى نۆل بولۇپ $(\log_2 x + 2)^2$ نىڭ قىممەت ساھەسى $(0,+\infty)$ بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى فۇنكسىيىنىڭ قىممەتلەر ساھەسى $[-2,+\infty)$ بولىدۇ.

**5. ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلى**

ئۆزگەرگۈچىلەرنى ئالماشتۇرۇش ماتېماتىكىلىق مەسىلىلەرنى يېشىشتە دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل بولغاچقا، فۇنكسىيىلەرنىڭ قىممەت ساھەسىنى تېپىشتىمۇ كۆپ قوللىنىلىدۇ.

5- مىسال: فۇنكسىيە

$$y=\frac{x-\sqrt{3}}{\sqrt{1+x^2}}$$

نىڭ قىممەت ساھەسىنى تاپايلى.

يېشىش: بۇ فۇنكسىيىنىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسى بارلىق ھەقىقىي سان. ئەگەر $x=tgt$ (بۇنىڭدا $t\in(-\frac{\pi}{2},\frac{\pi}{2})$) دەپ ئالساق، ئۇ ھالدا

$$y=\frac{tgt-\sqrt{3}}{sect}=sint-\sqrt{3}\,cost$$

$$=2sin(t-\frac{\pi}{3})$$

بولىدۇ. بۇنىڭدا $t\in(-\frac{\pi}{2},\frac{\pi}{2})$ بولغانلىقتىن، $-\frac{5\pi}{6}<t-\frac{\pi}{3}<\frac{\pi}{6}$ بولىدۇ، $-\frac{5}{6}\pi<t-\frac{\pi}{3}<-\frac{\pi}{2}$ بولغاندا، $y$ نىڭ فۇنكسىيىسى كېمەيگۈچى بولۇپ، $-2<y<-1$ بولىدۇ، $-\frac{\pi}{2}\le t-\frac{\pi}{3}<\frac{\pi}{6}$ بولغاندا، $y$ نىڭ فۇنكسىيىسى ئېشىپ بارغۇچى بولۇپ $-2\le y<1$ بولىدۇ. شۇڭا ئەسلى فۇنكسىيىنىڭ قىممەت ساھەسى $[-2,1)$ بولىدۇ.

**6. ئالگېبرالىق ئاساسىي تەڭسىزلىكتىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى**

بەزى فۇنكسىيىلەرنىڭ قىممەت ساھەسىنى ئالگېبرالىق ئاساسىي تەڭسىزلىك $x+y\geqslant 2\sqrt{xy}$ $(x\geqslant 0, y>0)$ دىن پايدىلىنىپ تاپقاندا، ناھايىتى ئوڭاي تاپقىلى بولىدۇ.

6- مىسال: $a$، $b$ لارنىڭ بىرگە تەڭ بولمىغان ئوڭ سانلار ئىكەنلىكى بېرىلگەن بولسا، $\log_a b+\log_b a$ نىڭ قىممەت ساھەسىنى تاپايلى.

يېشىش: $\log_a b=x$ دېسەك (بۇنىڭدا $x$ نۆل بولمىغان ھەقىقىي سان)، ئۇ ھالدا $\log_a b+\log_b a=x+\frac{1}{x}$ بولىدۇ. يەنى $x>0$ بولغاندا $x+\frac{1}{x}\geqslant 2\sqrt{x\cdot\frac{1}{x}}=2$ بولىدۇ. يەنى، بىر تەرەپتىن $x+\frac{1}{x}$ بولسا $x$ نىڭ تاق فۇنكسىيىسى بولغانلىقتىن، $x<0$ بولغاندا $x+\frac{1}{x}\leqslant -2$ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن $\log_a b+\log_b a\leqslant -2$ ھەمدە $\log_a b+\log_b a\geqslant 2$ كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسلى فۇنكسىيىنىڭ قىممەت ساھەسى $(-\infty,-2]\cup[2,+\infty)$ بولىدۇ.


**7. گرافىك ئۇسۇلى**

فۇنكسىيىلەرنىڭ ماس قائىدىلىرىگە ئاساسەن، فۇنكسىيىنىڭ گرافىكىنى سىزىپ چىقىپ، فۇنكسىيىنىڭ ئارتىپ بېرىش ھەم كېمىيىپ بېرىش، ئېكسترېمۇم قىممىتى، نۆل نۇقتىسى قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن پايدىلىنىپ، فۇنكسىيىنىڭ گرافىكىنىڭ ئورنىنى ئېنىقلايمىز ھەمدە بۇ گرافىكنىڭ ئورنىدىن پايدىلىنىپ، فۇنكسىيىنىڭ قىممەت ساھەسىنى بەلگىلەيمىز.

7- مىسال: فۇنكسىيە $y=\frac{1}{1-x^2}$ نىڭ قىممەت ساھەسىنى تاپايلى.

يېشىش: فۇنكسىيىنىڭ گرافىكىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال فۇنكسىيىنىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسىنى تاپىمىز. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىلىملەردىن بېرىلگەن فۇنكسىيىنىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسىنىڭ $(-\infty,-1)$، $(-1,1)$، $(1,+\infty)$ بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. شۇنىڭ بىلەن فۇنكسىيىنىڭ ئېنىقلىنىش ساھەسىنىڭ ھەربىر ئارىلىقىدا فۇنكسىيىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلىمىز.

$-\infty<x<-1$ بولغاندا، $y$ نۆلدىن (نۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) كېمىيىپ مەنفىي چەكسىزلىككە قاراپ ماڭىدۇ. $-1<x<1$ بولغاندا، $y$ مۇسبەت چەكسىزدىن 1 گە كېلىدۇ. يەنى 1 دىن ئېشىپ مۇسبەت چەكسىزلىككە قاراپ ماڭىدۇ. $1<x<+\infty$ بولغاندا، $y$ مەنفىي چەكسىزلىكتىن ئېشىپ 0 گە بارىدۇ. بىز يۇقىرىقى




گرافىكتىن بۇ فۇنكسىيىنىڭ قىممەت ساھەسىنىڭ $(-\infty,0)\cup(1,+\infty)$ بولىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

(05)

ساۋۇتجان ئاۋۇت ماتېرىيالغا ئاساسەن رەتلىگەن.
(قارىماي مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن)


# فىزىكا مەسىلىلىرىنى يېشىشتە قوشۇمچە شەكىلدىن پايدىلىنىش توغرىسىدا

* ياسىن قادىر *
(ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

فىزىكا ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا ئۆگەنگەن نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئىشلىتىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، نۇرغۇن ئەمەلىي مەشقلەر ئىشلەپ كۆرسىتىلدۇ ھەم تاپشۇرۇق بېرىلىدۇ. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار تاپشۇرۇق بېرىلگەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ يېشىشتە، شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك فىزىكىلىق قائىدە- قانۇنلارنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىغا، ئىشلىتىلىش دائىرىسىگە دىققەت قىلماي ۋە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزمىيلا، ئۆزى بىلگەن بىرقانچە فىزىكىلىق فورمۇلىلار ئارقىلىق مەسىلە يېشىشكە ئالدىرايدۇ. نەتىجىدە ھېچقانداق مەسىلىنى ھەل قىلالمايدۇ. ھەتتا بەزى ئوقۇغۇچىلار بىرقەدەر قىيىنراق مەسىلىلەرگە يولۇققاندا، ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلمەيدۇ. ئەگەر كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، بېرىلگەن مەسىلىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، قوشۇمچە شەكىل سىزىش ئارقىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈلسە، مەسىلىنى يېشىشنىڭ يولىنى ئاسانلا تاپقىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنى تۆۋەندىكى بىرقانچە ئەمەلىي مىسالنى يېشىش ئارقىلىق چۈشەندۈرىمىز.

1- مىسال: ماسسىسى $M = 1kg$ بولغان ياغاچ پارچىسى سىلىق گورىزونت پارتا ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، گورىزونت ھالدا ئېتىلغان بىر دانە ئوق ياغاچ پارچىسىغا تەككەن، ئەگەر ئوقنىڭ ماسسىسى $m = 20g$، ياغاچ پارچىسىغا تېگىشتىن ئىلگىرىكى تېزلىكى $v_1=200m/s$، ياغاچ پارچىسىنى تېشىپ چىققاندىن كېيىنكى تېزلىكى $v_2=100m/s$ بولۇپ، ئوقنىڭ ياغاچ پارچىسىنى تېشىپ ئۆتكەندە ئۇچرىغان ئوتتۇرىچە قارشىلىق كۈچى $f=2000N$ بولسا، ئوقنىڭ ياغاچ پارچىسىنى تېشىپ ئۆتكىچە بولغان بىر بۆلەك ۋاقىت ئىچىدىكى ئوق بىلەن ياغاچ پارچىسىنىڭ يۆتكىلىشى ئايرىم- ئايرىم ھالدا قانچە بولىدۇ؟ ياغاچ پارچىسىنىڭ قېلىنلىقىچۇ؟

يېشىش: مەسىلىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك قوشۇمچە شەكىل سىزىۋېلىشقا بولىدۇ. ياغاچ پارچىسىنىڭ پارتىغا نىسبەتەن يۆتكىلىشى




s، ياغاچ پارچىسىنىڭ قېلىنلىقىنى $d$ دېسەك، ئۇ ھالدا ئوقنىڭ پارتىغا نىسبەتەن يۆتكىلىشى $s+d$ بولىدۇ. چۈنكى ئوق ياغاچ پارچىسىنى تېشىپ ئۆتۈش جەريانىدا، گورىزونت يۆنىلىشتە سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغانلىقتىن، ھەرىكەت مىقدارىنىڭ ساقلىنىش قانۇنىغا ئاساسەن، مۇنداق بولىدۇ:

$$mv_1=mv_2+mv \qquad (1)$$

$v$ بولسا ئوقنىڭ ياغاچ پارچىسىنى تېشىپ چىققاندىكى ياغاچ پارچىسىنىڭ تېزلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھەرىكەت ئېنېرگىيە تېئورېمىسىغا ئاساسەن، مۇنداق بولىدۇ:

$$-f(s+d)=\frac{1}{2}mv_2^2-\frac{1}{2}mv_1^2 \qquad (2)$$

ئوققا نىسبەتەن:

$$f_s=\frac{1}{2}mv^2 \qquad (3)$$

ياغاچ پارچىسىغا نىسبەتەن:

ئىپادە (1) دىن ياغاچ پارچىسىنىڭ تېزلىكىنى تاپساق، مۇنداق بولىدۇ:

$$v=\frac{mv_1-mv_2}{M}$$

$$=\frac{0.02\times200-0.02\times100}{1}\cdot m/s$$

$$=2m/s.$$

ئەمدى ئىپادە (2) دىن ئوقنىڭ يۆتكىلىشىنى تاپساق، تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

$$s+d=\frac{\frac{1}{2}mv_1^2-\frac{1}{2}mv_2^2}{f}$$

$$=\frac{\frac{1}{2}\times 0.02\times 200^2-\frac{1}{2}\times 0.02\times 100^2}{2000}\text{m}$$

$= 0.15\text{m}$ •

ئاخىردا ئىپادە (3) دىن ياغاچ پارچىسىنىڭ يۆتكىلىشىنى تاپساق، مۇنداق بولىدۇ:


$$s=\frac{\frac{1}{2}Mv^2}{f}=\frac{\frac{1}{2}\times 1\times 2^2}{2000}\cdot \text{m}=0.01\text{m}$$ •

ياغاچ پارچىسىنىڭ قېلىنلىقى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:


$$d=(s+d)-s$$
$$=(0.150-0.001)\text{m}$$
$$=0.149\text{m}$$ •

كۆرۈۋشكە بولىدۇكى، مەسىلىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، قوشۇمچە شەكىل سىزىۋالغاندا، فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى كونكرېت ئىپادىلىگىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تاپماقچى بولغان فىزىكىلىق مىقدارلارنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ ناھايىتى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ. باشقا مەسىلىلەرنى يەشكەندىمۇ ئوخشاشلا مەسىلىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن قوشۇمچە شەكىل سىزىش ئارقىلىق تەھلىل يۈرگۈزگەندە، مەسىلە يېشىشنىڭ يوللىرىنى ئاسان تاپقىلى ۋە يەشكىلى بولىدۇ.


2- مىسال: رەسىم $(A)$ دا كۆرسىتىلگەندەك، توك يولى بېرىلگەن بولۇپ، (1) $R=\infty$ $R=0$ بۇنىڭدا (2) بولغاندا سىرتقى توك يولىنىڭ ئومۇمىي قارشىلىقىنى ئايرىم- ئايرىم ھالدا تاپايلى.



(A)



(B)



(C)

يېشىش: (1) $R=0$ بولغاندا مەسىلىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، رەسىم $(B)$ نى سىزىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا سىرتقى توك يولىدىكى ئومۇمىي قارشىلىق مۇنداق بولىدۇ:

$$R_\circ=\frac{1}{\frac{1}{R_1}+\frac{1}{R_2}}+\frac{1}{\frac{1}{R_2}+\frac{1}{R_1}}$$
$$=\frac{R_1R_2}{R_1+R_2}.$$


(2) $R=\infty$ بولغاندا، مەسىلىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، رەسىم $(C)$ نى سىزىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدا سىرتقى توك يولىدىكى ئومۇمىي قارشىلىق مۇنداق بولىدۇ:

$$R_\circ=\frac{R_1+R_2}{2}.$$

3- مىسال: يورۇقلۇق مەنبەسىدىن چىققان بىر دەستە نۇر يەر يۈزىدىن تىك يۇقىرىدىكى مەلۇم ئورۇنغا پاراللېل قويۇلغان تەكشى ئەينەككە چۈشىدۇ. ئەينەكتىن يەر يۈزىگىچە بولغان تىك ئارىلىق $3m$، ئەگەر تەكشى ئەينەك بىلەن گورىزونت يۈز ئوتتۇرىسىدا $30°$ بۇلۇڭ ھاسىل قىلساق، ئۇ ھالدا يەر يۈزىگە قايتقان نۇرنىڭ ئورنى يورۇقلۇق مەنبەسىدىن قانچىلىك يىراقلىقتا بولىدۇ؟

يېشىش: مەسىلىنىڭ مەنىسىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك شەكىلنى سىزىۋېلىشقا بولىدۇ ھەمدە بۇنىڭغا ئاساسەن قايتقان نۇرنىڭ ئورنى $AB$ نى تاپساق، مۇنداق بولىدۇ:

$$\because tg2\alpha=\frac{AB}{AO}$$




$$\therefore AB=AO\cdot tg2\alpha$$
$$=3\text{m}\times tg60°$$
$$=5.2\text{m}$$ •

ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش، تەھلىل قىلىش ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئوتتۇرا مەكتەپ فىزىكا ئوقۇتۇش مەقسىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ يېشىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنى فىزىكىدا ئۆگەنگەن مۇھىم چۈشەنچىلەرنى ياخشى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئاساسىي قائىدە- قانۇنلارنى پۇختا ئىگىلەشكە يېتەكلەشتىن باشقا، مەسىلىلەرنى يېشىشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرىنى ئوقۇتۇش ئاساسىدا، بېرىلگەن مەسىلىنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، قوشۇمچە شەكىل سىزىپ تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. (05)

# خىمىيە ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىدىكى بەزى تەجرىبىلىرىم

ئەنۋەر ئىبراھىم
(مېجۈەن شەھەرلىك مائارىپ تەتقىقات تەربىيىلەش مەركىزىدىن)

خىمىيە ئوقۇتۇشى تەجرىبىنى ئاساس قىلىدىغان، ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن زىچ باغلانغان، ئەمەلىيەتچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر خىل ئوقۇتۇش جەريانى. بۇنىڭدىكى ھالقىلىق مەسىلە ـ تەجرىبە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى مۇستەھكەملەش، ئۇلارنىڭ بۇ پەنگە بولغان قىزىقىشى، شۇنداقلا بىلىم ئىگىلەشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتۇر. دەرسخانا ئوقۇتۇشى خىمىيە ئوقۇتۇشىنىڭ يادرولۇق تەركىبىي قىسمى. پېداگوك بۇلوم: «دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ تۈپ مەقسىتىـ بىلىم ئىگىلىتىش. بىلىم ئىگىلىتىش ئۈچۈن جانلىق، ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش سەنئىتى بولۇشى لازىم» دېگەن. دېمەك، خىمىيە ئوقۇتۇشىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، چوقۇم دەرسخانىدىكى 45 مىنۇت ۋاقىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆپلەپ بىلىم ئىگىلىتىش، يەنى ھەر خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا دەرسخانىدا مەسىلەر ئۈستىدە ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزىدىغان ھەمدە ئۆزلۈكىدىن بىلىمگە ئىنتىلىدىغان پۇرسەت ۋە سورۇن ھازىرلاپ بېرىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بىلىم ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، خىمىيە ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، بولۇپمۇ نىشانلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ يولغا قويۇلۇشى، شۇنداقلا ساپا مائارىپىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مەنمۇ بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىدەك بەزى ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردىم:

**1. تەجرىبە ئارقىلىق ئىزدىنىپ، دەرس مەزمۇنىنى ئىگىلەش ئۇسۇلى.**

بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ كونكرېت جەريانى مۇنداق: ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن يېڭى دەرس مەزمۇنىغا ئائىت ئوقۇغۇچىلار تەجرىبىسى ۋە كۆرسەتمىلىك تەجرىبىلەرگە ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەش باسقۇچى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك يېڭى تەجرىبىنى لايىھىلەيدۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى قول سېلىپ تەجرىبە ئىشلەپ، ھادىسىنى كۆزىتىدۇ، سانلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ، تەھلىل يۈرگۈزۈپ خۇلاسە چىقىرىدۇ. ئاندىن ئوقۇتقۇچىنىڭ تەشكىللىشى ئارقىسىدا، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ئېرىشكەن خۇلاسە نەتىجىلىرىنى دەرسلىكتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا سېلىشتۇرۇپ، قايتا ئانالىز يۈرگۈزۈش ئارقىلىق توغرىلاش ئېلىپ بارىدۇ. ئوقۇتقۇچى مۇجمەل بولغان نۇقتىلىق قىيىن مەسىلىلەر ھەققىدە ئۆز ۋاقتىدا ئانالىز يۈرگۈزۈپ يېتەكلەش، مىسال كەلتۈرۈش قاتارلىق باسقۇچلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ مەسىلىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىسىنى كېڭەيتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭى دەرس مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي ئىگىلىتىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، بۇ، تەجرىبە ـ ئانالىز ـ ئوقۇش ـ ئانالىز ـ قىيىن نۇقتىلارنى چۈشىنىش قاتارلىق بەش جەرياننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھەربىر باسقۇچ بىر ـ بىرىگە ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ھەقىقىي ئۈنۈمنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇ خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ماھىيىتى ئوقۇغۇچىنى ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئۇلارنىڭ بىلىم ئىگىلەشتىكى پاسسىپلىقىنى تەشەببۇسكارلىققا ئۆزگەرتىپ، يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىپ ۋە تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتۇش جەريانىنى ئوقۇتقۇچى سۆزلەپ چۈشەندۈرۈشتىن ئوقۇغۇچى ئىزدىنىپ چۈشىنىشكە يۈزلەندۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولى شۇكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ھەرىكەت مىقدارىنى ئاشۇرۇش ھەمدە ئۇلارنىڭ قاتنىشىش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئوقۇتقۇچى ئاز سۆزلەش، ئوقۇغۇچى كۆپ سۆزلەش مەقسىتىگە يېتكىلى، شۇنداقلا ئوقۇغۇچىلاردا ئەستايىدىل كىتاب كۆرۈپ ئانالىز يۈرگۈزىدىغان ئىلمىي ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش ئىشەنچىسىنى ۋە قىزىقىشىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**2. «گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ مۇسابىقە ئېلىپ بېرىش» شەكلى ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى**

بۇ خىل ئۇسۇل تۆۋەندىكى بىرقانچە باسقۇچلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) گۇرۇپپىلارغا ئايرىش باسقۇچى

بىرىنچى قېتىملىق سىناق ئىمتىھانىدىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەتىجىسىگە ئاساسەن، نەتىجىسى ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلار گۇرۇپپا باشلىقى قىلىنىدۇ، قالغان ئوقۇغۇچىلار دەرس نەتىجىسىگە قاراپ، نەتىجىسى يۇقىرى-تۆۋەن بولغانلىرى تەڭشىلىپ، بىرقانچە گۇرۇپپا تەشكىللىنىدۇ.

2) تۈرلەر بويىچە باھالاپ سېلىشتۇرۇش باسقۇچى

(1) دەرسخانىدا مۇسابىقىلىشىش

بەزى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر، دەرسنىمۇ ناھايىتى ئەستايىدىل ئۆتىدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرى بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ھالىتى، يەنى دەرس ئاڭلاش ۋە ئوقۇتقۇچىغا ماسلىشىش قاتارلىق جەھەتلەرگە سەل قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تەبىئىي ھالدا ئوقۇتۇش ئۈنۈمىگە تەسىر يېتىدۇ. ئەمما ئۇلار سەۋەبلىكنى ئوقۇغۇچىلارغا يۈكلەپ، ئۆزىنى جاۋابكارلىقتىن قاچۇرۇپ، يامان تەسىر پەيدا قىلىدۇ. دەرسخانا ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ئىگىلىتىپ، قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدىغان مۇھىم سورۇن. ئوقۇغۇچىلارغا دەرسنى پۇختا ئىگىلىتىشتە، ئوتتۇرتقۇچى پۇختا تەييارلىق بىلەن دەرس سۆزلەشتىن سىرت، ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل قويۇپ دەرس ئاڭلىشى ۋە ئوقۇتقۇچىغا يېقىندىن ماسلىشىشى ناھايىتى مۇھىم. بۇ خىل يېتەرسىزلىكتىن ساقلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، دىققىتىنى دەرسكە مەركەزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، دەرسخانا ئىنتىزامى، ئوقۇتقۇچىغا ماسلىشىش ئەھۋالى، سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشى قاتارلىق جەھەتلەردە بۆلۈنگەن گۇرۇپپىلار بويىچە مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىپ، ھەممە جەھەتتىن ياخشى بولغانلىرىغا نومۇر قوشۇلىدۇ، ناچار بولغانلىرىدىن نومۇر تارتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سىنىپتا بىر رىقابەت خاراكتېرى شەكىللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئاڭلاش، ئىگىلەش ئۈنۈمى ئاشۇرۇلۇپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنىڭ ياخشى بولۇشىغا ئاساس سېلىنىدۇ.

(2) ئىككىنچى دەرسخانىدا مۇسابىقىلىشىش

ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتى ئوقۇتۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تولۇقلاش رولىغا ئىگە بولۇپ، سەل قاراشقا قەتئىي بولمايدۇ. خىمىيە ئوقۇتۇشىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاش، ئۆگىنىشنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇستەھكەملەش، زېھنىي قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىڭ رولى تېخىمۇ زور. ئىككىنچى دەرسخانا پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، دەرس مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك مودېللارنى ياساش، ئائىلىدە كىچىك تەجرىبىلەرنى ئىشلەش، دەرستىكى قىيىن نۇقتىلارغا ئۆز قارىشىنى شەرھىيلەپ ماقالا يېزىش، تام گېزىتى چىقىرىش، يېڭى تەجرىبە باسقۇچلىرى ۋە يېڭى تەجرىبە قۇرۇلمىلىرىنى لاھىيىلەش ئۈستىدە ئىزدىنىش قاتارلىقلار. ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ مۇۋاپىق تۈرلەرنى تاللاپ، ئۇنى باش تېما قىلغان ئاساستا مۇسابىقە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇسابىقە نەتىجىسىگە قاراپ باھالاش ئېلىپ بېرىلىپ، ياخشىلىرى تاللىنىپ نومۇر قويۇلىدۇ.

(3) تەجرىبە ئىشلەشتە مۇسابىقىلىشىش

تەجرىبە ـ خىمىيە ئوقۇتۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. مۇۋاپىق تەشكىللەنسە، ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. بۇنىڭدىمۇ مۇسابىقە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. يەنى تەجرىبە ئىشلەش شارائىتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئوقۇغۇچىلار بۆلۈنگەن گۇرۇپپىلارنىڭ سانىغا ئاساسەن، بىرقانچە (ئاز دېگەندە ئىككى) يۈرۈش تەجرىبە قۇرۇلمىسى تەييارلىنىدۇ. قانچە يۈرۈش قۇرۇلما بولسا، شۇنچە گۇرۇپپا تەجرىبە تەلىپى بويىچە تەجرىبىنى باشلايدۇ. ئوقۇتقۇچى ھەرقايسى گۇرۇپپىلارنىڭ تەجرىبە باسقۇچلىرىنى ئورۇنلاش ئەھۋالى، تەجرىبە مەشغۇلاتىنىڭ توغرا ـ خاتالىقى، ئىشلىتىلگەن ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى، تەجرىبە نەتىجىسىنىڭ توغرا-خاتالىقى قاتارلىق جەھەتلەرگە قاراپ نومۇر قويۇپ باھالايدۇ.

(4) مۇزاكىرە دەرسىدە مۇسابىقىلىشىش

مۇزاكىرە دەرسى بەزى ئوقۇتقۇچىلارغا نىسبەتەن ئۆتۈش بىرقەدەر قىيىن بولغان بىر سائەتلىك دەرس ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار مۇزاكىرە دەرسىنى ئۆتۈشتە بۇرۇن ئۆگەنگەن مەزمۇنلارنى دوسكىدا ياكى ئاغزاكى ھالدا بىرقۇر تەكرارلاشتەك شەكىل ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلاردا كۆپىنچە زېرىكىش كەيپىياتى پەيدا بولۇپ، دەرسكە قىزىقماسلىق، ئوقۇتقۇچىغا ماسلىشالماسلىقتەك ئەھۋاللارنى شەكىللەندۇرۇپ، دەرس ئۈنۈمىگە زور تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالنى تۈگىتىش ئۈچۈن، مۇزاكىرە دەرسىدە مۇسابىقە شەكلىنى قوللىنىش ناھايىتى مۇۋاپىق. يەنى ئوقۇتقۇچى مۇزاكىرە دەرسكە كىرىشى بىلەنلا،

ئوقۇغۇچىلارغا تەكرارلاش دائىرىسى بىلەن تېمىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىر گۇرۇپپىدىكى بىر نەپەر ئوقۇغۇچى تەكرارلاش دائىرىسىدىكى سوئاللار بويىچە يەنە بىر نەپەر باشقا گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىدىن سوئال سورايدۇ. ئەگەر ئىسمى ئاتالغان ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرەلمىسە، شۇ گۇرۇپپىدىكى باشقا ئوقۇغۇچى جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما شەخسنىڭ ۋە گۇرۇپپىنىڭ نومۇرى تارتىلىدۇ. مۇشۇنداق رېتىم بويىچە ئوخشىمىغان گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارا سوئال سوراش ئېلىپ بېرىلىدۇ. سورالغان سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابنىڭ توغرا - خاتالىقىغا ئاساسەن، نومۇر قويۇپ باھالىنىدۇ ھەمدە ئوقۇتقۇچى تولۇقلاش ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مۇزاكىرە دەرس مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلار ئارا تالاش - تارتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىگىلىتىلىدۇ.

3) ئومۇملاشتۇرۇپ باھالاش باسقۇچى

يۇقىرىقى ھەر جەھەتتىن مۇسابىقىلىشىش مەلۇم ۋاقىت باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى گۇرۇپپىلار ۋە شۇ گۇرۇپپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئېرىشكەن نەتىجىلىرى ئىلمىي يوسۇندا خۇلاسىلىنىپ، ئەلا بولغان گۇرۇپپا ۋە شەخسلەر ماددىي جەھەتتىن مۇكاپاتلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى بىر ئوقۇش يىلىدا ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بىرقانچە قېتىم ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسخانىدىكى ۋە ئىككىنچى دەرسخانىدىكى پائالىيەتلىرىنى ئابستراكت ھالدا ئەمەس، بەلكى ئىلمىي يوسۇندا مىقدارلاشتۇرۇپ باھالاپ، ئوقۇتۇشقا قاتنىشىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئاكتىپلىقىنى قوزغاش، خىمىيىگە بولغان قىزىقىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دەرسخانىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا ئومۇميۈزلۈك رىقابەتلىشىشتەك جۇشقۇن، جانلىق ئۆگىنىش كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئىككى خىل ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ماھىيەتلىك ئورتاقلىقى شۇكى، بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىنى بىلىم ئىگىلەشنىڭ خوجايىنلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئۆزلۈكىدىن ئىزدىنىشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش، بىلىم قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ، ھازىرقى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ساپا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ پەن - مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. (04)

# تەبىئەت دەرسىنى ئوقۇتۇشتىكى تۆت ھالقا

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تۆۋەن يىللىقىدىن باشلانغان تەبىئەت دەرس ئوقۇتۇشى، ئوقۇغۇچىلارنى تەبىئەتنى كۆزىتىشكە ۋە شەيئىلەرنىڭ ھادىسىلىرى ۋە ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ تەتقىق قىلىشقا يېتەكلەش ئارقىلىق، ئۇلارنى تەبىئىي مۇھىت ئىچىدە بىلىمگە ئىگە قىلىدۇ، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرىدۇ، ئىلمىي ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە تۆۋەندىكى تۆت ھالقىنى چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

**1. دەسلەپكى تەھلىل ـ تەبىئەت بىلىملىرىگە ئىگە بولۇش، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى، رولى، شەيئىلەر بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىگىلەش، داۋلىلارنى ئېنىق سۆزلەش، تەبىئەتنى تونۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش**

باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشى كىچىك، بىلىمى ئاز، شەيئىلەرنى تونۇش، تۈرگە ئايرىش، شەيئىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ۋە پەرقىنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارى چەكلىك. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئوقۇتقۇچى تەبىئەت دەرسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى رەتلەپ چىقىپ، شەيئىلەرنى تۈرگە ئايرىشنىڭ داۋلىسىنى، رولىنى سۆزلەش كېرەك. مەسىلەن، «ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرنى تېپىش» دەرسىدە، مىقنى ئېلىپ ئېيتساق، ئۇ ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك جىسىم ھەم دائىم ئۇچرايدىغان جىسىم، لېكىن باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نېمىگە ئاساسەن تونۇشنى بىلمەيدۇ ھەم دېيەلمەيدۇ. بۇنىڭدا، ئوقۇتقۇچى ھەرخىل مىقلارنىڭ ماھىيەتلىك «رولى»نى شەرھىلەپ بەرسە بولىدۇ: مىقلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بىر بېشى كىچىك، بىر بېشى چوڭ بولىدۇ، سىرتقى كۈچنىڭ بېسىشى، قىسىشى ئارقىلىق جىسىم ئىچىگە قېقىپ كىرگۈزۈلىدۇ، بۇرما مىق بۇراش كۈچى ئارقىلىق جىسىم ئىچىگە ئاستا- ئاستا بۇراپ كىرگۈزۈلىدۇ، ئۇ تېخىمۇ چىڭ تۇتۇپ تۇرۇش كۈچىگە ئىگە... ئاندىن ئەستايىدىل كۆزىتىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مىقنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئىگىلىنىدۇ. تەبىئەت دەرسىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كۆپ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى ئەتراپىتىكى تەبىئىي شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەر

بىلەن كۆپرەك ئۇچراشتۇرۇپ، ئەقلىي بىلىشنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن مول ھېسسىي ئاساس سېلىشى كېرەك.

**2. كۆزىتىش ـ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى كۆزىتىپ، تەدرىجىي ھالدا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش**

كۆزىتىش ـ تەپەككۇرنىڭ «كۆزى» ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەيئىلەرنى تونۇشىنىڭ دەرىزىسى. باشلانغۇچ مەكتەپ تەبىئەت دەرس ئوقۇتۇشىدا، ئوقۇغۇچىلار ئاۋۋال كۆزىتىش ئارقىلىق ھېسسىي ماتېرىيالغا ئىگە بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىتىش ھەۋىسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى، شارائىت ھازىرلاپ كۆزىتىش ھەۋىسىنى قوزغىشى لازىم. مەسىلەن، «تەبىئەتتىن كۈندىلىك خاتىرە»نى ئوقۇتۇشتا، «ھاۋارايى ئەھۋالىنى رەتلەش، ستاتىستىكىلاشنى ئۆگىنىۋېلىش»نى ئۆگىتىش كېرەك. بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى ئاۋۋال كۆزىتىش مەقسىتىنى بىلدۈرۈپ، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا بۇ تېمىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەھمىيىتىنى سۆزلەش كېرەك. مەسىلەن، «ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، ھاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى، يەر شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزغا ئىنتايىن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى» قاتارلىقلار. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىشى بىر تەرەپلىمە، تېيىز بولىدۇ، بەزىدە بىر تەرىپىنىلا كۆزىتىدۇ، قالغان تەرىپىنى تاشلاپ قويىدۇ، سىرتىنىلا كۆزىتىدۇ، ماھىيىتىنى ئويلىمايدۇ. ئوقۇتقۇچى كۆزىتىشكە يېتەكلىگەندە، ئوقۇغۇچىلارنى تەرتىپ بويىچە كۆزىتىشكە، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى تۇتۇشقا، ئىمكانىيەت بار ھەم چۈشۈرۈپ قويۇشتىن، ھەم تەكرارلىنىپ قېلىشتىن ساقلىنىشقا، كۆزەتكەن ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ئوبيېكتىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرۈشكە يېتەكلەش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئوقۇغۇچىلارغا بەزى كۆزىتىش تۈرلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش كېرەك. مەسىلەن، «ھاۋارايىدىن خاتىرە قالدۇرۇش» ـ دەل بىر خىل ئۇزۇن مۇددەت كۆزىتىدىغان پائالىيەت بولۇپ، ۋاقىت قىسقا بولسا بولمايدۇ. پەقەت ئومۇمىيۈزلۈك قارىغاندا، چوڭقۇر كۆزەتكەندە ئاندىن قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىققىلى بولىدۇ، بۇ ھەم ياخشى تەپەككۇر ئادىتىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ پايدىلىق.

**3. تەجرىبە ئىشلەش ـ بىۋاسىتە بىلىمگە ئىگە بولۇش**

تەجرىبە ئىشلەش ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەيئىلەرنى تونۇشى، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە ماھىيىتىنى ئىگىلىشىدىكى ئۈنۈملۈك ۋاسىتە ھەم ئىنسانلارنىڭ شەيئىلەرنى تونۇشىدىكى ئىلمىي ئۇسۇل. بۇنىڭدا، ئوقۇتقۇچى تولۇق تەييارلىق كۆرۈشى، مەقسەتلىك، كۆڭۈلدە سوئال بولغان ھالدا تەجرىبە ئوقۇتۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك. تەجرىبە كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەجرىبە ئىشلىتىش، ھەممە ئىشنى ئوقۇتقۇچى ئۈستىگە ئېلىۋالماسلىق كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسىراتى چوڭقۇر بولىدۇ. مەسىلەن، «پىشاڭنىڭ رولى»نى سۆزلىگەندە، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى دالىغا ئېچىقىپ، ئۆزلىرىگە سىناتقۇزۇش كېرەك: ئاۋۋال قولى بىلەن تاشنى يۆتكەپ، ئاندىن ياغاچ كالتەك بىلەن يۆتكەپ باقسا، ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭدىن «پىشاڭنىڭ كۈچنى تېجەش رولى» بارلىقىنى بىۋاسىتە ھېس قىلالايدۇ. يېزا مەكتەپلىرىدە تەبىئەت دەرسى ئوقۇتۇشتا، ئوقۇتقۇچى ئېنىقمۇ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىشى، ئۆزى تەجرىبە سايمانلىرىنى ياساپ، تەجرىبە ئىشلەش شارائىتى يارىتىشى، بار بولغان شارائىتلاردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆلگە كۆرسىتىشكە، مەشغۇلات قىلىشقا، ئەمەلىيەتتىن بىلىم ئېلىشقا يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى تونۇش، تەبىئەتتىن پايدىلىنىش، تەبىئەتنى ئاسراش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

**4. ياساش ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قول سېلىپ ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە دەسلەپكى قەدەملىك ئىجادچانلىقىنى يېتىلدۈرۈش**

باشلانغۇچ مەكتەپ تەبىئەت ئوقۇتۇشىدا، ياساشقا ئەھمىيەت بەرگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقلىد قىلىش ئالاھىدىلىكىنى ئىلگىرى سۈرگىلى، ئۇلارنىڭ مەشغۇلاتچانلىقىنى كۈچەيتكىلى، ئەستايىدىل، سەۋرچان بولۇشتەك پەزىلىتىنى يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ياساشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا، ئوقۇغۇچىلارغا تەبىئىي شەيئىلەرنىڭ «ئەۋرىشكىسى، مودېلى» تەجرىبە سايمانلىرىنى ياساش، ھەر خىل ماتېرىياللارنى يىغىشنىڭ ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆگىتىش، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى بالدۇرراق تەبىئەت دۇنياسىنىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، كىچىك كەشپىياتلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قىلىش، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر بوشلۇقىنى ئېچىش، ئۇلارغا تەجرىبە ئىشلەش ئارقىلىق نەزەرىيىنى ئىسپاتلاش ئۇسۇلىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆگىتىش كېرەك. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىشتەك ئۇنىۋېرسال ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. (02)

(«جۇڭگو مائارىپى» ژۇرنىلىدىن)

# ھايۋانلارنىڭ ئىككىنچى جىنسىي ئالامەتلىرى ۋە جىنسىي پەرقى توغرىسىدا

* ساتتار مەخسۇت *
(تۇرپان ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىندىن)

تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ بىئولوگىيە دەرسىنىڭ زوئولوگىيە قىسمىدا بىر ھۆجەيرىلىك ئاددىي ھايۋانلاردىن تاكى يۇقىرى دەرىجىلىك سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى بارلىق ھايۋانلارنىڭ سىرتقى شەكلى، ياشاش ئادىتى، مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى، فىزىئولوگىيىسى، كۆپىيىشى، يېتىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەتراپلىق بايان قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق بەزى ھايۋانلارنىڭ ئىككىنچى جىنسىي ئالامىتى ۋە جىنسىي پەرقىگە دائىر مەزمۇنلار بىرقەدەر ئاز ياكى يوق دېيەرلىك بولغاچقا، ئەمەلىي ئوقۇتۇش جەريانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئالامەتلىرى ۋە جىنسىي پەرقى توغرىسىدىكى ئۇقۇملارنى قىزىقىپ سورىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

ھايۋانلارنىڭ ئىككىنچى جىنسىي ئالامىتى دېگەنلىك: ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئەۋلات قالدۇرۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولمايدىغان، بىراق ئۇلارنىڭ ياشاش ئادىتى، تېنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، رەڭگى، سىرتقى شەكلى، مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشى ۋە فىزىئولوگىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان جىنسىي پەرق دېگەنلىك.

ھايۋانلاردا ئىككىنچى جىنسىي ئالامەتلەر ئېنىق بولغاندىلا ئۇلارنىڭ جىنسىي پەرقىنى ئېنىق ئايرىپ، ئۇلاردىن كۆندىلىك تۇرمۇش، پەن تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق جەھەتلەردە تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئىنسانلار ئۈچۈن زور دەرىجىدە خىزمەت قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. شۇڭا، تۆۋەندە ھايۋانلارنىڭ ئىككىنچى جىنسىي ئالامىتى ۋە جىنسىي پەرقى ئىپادىلىنىشىنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

**1. تېنىنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى ۋە چوڭ- كىچىكلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.**

بەزى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي پەرقى ئۇلارنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقىدا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: قان شورىغۇچى قۇرت، سازاڭسىمان مەددە قۇرت، تۆتلۈ قۇرت، قىل قۇرت، جۈپ زاك، ھەسەل ھەرىسى، ياچۋەك قاتارلىقلار. بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ چىشىسىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى ئەركىكىدىن ئۇزۇن بولىدۇ. يەنە بەزى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي پەرقى تېنىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: يېشىل چېكەتكە، جۇڭخۇا چېكەتكىسى ۋە بېلىق تۈرلىرىدىن جەنۇبىي جۇڭگو سازان بېلىقى، كاڭجى يىلان بېلىقى قاتارلىقلارنىڭ چىشىسى چوڭ، ئەركىكى كىچىك بولىدۇ. ئادەتتە كاڭجى يىلان بېلىقىنىڭ چىشىسىنىڭ ئېغىرلىقى 45 كىلوگرامدىن ئاشىدۇ. بىراق ئەركىكىنىڭ ئېغىرلىقى 1.5 كىلوگرامغىمۇ يەتمەيدۇ. يەنە بەزى ھايۋانلار مەسىلەن: تىرىسكا بېلىقى، دېڭىز ئاستىدا ياشايدىغان قاسراقسىز بېلىق، پىلە پەرۋانىسى، قوشماق ئۆردەك، ياۋا غاز، پۈرچاقباش ياۋاغاز، بانكىۋ توخۇسى، ھالقا بويۇن قىرغاۋۇل، يېشىل توز، ئۆي توخۇسى، شىر ۋە كەپتەرلەرنىڭ ئەركىكى چوڭ، چىشىسى كىچىكرەك بولىدۇ. ئادەتتە كەپتەرنىڭ ئەركىكىنىڭ گەۋدىسى چىشىسىغا قارىغاندا نىسبەتەن كەڭ، بويىنى قىسقا بولىدۇ.

**2. ھايۋانلارنىڭ جىنسىي پەرقى ئۇلارنىڭ رەڭگىدە ئىپادىلىنىدۇ.**

مەسىلەن: قان شورىغۇچى قۇرتنىڭ ئەركىكى ئاقۇش كۆلرەڭ، چىشىسى قارامتۇل بېغىرەڭ بولىدۇ. كاللەكبەسەي كېپىنىكىنىڭ چىشىسىنىڭ ئالدىنقى بىر جۈپ قانىتىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى قارا داغ بولىدۇ. ئەركىكىدە روشەن ئەمەس. كارىپ بېلىقى ۋە كىتا بېلىقلىرى كۆپىيىش پەسلىگە كەلگەندە، ئەركەكلىرىنىڭ رەڭگى چىشىسىغا قارىغاندا ئالاھىدە گۈزەل تۈسكە كىرىدۇ. مېۋە چىۋىنىنىڭ ئەركىكىنىڭ رەڭگى قېنىق بولۇپ، قورساق قىسمىدا بەش ھالقا سىزىقلىق قورساق بوغۇمى بولىدۇ. چىشىسىنىڭ رەڭگى سۇسراق بولۇپ، قورساق قىسمىدا يەتتە ھالقا سىزىقلىق قورساق بوغۇمى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، قۇشلار سىنىپىغا كىرىدىغان سوپسوپياڭ، قوشماق ئۆردەك، بانكىۋ توخۇسى، يېشىل توز، ئۆي توخۇسى قاتارلىق قۇشلارنىڭ چىشىسى بىلەن ئەركىكىنىڭ رەڭگىدە روشەن پەرقلەر بولىدۇ.

**3. فىزىئولوگىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ.**

بەزى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي پەرقى ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: توخۇ تۇخۇمى باستۇرۇلۇپ 21-كۈنىدىن بۇرۇن تۇخۇمدىن چىققان چۈجىلەر ئىچىدە ئەركىكى نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. دەل 21-كۈنى تۇخۇمدىن چىققان چۈجىلەرنىڭ چىشىسى بىلەن

ئەركىكىنىڭ نىسبىتى ئاساسەن تەڭ بولىدۇ. 21-كۈندىن كېيىن تۇخۇمدىن چىققانلىرى ئىچىدە چىشىسى نىسبەتەن كۆپ بولىدۇ. چۈجە تۇخۇمدىن چىققاندىن كېيىن، گەۋدە قىسىملىرىدا ئەڭ بالدۇر پەي ئۆسكەنلىرى چىشى چۈجە، يەتتە كۈندىن كېيىن يېڭى پەي ئۆسكەنلىرى كۆپىنچە ئەركەك چۈجىدۇر. ئەركەك چۈجىنىڭ تاجىسىنىڭ ئۆسۈشى تېز، چوڭ ھەم قېلىن بولىدۇ. چىشى چۈجىنىڭ بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەركەك كەپتەر باچكىلىرىنى باققاندا، ئالدى بىلەن باچكىلار ئىچىدىكى ئەركىكىنى باقىدۇ. بىر ئۇۋىدىكى بىر جۈپ باچكا ئىچىدە ئۆسۈشى تېز، چوڭراق بولغىنى ئەركىكىدۇر.

**4. ياشاش ئادىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.**

بەزى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي پەرقى ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلىدا پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەركەك پاشاگۈل، مېۋە ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شىرنىسىنى سۈمۈرۈپ ئوزۇقلىنىدۇ. چىشى پاشا ئەركەك پاشا بىلەن چېتىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ. ھەسەل ھەرىلىرى توپى ئىچىدىكى پادىشاھ ھەرە بولسا، تولۇق يېتىلگەن چىشى ھەرە بولۇپ، ئۇ چىشى ھەرە توپلىغان شىرنە بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئەركەك ھەرە بولسا، گۈل چاڭلىرى ۋە گۈل شىرنىلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ياچۇۋەكنىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسى ئۆزئارا چېتىشىپ بولغاندىن كېيىن، چىشىسى ئەركىكىنى يەۋېتىدۇ.

**5. سىرتقى شەكلى ۋە مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈشلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.**

بەزى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي پەرقى سىرتقى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: سازاڭسىمان مەددە قۇرت ۋە تۇتۇ قۇرتلارنىڭ ئەركەكلىرىنىڭ قۇيرۇق قىسمى ئىگىلىپ تۇرىدۇ. بىراق چىشىلىرىنىڭ قۇيرۇق قىسمى تۈز بولىدۇ. سۇ قوڭغۇزى ئەركىكىنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ ئۇشۇق بوغۇمىدا تەخسىسىمان شورىغۇچىسى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق چىشىسىنى قۇچاقلايدۇ. چىشى قارا چېكەتكىنىڭ قۇيرۇق قىسمىدا ئىككى تال قۇيرۇق قىلى بولۇش بىلەن بىرگە يەنە بىر تۇخۇم سېلىش ئاپپاراتى بولۇپ جەمئىي ئۈچ تال قىلدەك كۆرۈنىدۇ. ئەركىكىدە پەقەت ئىككى تاللا قۇيرۇق قىلى بولىدۇ. چىشى يېشىل چېكەتكىنىڭ قورساق قىسمىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا ئاچىماق ھالەتتىكى تۇخۇم سېلىش ئاپپاراتى بولىدۇ. ئەركىكىدە بولمايدۇ. پادىشاھ ھەرىنىڭ قورساق قىسمىدا ئەگرى ھالەتتىكى نەشتىرى بولىدۇ. ئەمما ئەركەك ھەرىنىڭ نەشتىرى بولمايدۇ. كەمىرەن قوڭغۇزنىڭ چىشىسىدا قانات بولمايدۇ. بىراق ئەركىكىدە قانات بولىدۇ. مېۋە چىۋىنىنىڭ ئەركىكىنىڭ 1-جۈپ پۇتىنىڭ ئۇشۇق بوغۇمىدا قارا رەڭلىك جىنسىي تاغىقى بولىدۇ. بىراق چىشىسىدا بولمايدۇ. كارىپ بېلىقى ۋە تاپان بېلىقىنىڭ چىشىسىنىڭ ئانۇس تۆشۈكى يۇمۇلاق شەكىلدە بولۇپ، يۇرمە مۇسكۇلى قېلىن بولىدۇ. بىراق ئەركىكىنىڭ ئانۇس تۆشۈكى ئۇزۇنچاق بولۇپ، يۇرمە مۇسكۇلى نېپىز بولىدۇ. خاپاباش بېلىق، لاققا بېلىقلار ئەركىكىنىڭ كۆكرەك ئۈزگۈچىسىنىڭ ئۈستىدە بىر نەچچە تال ئۆسۈكچىلەر بولىدۇ، ئەمما چىشى بېلىقتا بۇنداق جىنسىي ئالامەت بولمايدۇ. يىسى بېلىق، قارالېش بېلىقلارنىڭ ئەركىكىنىڭ كۆكرەك ئۈزگۈچىسى نىسبەتەن قېلىن بولۇپ «دولقۇن» شەكلىدە ئىگىلگەن بولىدۇ. بىراق چىشىسىنىڭ نىسبەتەن نېپىز ھەمدە تۈز بولىدۇ. ئەركەك سالانگىس بېلىقنىڭ ساغرا ئۈزگۈچىسىنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ ئىككى يېنىدا بىر رەتتىن تەڭگىچىلەر بولىدۇ. بىراق چىشىسىدا پۈتۈنلەي بولمايدۇ. ئەركەك پاقىنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ 1-بارمىقى ئۈستىدە سۆگەلسىمان جۈپلىشىش ئۆسمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇنلىغان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بېزى بولىدۇ، ئەمما چىشىسىدا بولمايدۇ. يىلانلارنىڭ چىشىسىنىڭ قۇيرۇق قىسمى نىسبەتەن تەكشى ئىنچىكىرەپ بارىدۇ ھەمدە ئۇزۇن بولىدۇ. بوغما يىلان ئائىلىسىدىكى قىسمەن تۈرلەرنىڭ ئەركەكلىرىدە ئانۇس تۆشۈكىنىڭ ئىككى يېنىدا ئۇزۇن كەلگەن بىر جۈپ چېتىشىش ئاپپاراتى بولىدۇ. بىراق چىشىلىرىدا بولمايدۇ. تىمساقنىڭ سىرتقى شەكلىدە جىنسىي پەرق ئېنىق ئىپادىلەنمەيدۇ. بىراق ئەركىكىنىڭ چىقىرىش-كۆپىيىش بوشلۇقىنىڭ كەينى قىسمىدا توقماق شەكىللىك چېتىشىش ئاپپاراتى بولىدۇ. بىراق چىشىسىدا بولمايدۇ. ئۆي كەپتىرىنىڭ ئەركىكىنىڭ چوققۇسىدا تۆت چاسىراق شەكىلدە ھۆرىكى بولىدۇ، بۇرۇن ئۆسمىسى چوڭ ھەم كەڭ، پاقالچەك ۋە بارماقلىرى توم ۋە ئۇزۇن، سىرتقى شەكلى قاۋۇل، داس سۆڭىكى چىشى ئۆي كەپتەرگە سېلىشتۇرغاندا تار بولىدۇ. توخۇ چۈجىسى ئەركىكىنىڭ بېشى نىسبەتەن چوڭ، كۆزى يۇمۇلاقراق، تۇمشۇغى ئۇزۇن ئەگرى، پۇتى ئۇزۇن ھەم توم، قانات پەيلىرى ئۇچلۇق بولىدۇ. چىشىسىنىڭ بېشى كىچىكرەك، كۆزى يۇمۇلاق ئېللىپس شەكلىدە، تۇمشۇقى قىسقا ھەم تۈز، پۇتى قىسقا ئىنچىكە بولۇپ، تېنىدە يېڭى ئۆسكەن قانات پەيلىرى يۇمۇلاق شەكىلدە بولىدۇ. ياۋاغاز ئەركىكىنىڭ تۇمشۇقىنىڭ تۈۋىدە بىر يوغان قاپارتمىسى بولىدۇ. بىراق چىشىسىنىڭ تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ. سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار ئىچىدىكى ئاز ساندىكى تۆۋەن دەرىجىلىك تۈرلەردىن باشقا مۇتلەق كۆپ ساندىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلاردىكى جىنسىي پەرق ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ كەينى قىسمىدىكى ئانۇس تۆشۈكى ۋە كۆپىيىش ئەزاسىغا قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ.

**6. سەزگۈ ئەزالىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.**

بەزى ھايۋانلارنىڭ جىنسىي پەرقى ئۇلارنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەركەك پاشىنىڭ سەزگۈ

مۆڭگۈزىدە ئۇزۇن تۈكچىلەر ئۆسكەن بولىدۇ. چىشى پاشىنىڭ سەزگۈ مۆڭگۈزىدىكى تۈكچىلەر ئىنچىكە ھەم شالاڭ بولىدۇ. كېپىنەكلەرنىڭ بەزى تۈرلىرىنىڭ ئەركىكىنىڭ سەزگۈ مۆڭگۈزى پەيسىمان ھالەتتە بولىدۇ. چىشىسىنىڭ توقماقسىمان بولىدۇ.

7. ئاۋازىدا ئىپادىلىنىدۇ.

جىنسىي پەرق ھايۋانلارنىڭ ئاۋازىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئەركەك قارا چېكەتكىلەر قاناتلىرىنى ئۆزئارا سۈركەش ئارقىلىق ئاۋاز چىقىرىپ، چىشىلىرىغا سىگنال بېرىدۇ. ئەركەك تومۇزغىنىڭ قورساق قىسمى ئالدى تەرىپىنىڭ 1 - بوغۇمىنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئاۋاز چىقىرىش ئەزاسى بولۇپ ياڭراق ئاۋاز چىقىرالايدۇ. ئەمما چىشىسىدا بۇ خىل ئاۋاز چىقىرىش ئەزاسى بولمايدۇ. ئەركەك پاقىنىڭ ئېغىز بۇرجىكىنىڭ ئىككى يېنىدا ئاۋاز خالتىسى بولۇپ، ياڭراق ئاۋاز چىقىرىدۇ. كەپتەرنىڭ ئەركىكىنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئۇزۇن ھەم توم بولىدۇ. چىشىسىنىڭ پەقەت كۈيلەش مەزگىلىدە «گۇ، گۇ...» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا بولىدۇ. توخۇلارنىڭ خورىزى چىللايدۇ، لېكىن مېكىيىنى چىللىمايدۇ.

8. ھەرىكەت قىلىقلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.

جىنسىي پەرق ھايۋانلارنىڭ ھەرىكەت قىلىقلىرىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئۆي كەپتىرىنىڭ ئەركىكى ماڭغاندا تەكەببۇرلۇق بىلەن ماڭىدۇ ھەمدە دائىم دىگۇدەك چىشى ئۆي كەپتىرىنى چەمبەر ياساپ ئايلىنىپ قۇيرۇق پەيلىرىنى يايىدۇ ھەمدە تەكرار باش لىڭشىتىدۇ. ئەمما چىشى ئۆي كەپتىرى بولسا، سىپايىراق بولىدۇ. توخۇ چۈجىلىرىنى قۇم ئۈستىدە ماڭغۇزغاندا، پۇت ئىزلىرى قايچىلىشىپ كەتكىنى كۆپىنچە چىشى بولۇپ چىقىدۇ. پۇت ئىزلىرى بىر تال سىزىقتا بولغىنى كۆپىنچە ئەركىكىدۇر. توخۇ، ئۆردەك قاتارلىق قۇشلارنىڭ چىشىسى تۇخۇم باستۇرىدۇ. بەزى قۇشلارنىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسى بىرلىكتە نۆۋەتلىشىپ تۇخۇم باستۇرىدۇ. مەسىلەن: كەپتەر، تۆمۈر تۇمشۇق، تۆگە قۇش قاتارلىقلار يەنە ئاز ساندىكىلەرنىڭ ئەركىكى تۇخۇم باستۇرىدۇ. مەسىلەن، رەڭدار قىل يورغا.

يۇقىرىدا ھايۋانلارنىڭ ئىككىنچى جىنسىي ئالامىتى ۋە جىنسىي پەرقى ئىپادىلىنىشىنىڭ بىر قانچە ئالاھىدىلىكلىرىنى تونۇشتۇردۇق. ئەمما بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى ئەمەلىي ئوقۇتۇش جەريانىدا، نوقۇل ھالدا بىرەر تۈردىكى ھايۋانغىلا تەدبىقلىۋېلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ھايۋانلار دۇنياسى مۇرەككەپ بولغاچقا بىزنىڭ ئۇلارنى يەنە تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشىمىزگە ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. (06)

مۇكاپاتلىق ماقالە

## بىئولوگىيە دەرسىدىكى كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ھەققىدە

* رازاق ئابلىز *
(پىچان ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپتىن)

مەلۇمكى، بىئولوگىيە جانلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇھىم بىر پەن، مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا مەلۇم ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇۋاپىق ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ھەرخىل ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىغا نىسبەتەن كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى بىرقەدەر ياخشى بولۇپ، ئۇ جانلىق ۋە ئوبرازلىق بولۇش، قىزىقارلىق بولۇش، ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

تۆۋەندە كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇللىرى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىمىز:

1. رەسىملەردىن پايدىلىنىش

پلاستىنكىغا تەييارلانغان رەسىملەر، مۇناسىۋەتلىك ئاسما رەسىم ياكى ئوقۇتقۇچى ئۆزى تەييارلىغان رەسىملەرنى دوسكىنىڭ مۇۋاپىق يېرىگە ئېسىپ قويۇپ، بىر تەرەپتىن رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارنى ئاسما رەسىملەرنى كۆزىتىشكە يېتەكلىگەندە، ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

2. جەدۋەللەشتۈرۈش

بۇ خىل ئۇسۇل ئايرىم مەزمۇنلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئومۇمىي مەزمۇنلارنى يىغىنچاقلاپ ئۆگىنىشكە، شۇنداقلا ئەستە تۇتۇشقا پايدىلىق. مەسىلەن، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار تىپىغا كىرىدىغان بېلىقلار سىنىپى، قوش ماكانلىقلار سىنىپى، يەر بېغىرلىغۇچىلار سىنىپى، قۇشلار سىنىپى ۋە سۈت ئەمگۈچىلەر سىنىپلىرىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى جەدۋەللەشتۈرۈلسە، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار تىپىغا كىرىدىغان ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشكە، شۇنداقلا ئومۇمىي مەزمۇنلارنى يىغىنچاقلاپ ئەستە تۇتۇشقا

پايدىلىق.

**3. سىخېمىلاردىن پايدىلىنىش**

جانلىقلار بىلەن جانلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك مۇناسىۋەتلەرنى ۋە جانلىقلار بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، شۇنداقلا جانلىقلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك، مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى سىخېما ئارقىلىق چۈشەندۈرگەندە، مەزمۇننىڭ ئابستىراكتلىقى ئازىيىپ، كونكرېتلىق دەرىجىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. نەتىجىدە ئوقۇغۇچىلار بىر پۈتۈن مۇناسىۋەت ۋە جەريانلارنى ئاسان چۈشىنەلەيدۇ. مەسىلەن، يېشىل پاقىنىڭ كۆپىيىپ يېتىلىشىنى تۆۋەندىكى ئاددىي سىخېما ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ← سىرتقى ژابراسى بولغان قۇمچاق ← سىرتقى ژابراسى يوقاپ كەتكەن قۇمچاق ← ئارقا پۇتى ئۆسۈپ چىققان قۇمچاق ← ئۆت پۇتى ئۆسۈپ.

چىققان قۇمچاق ←(ھالەتئۆزگىرىش) بالا پاقا ← يېتىلگەن پاقا.

**4. ئەمەلىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىش**

شارائىت يار بەرگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاساسىي ماھارىتىنى كۈچەيتىش، لېكىن بۇ خىل تەجرىبە سائەتلىك دەرسخانا ئوقۇتۇشىنىڭ تەركىبىي سۈپىتىدە ۋاقىت ئاز سەرپ قىلىنغان، تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولۇشى لازىم.

**5. ئەۋرىشكىلەردىن پايدىلىنىش**

ئوقۇغۇچىلار جانلىقلار ئەۋرىشكىلىرىنى كۆرگەندە، شۇ خىل جانلىقنىڭ ئۆزىنى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلەلەيدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچى تەجرىبىخانىدا ئەسلىدە بار بولغان ئەۋرىشكىلەردىن پايدىلىنىش بىلەن بىللە يېڭى ئەۋرىشكىلەرنى قول سېلىپ تەييارلاپ، دەرسخانا ئوقۇتۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم. دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئەۋرىشكە تەييارلاشقا ئوقۇغۇچىلار قاتناشسا ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

**6. كۆلەمگە چۈشۈرۈش ئاپپاراتى، كىچىك ھوسكا قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىش**

بۇ خىل قوراللارنى دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا ۋاسىتىلىق تۈردە خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن بىللە دەرس مەزمۇنىغا ئائىت مەشىق سوئاللىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا بىۋاسىتە خىزمەت قىلدۇرۇلسا، ۋاقىتتىن پايدىلىنىشتا ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا جانلىقلارنى كۆزىتىش ئاساس قىلىنغان دالا پائالىيىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، مەخسۇس فىلىملەرنى كۆرسىتىش، رادىئو، تېلېۋىزىيىلەردىكى بىئولوگىيە توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلىتىش ۋە كۆرسىتىش، ھايۋاناتلار باغچىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرگەندە، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇ ئۇسۇللارنى سائەتلىك دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ رولى ناھايىتى زور بولۇپ، ئۇنى قوللانغاندا ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. بىراق سائەتلىك دەرسخانا ئوقۇتۇشىدا كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى قوللانغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش لازىم:

(1) ۋاقىتتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا دەرس پىلانىنى ئورۇندىيالماي قالماستىن، ئوقۇغۇچىلارنى زېرىكتۈرۈپ قويۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ.

(2) كونكرېت مەزمۇنغا ئاساسەن، كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى تاللاپ قوللىنىپ، جانلىق بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

(3) ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بېرىپ، شەكىلۋازلىقتىن ساقلىنىش لازىم.

(4) ئوقۇتۇش نىشانىدىن ئايرىلماسلىق، ئۇسۇلنى نىشان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش لازىم.

(5) دەرسنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى دەرس بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش شەرتى ئاستىدا دەرسنىڭ قىزىقارلىقى ۋە ئەمەلىيەتچانلىقىنى ساقلاش لازىم. (06)

## مۇكاپاتلىق ماقالە

# جۇغراپىيىدىن سوئال چىقىرىشتىكى بىلىمنىڭ ئىلمىيلىكى ھەققىدە

بىلىمنىڭ ئىلمىيلىكى سوئال چىقىرىشنىڭ ئىلمىي بولۇشىدىكى مۇھىم مەسىلە ھەم سوئال چىقىرىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش- بولماسلىقىدىكى ئاساس. بىلىمنىڭ ئىلمىيلىكى بولمىسا، باشقىسىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ماقالىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ جۇغراپىيىسىدىن ئىمتىھان سوئالى چىقىرىشتىكى بىلىمنىڭ ئىلمىيلىكى ئۈستىدە توختىلىمىز.

**1. ئۇقۇمنى ئېنىقلاش ۋە شەرھلەش مۇكەممەل بولۇشى كېرەك**

بۇنىڭدا، سوئال چىقارغاندا، ئۇقۇمنى تەشكىل قىلغۇچى قىسىملارغا سەل قارىماسلىق تەلەپ قىلىنىدۇ.

1- مىسال: تاللاش سوئالى. بىر كۈننىڭ 24 سائەت بولۇشى (　 )نى كۆرسىتىدۇ. A. مەلۇم بىر تۇرغۇن يۇلتۇزنىڭ ئاسمان چوققىسىدىن ئۇدا ئىككى قېتىم ئۆتۈشى ئارىلىقىدىكى ۋاقىت؛ B. قۇياش سوتكىسى؛ C. يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا 360° ئايلىنىشى ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت؛ D. تۇرغۇن يۇلتۇز سوتكىسى. جاۋاب: B.

بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب «B. بىر قۇياش سوتكىسى» ۋە «D. تۇرغۇن يۇلتۇز سوتكىسى»نىڭ ئىپادىلىنىشى مۇكەممەل ئەمەس، توغرا ئېيتىلىشى ئەسلى «B. بىر قۇياش سوتكىسى» ۋە «بىر تۇرغۇن يۇلتۇز سوتكىسى» دېيىلىشى كېرەك، مۇشۇنداق ئالغاندىلا سوئالنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى بولغان «بىر كۈننىڭ 24 سائەت بولۇشى»غا ماس كېلىدۇ. بۇنىڭدا مۇھىم بولغان «بىر»گە سەل قاراشتىن ئۇقۇمنىڭ كەمتۈك بولۇپ قېلىشىدەك ئەھۋال كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

2- مىسال: تاللاش سوئالى. جۇغراپىيىلىك كەڭلىكى ئوخشايدىغان جايلارنىڭ (　 ) A. كۆپ يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ئوخشاش بولىدۇ؛ B. ئىقلىم تىپى ئوخشاش بولىدۇ؛ C. يەرلىك ۋاقتى ئوخشاش بولىدۇ؛ D. چۈشلۈك قۇياش ئېگىزلىكى ئوخشاش بولىدۇ. جاۋاب: D.

بۇ سوئالنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغان ھەقىقىي مەنىسى «جۇغراپىيىلىك كەڭلىكى ئوخشايدىغان، ئەمما ئۇزاقلىقى ئوخشاش بولمىغان جايلار» بولۇپ، تەلەپ بويىچە بولغاندا، بۇ سوئالغا تاللانغان جاۋاب D مۇ توغرا ئەمەس. چۈنكى، چۈشلۈك قۇياش ئېگىزلىكىنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشىدە جەنۇب- شىمال ئۆزگىرىشمۇ (يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىدا ئايلىنىشىنىڭ تەسىرى) بولىدۇ، شەرق- جەنۇب ئۆزگىرىشمۇ (يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشىنىڭ تەسىرى) بولىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇياشنىڭ تىك چۈشۈش نۇقتىسىنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا جەنۇب- شىمال، غەرب- شەرق ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. پەقەت جەنۇب- شىمال يۆنىلىشتە ئۆزگىرىشى بىر كۈن ئىچىدە ناھايىتى كىچىك بولۇپ، ھېسابقا ئالمىسىمۇ بولىدۇ، شۇڭا، بۇ سوئالنىڭ سوئال مەنىسى كۈچكە ئىگە بولغان.

3- مىسال: تاللاش سوئالى. بىئوسفېرانىڭ يادرو قىسمى (　 ) A. ئاتموسفېرانىڭ ئاستى قىسمى، ھىدروسفېرانىڭ ھەممە قىسمى ۋە لىتوسفېرانىڭ يۇقىرى قىسمى؛ B. يەر يۈزىنىڭ ئۈستىدىكى 100 مېترلىق ئورۇندىن سۇ يۈزىنىڭ ئاستىدىكى 200 مېتر جايغىچە؛ C. يەر يۈزىنىڭ 200 مېتر ئۈستىدىكى جايدىن سۇ يۈزى ئاستىدىكى 100 مېتر جايغىچە؛ D. يەر يۈزىنىڭ ئاستى- ئۈستىدىكى 20 كىلومېتر دائىرىدە. جاۋاب: B.

بۇ سوئالدا دائىم يۈز بېرىدىغان ئىپادىلەش كەمچىل بولۇش خاتالىقى سادىر بولغان، تاللىنىدىغان جاۋاب B، C لارنىڭ ئىپادىلىنىشى توغرا ئەمەس. بىئوسفېرانىڭ يادرو قىسمى چەمبەرسىمان قۇرۇلما، B، C لارنىڭ شەرھلىنىشى ئەسلى «يەر يۈزىنىڭ ئۈستىدىكى x مېترلىق جايدىن سۇ يۈزى ئاستىدىكى x مېترغىچە بولغان قەۋەتتە» بولۇشى كېرەك.

4- مىسال: تاللاش سوئالى. تۆۋەندىكى ئوزۇقلۇق زەنجىرىدە، ئېنېرگىيىنىڭ ئايلىنىشى جەريانىدا سەرپىيات ئەڭ ئاز بولىدىغىنى(　 ) A. مېۋە ← تىيىن ← بۆرە؛ B. مېۋە ← ئېيىق؛ C. شاخ- يوپۇرماق ← قۇرت ←

قۇشلار؛ D. توشقان ← بۆرە. جاۋاب: B.

بۇ سوئالنىڭ ناتوغرا جاۋابى D ئەسلى ئوتتۇرىغا چىقىرىلماسلىقى كېرەك، چۈنكى، ئىشلەپچىقارغۇچى بولمىغان ئوزۇقلۇق زەنجىرى ئەسلا مەۋجۇت بولمايدۇ، ھەرقانداق ئوزۇقلۇق زەنجىرى ئىشلەپچىقارغۇچىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشى كېرەك. بۇ خاتالىقنىڭ سادىر بولۇشى سوئال چىقارغۇچىنىڭ ئوزۇقلۇق زەنجىرىگە بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدىن بولغان.


**2. جۇغراپىيىلىك قانۇنىيەتلەرگە بولغان تونۇشنى مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتمەسلىك كېرەك**

جۇغراپىيىلىك شەيئىلەر مۇرەككەپ بولىدۇ، ئۇنى ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىش ئۈچۈن، ھەم ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرىپىنى تونۇش، ھەم ئۇنىڭ ئالاھىدە تەرىپىنى تونۇش كېرەك. سوئال چىقىرىشتا، يەكۈن خاراكتېرلىق سوئاللاردا، ئالاھىدە دىققەت قىلىش، مۇتلەقلەشتۈرۈشتىن ساقلىنىش كېرەك.

5- مىسال: تاللاش سوئالى. يەر شارىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ كېچە- كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن- قىسقىلىقى، چۈشلۈك قۇياش ئېگىزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تۈپ سەۋەب ( ) A. قۇياش بىلەن يەر ئارىلىقىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى؛ B. يەر شارىنىڭ مۇۋاپىق ماسسا ۋە ھەجىمگە ئىگە بولۇشى؛ C. ئېكلىپتىكا تەكشىلىكى بىلەن ئېكۋاتور تەكشىلىكىنىڭ كېسىشىش بۇلۇڭىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى؛ D. يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى. جاۋاب: C.

بۇ سوئالنىڭ ئاساسلىق قىسمى بولغان «تۈپ سەۋەب»نىڭ ئېلىنىشى بەك مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن. ئەمەلىيەتتە، يەر يۈزىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ كېچە- كۈندۈز ئۇزۇن- قىسقىلىقى، چۈشلۈك قۇياش ئېگىزلىكىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشىنى كۈننىڭ تىك چۈشۈش نۇقتىسىنىڭ يەر يۈزىدە دەۋرلىك ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان. كۈننىڭ تىك چۈشۈش نۇقتىسىنىڭ يۆتكىلىشىنىڭ سەۋەبى ئىككى بولىدۇ: بىرى، ئېكۋاتور تەكشىلىكى بىلەن ئېكلىپتىكا تەكشىلىكىنىڭ كېسىشىش بۇلۇڭىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى، يەنە بىرى، يەر ئوقىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى يۆنىلىشىنىڭ پەسىلگە ئەگەشمىگەن ھالدا ئۆزگىرىشى. شۇڭا، بۇ بۆلەك بىلىمدىن ئىمتىھان ئېلىشتا، قوش تاللاش سوئالى چىقارغان ياخشى، بۇ سوئالنى مۇنداق ئۆزگەرتىش كېرەك: «يەر يۈزىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ كېچە- كۈندۈز ئۇزۇن- قىسقىلىقى، چۈشلۈك قۇياش ئېگىزلىكىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەب ( ) A. قۇياش بىلەن يەر ئارىلىقىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشى؛ B. يەر شارىنىڭ مۇۋاپىق ھەجىم ۋە ماسسىغا ئىگە بولۇشى؛ C. ئېكلىپتىكا تەكشىلىكى بىلەن ئېكۋاتور تەكشىلىكىنىڭ كېسىشىش بۇلۇڭىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى؛ D. يەر ئوقىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى يۆنىلىشىنىڭ پەسىلگە ئەگەشمىگەن ھالدا ئۆزگىرىشى. جاۋاب: D، C.

6 - مىسال: خەرىتە ئوقۇپ بوشلۇقنى تولدۇرۇش سوئالى (1) سولدىكى خەرىتە ( ) ئاينىڭ ئىزوتېرمىك سىزىقىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى. جاۋاب: 7. (2) ئوڭ تەرەپتىكى خەرىتە مەلۇم جاينىڭ قىش پەسلىدىكى ئىزوتېرمىك سىزىقلىرىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى، خەرىتىدىكى كەڭلىكى ئوخشاش بولغان A، B ئىككى نۇقتا ئىچىدە، قۇرۇقلۇقتا جايلاشقىنى ( ) نۇقتا. جاۋاب: A.




بۇ ئىككى كىچىك سوئالنىڭ چىقىرىلىشىدا ياخشى ئويلىشىلمىغان، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش خاتالىقى سادىر قىلىنغان. خەرىتە (1) نىڭ ئىپادىلىگىنى 6-، 7-، 8- ئايلار بولۇشى مۇمكىن، پەقەت 7- ئاينىڭ بولۇشى ناتايىن. ئەسلى بۇ سوئال مۇنداق بولۇشى كېرەك: «سولدىكى خەرىتە ( ) پەسلىنىڭ ئىزوتېرمىك سىزىقىنىڭ تارقىلىش خەرىتىسى»، بۇنىڭ جاۋابى «قىش» بولىدۇ. خەرىتە (2) نىڭ يېزىق قىسمىمۇ «...قۇرۇقلۇقتا جايلىشىشى مۇمكىن بولغىنى ( )» بولغاندىلا ئاندىن ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدۇ، چۈنكى، ئىزوتېرمىك سىزىقلىرىنىڭ ئەگىلىش يۆنىلىشى پەقەت قۇرۇقلۇق ياكى دېڭىز- ئوكياننىڭ ھۆكۈم قىلىشىنىڭ زۆرۈر شەرتى بولالايدۇ، يېتەرلىك شەرتى بولالمايدۇ.

7- مىسال: سوغۇق فرونتنىڭ ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان دۆلىتىمىزدىكى ھاۋا رايى ھادىسىسى: ( ) A. شىمال تەرەپنىڭ ياز پەسلىدىكى گۈلدۈرماملىق يامغۇرى؛ B. چاڭجاڭ- خۇەيخې رايونىدىكى قارا ئۆرۈك يامغۇرى؛ C. چاڭجياڭ ھاۋزىسىدىكى تومۇز قۇرغاقچىلىقى؛ D. شەرقىي جەنۇب دېڭىز بويىدىكى تەيفېڭ بورىنى. جاۋاب: A.

دۆلىتىمىزنىڭ شىمال تەرىپىنىڭ ياز پەسلىدىكى گۈلدۈرماملىق يامغۇرنى پۈتۈنلەي سوغۇق فرونتنىڭ ھەرىكىتى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان، باشقا سەۋەبلەرمۇ

بولۇشى مۇمكىن، مەسىلەن، كونۋېكسىيىلىك ھەرىكەتمۇ گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ سوئال ئەسلى «سوغۇق فرونت بىلەن بەلگىلىك مۇناسىۋىتى بولغان دۆلىتىمىزدىكى ھاۋارايى ھادىسىسى: (  )» بولۇشى كېرەك.

8- مىسال: تاللاش سوئالى. پىرۇ ئەتراپىدىكى دېڭىز ساھەسىنىڭ دۇنياغا داڭلىق بېلىقچىلىق مەيدانى بولۇشىدىكى سەۋەب(  )

A. يۇقىرى كۆتىرىلگەن ئېقىمنىڭ رولى؛ B. تۆۋەن چۈشكەن ئېقىمنىڭ رولى؛ C. سوغۇق، ئىللىق ئېقىملارنىڭ ئۇچراشقانلىقى؛ D. كەڭلىكتىكى ئورنىنىڭ مۇۋاپىق بولغانلىقى. جاۋاب: A.

يۇقىرى كۆتىرىلگەن ئېقىم ھەقىقەتەن پىرۇ بېلىقچىلىق مەيدانىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم ئامىل، لېكىن بىردىنبىر ئامىل ئەمەس. بۇ سوئالنى «پىرۇ ئەتراپىدىكى دېڭىز ساھەسىنىڭ دۇنياغا داڭلىق بېلىقچىلىق مەيدانىغا ئايلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم ئامىل» دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك.

9- مىسال: تاق تاللاش سوئالى. بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشنىڭ ئوخشاش بولمىغان رايونلىرىدا (  ) A. تەۋرەش دەرىجىسى بىلەن بۇزۇلۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولىدۇ؛ B. تەۋرەش دەرىجىسى بىلەن بۇزۇلۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ؛ C. تەۋرەش دەرىجىسى ئوخشاش، بۇزۇلۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ؛ D. تەۋرەش دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس، بۇزۇلۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولىدۇ. جاۋاب: C.

بۇ سوئالنى تاق تاللاش سوئالى قىلىش خاتا. Cجاۋاب توغرا جاۋاب بولغاندىن باشقا، A جاۋابمۇ توغرا جاۋاب بولالايدۇ. چۈنكى، ئوخشاش بىر تەڭ تەۋرەش سىزىقىدا، بۇزۇلۇش دەرىجىسى ھەممە جايدا ئوخشاش بولىدۇ. قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىقنىڭ ئورنىغا قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، شەرتلەرنى مۇۋاپىق تولۇقلاش، A جاۋاب «تەۋرەش دەرىجىسى ۋە بۇزۇلۇش دەرىجىسى چوقۇم ئوخشاش بولىدۇ»نى ۋە توغرا جاۋاب C نى «تەۋرەش دەرىجىسى ئوخشاش بولىدۇ، بۇزۇلۇش دەرىجىسى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكىن» دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك.

**3. زۆرۈر شەرتلەرنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق كېرەك**

10- مىسال: تاللاش سوئالى. تروپوسفېرادىكى ئىسسىقلىقنىڭ كېلىش مەنبەيى ئاساسەن (  ) A. قۇياش رادىئاتسىيىسى؛ B. ئازوتنىڭ قۇياشتىن كېلىدىغان ئۇلترا بىنەپشە نۇرلارنى سۈمۈرۈشى؛ C. يەر يۈزىنىڭ ئۇزۇن دولقۇنلۇق رادىئاتسىيىسى؛ D. ئاتموسفېرانىڭ تەتۈر رادىئاتسىيىسى. جاۋاب: C.

بۇ سوئالدا ئەگەر A جاۋابنى توغرا قىلىپ تاللىسىمۇ بولىدۇ. مەسىلە سوئال چىقىرىشتا زۆرۈر شەرت كەمچىل بولۇپ قالغانلىقىدا. سوئالنى مۇنداق ئىككى خىل ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ: «تروپوسفېرا قەۋىتىدىكى ئاتموسفېرانىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىۋاستە ھالدا (  ) دىن كېلىدۇ» ياكى «تروپوسفېرادىكى ئاتموسفېراغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىۋاستە قوبۇل قىلىدىغان قۇياش رادىئاتسىيىسىنىڭ مىقدارى ناھايىتى ئاز، ئاتموسفېرادىكى ئىسسىقلىق ئاساسەن (  )دىن كېلىدۇ».

ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن پەقەت C جاۋابلا تاللىنىدىغان جاۋاب بولالايدۇ.

11- مىسال: تاللاش سوئالى. شىمالىي ھىندى ئوكيان رايونىدىكى ئوكيان ئېقىمى سائەت سترېلكىسىغا قارشى يۆنىلىشتە ھەرىكەت قىلغاندا، (  )ئەۋج ئالىدۇ. A. غەربىي جەنۇب موسسونى؛ B. شەرقىي شىمال موسسونى؛ C. شەرقىي جەنۇب موسسونى؛ D. غەربىي شىمال موسسونى. جاۋاب: B.

ئەسلى سوئال چىقىرىشتىكى مەقسەتكە ئاساسەن، ئورۇن شەرتىنى تولۇقلاش كېرەك. شۇڭا بۇ سوئالنى «... قىلغاندا، بۇ دېڭىز رايونىدا (  ) ئەۋج ئالىدۇ» دەپ ئۆزگەرتىش كېرەك.

4. تاللاش سوئالىنىڭ توغرا جاۋابى ئىككى ياكى ئىككىدىن كۆپ بولغان مىساللاردا، مىسالنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك بولۇشىغا دىققەت قىلىش، سوئال بىلەن توغرا جاۋاب بىرلەشكەندە توغرا ھۆكۈم چىقىدىغان بولۇش كېرەك.

12- مىسال: تاللاش سوئالى. نۆۋەتتە ئىنسانلار نىسبەتەن ئاسان پايدىلىنىدىغان تاتلىق سۇ مەنبەسى (  ) A. دېڭىز ئوكيان سۈيى؛ B. مۇزلۇق؛ C. تېيىز قاتلامدىكى يەر ئاستى سۈيى؛ D. دەريا سۈيى جاۋاب: C، D.

بۇ سوئال بىلەن توغرا جاۋاب C، D نى بىرلەشتۈرسەك، شۇنى بايقايمىزكى، بۇ ھۆكۈمدە «تاتلىق سۇلۇق كۆل سۈيى»دىن ئىبارەت. نۆۋەتتە ئىنسانلار خېلى ئاسان پايدىلىنىۋاتقان سۇ گەۋدىسى چۈشۈپ قالغان، ئەگەر بۇنى تاللىنىدىغان جاۋابلار قاتارىغا كىرگۈزسەك، بۇ سوئال ئاندىن ئىلمىي چىقىرىلغان سوئال بولىدۇ. (02)

(«جۇغراپىيە ئوقۇتۇشى» ژۇرنىلىدىن)

# دۇنيانىڭ هازىرقى زامان تارىخىنى ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى ھەققىدە مۇلاھىزە

دۇنيانىڭ هازىرقى زامان تارىخىنىڭ ئەكس ئەتتۇرىدىغىنى - ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمغا ئۆتۈشىدىكى تارىخىي جەرياندىن ئىبارەت. بۇ جەرياندا، سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى رىياللىققا ئايلاندى. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بىر دۆلەتتىن بىر قانچە دۆلەتكە تەرەققىي قىلىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كۈچلۈك هاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلدى؛ كاپىتالىزم ئادەتتىكى مونوپولدىن دۆلەت مونوپولىغا ئۆزگەردى. گەرچە ئۇ مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلسىمۇ، لېكىن كاپىتالىزمدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەر ھەرىكىتى تۈپەيلىدىن، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا يوقىلىش ئاقىۋىتىدىن خالىي بولالمىدى؛ مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە خەلقلىرى جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىلىك سىستېمىسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، مۇستەقىللىق، ئۆزىنى كۈچەيتىش يولىغا قاراپ ماڭدى؛ ئىنسانىيەت ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى ۋە نەچچە يۈز قېتىملىق قىسمەن ئۇرۇشلارنىڭ تالان - تاراج قىلىشىغا ئۇچرىدى، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىدا ئۆز تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسەتتى ۋە باشقىلار. بۇلار بىر رەڭگارەڭ بىر پۈتۈن تارىخىي مەنزىرە (كۆرۈنۈش) لەرنى هاسىل قىلدى. شۇڭا هازىرقى زامان دۇنيا تارىخى زامان ئايلانمىسى زور، ماكان قاپلانمىسى كەڭ، ئارىلىق رىئاللىقى يېقىن، نەزەرىيىۋىلىكى كۈچلۈك، چېتىشىش دائىرىسى كۆپ، مەزمۇنى مول، قىيىن نۇقتىلىرى كۆپ ۋە ئۆزگىرىشى چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن، ئوقۇتقۇچىلار شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى تېپىشى لازىم.

ئەنئەنىۋى دۇنيا هازىرقى زامان تارىخى دەرسخانا ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يىغىنچاقلىغاندا، «ئۈچ كۆپ، ئۈچ ئاز» بولۇشتىن، يەنى سۆزلىنىدىغان مەزمۇن كۆپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىشى ئاز بولۇش؛ دەرس سۆزلەش ۋاقتى كۆپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى ئاز بولۇش؛ ئوقۇتقۇچىنىڭ يەككە هالدا دەرس ئۆتۈشى كۆپ، ئوقۇتۇشقا ياردەم بېرىدىغان باشقا ۋاسىتىلەر ئاز بولۇشتىن ئىبارەت. يۈزە قارىغاندا، بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلدا ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىك رولى جارى قىلىنغان. مەزمۇن تولۇق، ۋاقىت سىلىنمىسى كۆپ بولغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا دەرسخانا ئوقۇتۇش ئۈنۈمىنىڭ ئانچە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. چۈنكى ئۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارغا قاچىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق بىلىم ئۆگىتىلىپ، پەن ئالاھىدىلىكى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشتىكى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا سەل قارالغاچقا، ئوقۇغۇچىلاردا ئوڭايلا تەپەككۇر تۇسالغۇسى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم بېرىشكىلا بېرىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا مەسىلىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تەھلىل قىلىش ۋە باھالاش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەچكە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇرەككەپ هازىرقى زامان تارىخىي هادىسىلىرىدىن ئۆتۈپ ماھىيىتىنى ئىگىلىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش قانۇنىيىتىگىمۇ، ئىجادىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ پايدىسىز، دۇنيا هازىرقى زامان تارىخى دەرسىنىڭ ئىچكى تەربىيە ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ پايدىسىز. شۇنى چىقىش قىلىپ، ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرىنى ئىسلاھ قىلىش لازىم.

ئالدى بىلەن، مەزمۇن سۆزلەشتە مىغىزلىق، يىغى، چوڭقۇر بولۇشنى ئورۇنداش كېرەك.

«مىغىزلىق» دېگىنىمىز - مىغىزلىق سۆزلەش، ئاساس بىلىملىرىنىڭ مۇھىم، قىيىن ۋە گۇمانلىق نۇقتىلىرىنى سۆزلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، بىلىمنى ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىشنى كۆرسىتىدۇ. هازىرقى زامان دۇنياسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر ناھايىتى كۆپ، دەرس ۋاقتى چەكلىك بولغاچقا، ئوقۇتۇشتا بارلىق تارىخىي ۋەقەلەر ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى تولۇق كۆرسىتىش مۇمكىن ئەمەس، بۇنداق قىلىشمۇ هاجەتسىز، مۇھىم، قىيىن ۋە گۇمانلىق نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق ئوقۇتۇش مەزمۇنىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى، ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى تەھلىل قىلىپ، نۇقتىلىق تارىخىي ۋەقەلەرگە قاراتمىلىق هالدا باھا بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارغا بىرىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلدۈرۈش، مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىش كېرەك. مەسىلەن، گېرمانىيە نويابىر ئىنقىلابى 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرىنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسى بولۇپ، نۇقتىلىق سۆزلەش زۆرۈر، ئەمما گېرمانىيە نويابىر ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىگە قارىتا ئوخشىمىغان قاراشلار بولغاچقا، ئىنقىلاب مۇساپىسىنى سۆزلىگەندە ئاسانلا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ قېتىملىق ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى - بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب بىلەن پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ گىرەلەشمىسىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى باسقۇچلۇق بولغان. ئوقۇتقۇچى مىغىزلىق سۆزلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى بىلەن پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرىدىن ئىبارەت ئىككى باسقۇچ بويىچە، ئىنقىلاب

مۇساپىسىنى تەپسىلىي سۆزلەش ئارقىلىق ئاساسىي يىپ ئۇچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا ئىنقىلابنىڭ شەكلى، ۋەزىپىسى ۋە ئەمەلىي مۇساپىسى ئارقىلىق ئىنقىلاب خاراكتېرىنى بەلگىلەشنىڭ داۋلىسىنى بىلدۈرۈشى لازىم. يەنە مەسىلەن، ئىتالىيە، گېرمانىيە ۋە ياپونىيە ئۈچ دۆلەت 1- دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن فاشىزىم يولىغا ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ماڭدى ھەمدە ئاقىۋەت فاشىستىك ھاكىمىيەت ئورنىتىپ، 2- دۇنيا ئۇرۇشىنى قوزغىدى. بۇ ھەم مۇھىم نۇقتا، ھەم قىيىن نۇقتا. ئادەتتىكى سۆزلەش ئۇسۇلى بويىچە بولغاندا، ھەر بىر دۆلەتنىڭ ئەھۋالى ئايرىم تونۇشتۇرۇلىدۇ، گەرچە ۋاقىت كۆپ كەتسىمۇ، لېكىن ئوقۇغۇچىلاردا بۇ مەسىلىگە قارىتا سىستېمىلىق تونۇش شەكىللەنمەيدۇ. ئەگەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئۈچ دۆلەتنىڭ فاشىستلىشىش تارىخىنى بىرلىكتە مېغىزلىق سۆزلىگەندە، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىگە قارىتا بۇرژۇئا دېموكراتىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاشتەك فاشىستىك ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن فاشىستىك ھاكىمىيەت ۋە ئۇرۇش مەنبەسىنى شەكىللەندۈرۈشتىكى تارىخىي ئارقا كۆرۈنىشى، ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە بەلگىسى، شەكىللەندۈرۈشى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگىلى بولىدۇ. بۇنداق سۆزلىگەندە، سەرپ قىلىنغان ۋاقىت ئاز بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىگە كۆپ قاتلاملىق قاراش ئىقتىدارىنىمۇ يېتىلدۈرگىلى بولىدۇ.

«يېڭى بولۇش» – يەنى ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈشتە ئۈزلۈكسىز ھالدا يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، بۇ پەندىكى ئەڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تاللاش ئاساسىدا تونۇشتۇرۇشى كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېڭى ماتېرىيال ۋە يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقماقتا. بۇ بىزنىڭ ئوقۇتۇشىمىزدىن ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشىپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. دۇنيا ھازىرقى زامان تارىخىنىڭ، بولۇپمۇ 2- دۇنيا ئۇرۇشى ئاياقلاشقاندىن كېيىنكى تارىخنىڭ نۇرغۇن مەزمۇنلىرى تەرەققىي قىلىش، ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرماقتا. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تېخى شەكىللىنىش جەريانىدىكى تارىخىي باسقۇچ ئىچىدە تۇرماقتا. ئۇنىڭ رېئاللىق بىلەن باغلىنىشى چىڭ، مەزمۇنى تېخىمۇ يېڭى بولغاچقا، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلمەكتە. بۇ بىزدىن پەن تەتقىقاتىنىڭ ئالدىنقى سەپىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ، ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى دەرسخانىغا ئېلىپ كىرىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېڭى بىلىم سىستېمىسى بەرپا قىلىشىغا ياردەم بەرگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تارىخ ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى يېڭىلاش قارىغۇلارچە «يېڭىلىق» نى قوغلىشىش ئەمەس، بەلكى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ھەققانىيەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئىلگىرى بۇخارىنغا بولغان باھا جەھەتتە، «سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك (بولشېۋىكلار) پارتىيىسىنىڭ تارىخىي قىسقىچە دەرسلىكى» ئاساسىدا ئىنچىل تەنقىت قىلىنغان، ئەمما ئىلمىي تەتقىقاتلار بۇخارىننىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيىچى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. ئوقۇتۇشتا ئوقۇغۇچىلارنى بۇخارىنغا ۋە 20-، 30- يىللاردىكى سوۋېت كومپارتىيىسى ئىچىدىكى كۈرەشنىڭ خاراكتېرىگە نىسبەتەن يېڭىچە تونۇشقا ئىگە قىلىش لازىم.

«چوڭقۇر بولۇش» – ئوقۇغۇچىلار تىرىشىش ئارقىلىق قوبۇل قىلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، دەرستە سۆزلىنىدىغان مەزمۇننىڭ كەڭلىككە ئىگە بولۇشتىن سىرت، بەلگىلىك چوڭقۇرلۇقىمۇ ئىگە بولۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. مائارىپ پسىخولوگىيىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئوقۇتقۇچى پات - پات مۇئەييەن ئۆگىنىش «توسالغۇ» لىرىنى ئورۇنلاشتۇرغان، يەنى ئۆتۈلگەن مەزمۇن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش سەۋىيىسىدىن ئۈزلۈكسىز ھالقىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىش سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا قىلغاندىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىشىدە «ئىچكى سەۋەب» يېتىلدۈرۈپ، يېڭى بىلىمگە نىسبەتەن تەلپۈنۈش، توسالغۇلارنى يېڭىشتە «ئەقلىي كەيپىيات» قوزغايدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى پەننىڭ بىر چوققىسىدىن يەنە بىر چوققىسىغا يامىشىشقا يېتەكلەشكە ماھىر بولۇشى لازىم. مەسىلەن، «2- دۇنيا ئۇرۇشى» دا 2- سەپ ئېچىش مەسىلىسىنى سۆزلەشتە، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرا مەكتەپ باسقۇچىدا ئۆگىنىدىغان ئالاقىدار مەزمۇنلارنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئۆزئارا ئالاقىدار بولغان بىر قانچە مەسىلىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بىر - بىرلەپ چۈشەندۈرسە ھەمدە ئۈزلۈكسىز تۈردە ئەسلىمە پەيدا قىلىپ، ئوقۇغۇچىلاردا بىلىم ئىشتىكى قوزغاپ، ئۇلارغا مىڭە ئىشلەتكۈزسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالاقىدار 1- قول ماتېرىياللارنى ئوقۇتسا، ئۇلارنىڭ «2- دۇنيا ئۇرۇشى» نىڭ مۇساپىسى ۋە ئاقىۋىتىگە ئالاقىدار بۇ زور مەسىلىگە بولغان چۈشەنچىسى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ.

ئىككىنچىدىن، دەرس ئۆتۈش ئۇسۇلى جەھەتتە، تۆۋەندىكىدەك تۆتنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم:

**1. دەرس سۆزلەش بىلەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە بولغان يېتەكچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش**

مەزمۇن سۆزلەشتىكى «مېغىزلىق بولۇش، يېڭى بولۇش، چوڭقۇر بولۇش» نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشىگە ئەستايىدىل يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشنى ئوقۇتۇشتىكى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى قىلىش كېرەك. دەرسنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيانىڭ قەدىمقى زامان، ھازىرقى زامان تارىخىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، دەسلەپكى قەدەمدە مەسىلىنى تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىغا، شۇنداقلا خېلى زور دەرىجىدىكى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇ، ئوقۇتقۇچىدىن

دەرس ئۆتۈش جەريانىدا پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، ئۇلارنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە يېتەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، دەرسخانىدا بىر قىسىم ۋاقىتنى چىقىرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلە قويۇپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە يېتەكلەشنىڭ ئۈنۈمى دەرستىن سىرتقى ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە قارىغاندا ياخشى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئوقۇغۇچىلار دەرس ئىچى - سىرتىدا دۇنيا هازىرقى زامان تارىخىغا دائىر مەسىلىلەرنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنسە ۋە مۇهاكىمە قىلسا، ئوقۇتقۇچىنىڭ مۇهىم، قىيىن ۋە گۇمانلىق نۇقتىلارنى چۈشەندۈرۈپ، يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇمچە قىلىپ، يېڭى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆگىتىش بىلەن ئۆگىنىشنى ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىشىغىمۇ پايدىلىق.

**2. دەرس سۆزلەش بىلەن دەرسخانا مۇزاكىرىسىنى بىرلەشتۈرۈش**

دەرسخانا مۇهاكىمىسى - ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇشىنىڭ مۇهىم ئۇسۇللىرىدىن بىرى. ئۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىم ۋە كەسپىي بىلىمنى چۈشىنىشى ۋە قوللىنىشىغا ياردەم بېرىپ، تەپەككۇر ئىقتىدارى ۋە ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرس ئۆتۈش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشقا پايدىلىق. ئوقۇتۇش داۋامىدا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دۇنيا هازىرقى زامان تارىخىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ، مەقسەتلىك هالدا تۈرلۈك شەكىلدىكى دەرسخانا مۇهاكىمىلىرىگە ئۇيۇشتۇرۇشىغا بولىدۇ. دەرس ئۆتۈشنى دەرسخانا مۇهاكىمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش زور ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان. ئۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ يەككە يۆنىلىشلىك تەكشى تىپلىق بىلىم ئۈچۈرى يەتكۈزۈشنى كۆپ يۆنىلىشلىك ستروللۇق يەتكۈزۈشكە ئايلاندۇرىدۇ. بۇنداق يەتكۈزۈشتە، ئوقۇتقۇچى قايتما ئىنكاس ئۇچۇرىغا ۋاقتىدا ئىگە بولۇپ، ئۆتكەن دەرس مەزمۇنىنى ئۆز ۋاقتىدا تەڭشەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مۇزاكىرە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇپ، ئۆزئارا ئىلهاملاندۇرۇپ، نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىدۇ.

**3. دەرس سۆزلەش بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىشىنى بىرلەشتۈرۈش**

ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا هازىرقى زامان تارىخىنى ئۆگىنىش هەۋىسىنى قوزغاش ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى سىناپ بېقىش، ئىزدىنىش قاتارلىق مۇستەقىل پائالىيەتلەرگە يېتەكلەپ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر، يېيىلما تەپەككۇر ۋە ئىز قوغلاش پسىخىكىسى، يەنى مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. بۇ جەهەتتە، غەرب ئەللىرىدە كەڭ تارقالغان «ئۈچ بۆلەكلىك ئون ئالتە ئۇسۇل» نى ئۆرنەك قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىكى 1- بۆلەك «مەسىلە»، ئىككىنچى بۆلەك «ئۇسۇل»، ئۈچىنچى بۆلەك «يەكۈن» بولۇپ، بۇلارنىڭ رەتكە تۇرغۇزۇلۇشىدىن 16 خىل ئۇسۇل شەكىللەنگەن.

ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتكەندە، مەقسەتلىك هالدا بۇ ئۇسۇلنى قوللىنىپ، تۈپ ئۇقۇم ۋە نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بەزى مەسىلىلەرنى هەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز ئىزدىنىشىگە قويۇشقا بولىدۇ؛ بەزىدە مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇپ، زۆرۈر ماتېرىياللارنى تونۇشتۇرۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىگە مەسىلە ۋە ئۇسۇل تاپقۇزۇپ، يەكۈن چىقارتىپ، ئوقۇتقۇچىنىڭ زۆرۈر دەرىجىدە يېتەكچىلىك قىلىشىغا بولىدۇ. گەرچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىنى بايقىشى، ئۇسۇل تېپىشى ۋە يەكۈن چىقىرىشى ئاسان بولمىسىمۇ، لېكىن ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۇلار بۇنى تىرىشىپ ئورۇنلايدۇ ھەمدە مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق «بايقاش» قا ئىگە بولىدۇ. دۇنيا هازىرقى زامان تارىخىدىكى بىر قاتار مەسىلىلەرگە قاراشتا، نۇقتىئىنەزەرنى ئۆزگەرتىپ، ئۇسۇلنى ئالماشتۇرۇپ، تونۇشنى ئۆستۈرەلەيدۇ.

**4. دەرس سۆزلەش بىلەن ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرىنى بىرلەشتۈرۈش**

دۇنيا هازىرقى زامان تارىخى - هازىرقى زامان ئىجتىمائىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بايان قىلىدىغان پەن بولۇپ، نەزەرىيىۋىلىكى كۈچلۈك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سۆزلىنىدىغان ئادەم ۋە ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە باشقا دۆلەتلەر ئاساس قىلىنىدۇ، دەرس سۆزلەشتە ئابستراكت بولۇپ قېلىش، كونكرېت ۋە تەسىرلىك بولماسلىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگەنگەن نەزەرىيە ۋە بىلىمنى چۈشىنىشى ۋە ئىگىلىشىگە پايدىسىز، شۇڭا ئوقۇتقۇچىلار ئامالنىڭ بارىچە ئوقۇتۇشنىڭ كۆرسەتمىلىكىنى ئاشۇرۇشى زۆرۈر. دائىم ئۇچرايدىغان ئۇسۇل - ئوقۇتۇش ئاسما رەسىملىرىدىن پايدىلىنىش ياكى دەرسخانىدا رەسىم سىزىشتىن ئىبارەت. ئەمما مۇشۇ ئۇسۇلنىلا قوللىنىش يېتەرلىك ئەمەس، يەنە ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرىنى دۇنيا هازىرقى زامان تارىخىنى ئوقۇتۇش ساھەسىگە ئېلىپ كىرىش لازىم. زامانىۋى ۋاسىتىلەر ۋە ۋاسىتىلىق تەربىيە ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كونكرېت، كۆرسەتمىلىك، ئوبرازلىق، جانلىق تەسىرلىك، ئىنچىكە، چوڭ بىلىم ۋە ئۇچۇرلار بىلەن تەمىن ئېتىش زۆرۈر. پرويېكسىيىلىك پانار، پرويېكسىيە، كىنو، تېلېۋىزىيە، رادىئو پروگراممىلىق ئوقۇتۇش ئاپپاراتى، كومپيۇتېر، سۈنئىي هەمراھ ئارقىلىق تارقىتىش، لازېر نۇرلۇق كۆرۈش تەخسىسى قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقا-ئارقىدىن بارلىققا كېلىۋاتقان هەمدە ئۇلارنىڭ ئوقۇتۇش ئىقتىدارى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ دەرس ئۆتۈشنى ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ۋاسىتىلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق دۇنيا هازىرقى زامان تارىخىنىڭ دەرسخانا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشىمىز تامامەن مۇمكىن هەمدە شۇنداق قىلىشىمىز زۆرۈر. (04)

(«تارىخ ئوقۇتۇشى» ژۇرنىلىدىن)

# تەنتەربىيىدە زەخىملەنگەن ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدە ئانالىز

سىيتكامىل ئابدۇلجان
(قورغاس ناھىيلىك 5- ئوتتۇرا مەكتەپ دوختۇرى)

تەنتەربىيە مەشقى ئارقىلىق بەدەن سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، باللارنىڭ جىسمانىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. بىراق مەشق ئورۇنلاشتۇرۇش مۇۋاپىق بولمىسا، تەنتەربىيە گىگىيىنسىغا دىققەت قىلىنمىسا، بىر قىسىم تەنتەربىيىدىن زەخىملىنىش ھادىسىلىرى كېلىپ چىقىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە روھى ھالىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئېغىر بولغاندا، مېيىپ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، گىگىيىنلىق نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىش، تەنتەربىيىدىن زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ مەكتەپ گىگىنا خادىملىرىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى.

تۆۋەندە مەكتىپىمىزدىكى تەنتەربىيىدە زەخىملەنگەن 59 نەپەر ئوقۇغۇچىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى ئۈستىدە توختىلىمەن.

**1. تەكشۈرۈلگەن ۋاقىت، تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ۋە تەكشۈرۈش ئۇسۇلى**

(1) تەكشۈرۈلگەن ۋاقىت: 1989- يىلى 9- ئايدىن 1996- يىلى 12- ئاينىڭ ئاخىرىغىچە.

(2) تەكشۈرۈش ئوبيېكتى: 7 يىل ئىچىدە مەكتىپىمىزدە ئوقۇغان بارلىق ئوقۇغۇچىلار.

(3) تەكشۈرۈش ئۇسۇلى: مەكتىپىمىزدىكى كېسەل سەۋەبىدىن دەرس قالدۇرغان ئوقۇغۇچىلارنى تىزىملاش گرافىكىدىكى تەنتەربىيىدە زەخىملەنگەن ئوقۇغۇچىلار.

**2. نەتىجە**

(1) تەنتەربىيىدە زەخىملەنگەن ئوقۇغۇچى 59 نەپەر (ئوغۇللار 37 نەپەر، قىزلار 22 نەپەر)، قالدۇرغان ئومۇمىي دەرس سائىتى 846 سائەت.

(2) تەنتەربىيىدە زەخىملىنىشنىڭ تەنتەربىيە تۈرلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:

تەنتەربىيىدە زەخىملەنگەن 59 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە، ئوشۇق بوغۇمى تولغىنىپ زەخىملەنگىنى 21 نەپەر ھەر قايسى تەنتەربىيە تۈرلىرىدىكى زەخىملىنىشنى رەتكە تۇرغۇزغاندا، پۇتبول تۈرىدە زەخىملەنگەن ئوقۇغۇچى 21 نەپەر (35.6%)، يېنىك ئاتلېتىكا تۈرىدە 15 نەپەر (25.4%)، ۋالېبول تۈرىدە 10 نەپەر (16.9%)، گىمناستىكا تۈرىدە 6 نەپەر (10.2%)، باشقا تۈرلەردە 7 نەپەر (11.9%) بولغان.

ئوخشىمىغان تەنتەربىيە تۈرىدە زەخىملەنگەن ئوقۇغۇچى سانى ئوخشاش ئەمەس. بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى: ئوقۇغۇچىلار توپ تۈرلىرىنى، يەنى پۇتبول، ۋالېبول ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ تۈردە زەخىملەنگەن ئادەم قېتىم سانىمۇ كۆپ بولغان. ئۇنىڭدىن قالسا، يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرىدىن سەكرەش، يۈگرەش، ئېتىش تۈرلىرىدىمۇ زەخىملەنگەن ئوقۇغۇچى سانى بىر قەدەر كۆپ.

(3) دەرس ۋاقتى. دەرستىن سىرتقى ھەرخىل تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە زەخىملىنىش ئەھۋالى:

دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىدە زەخىملىنىش نىسبىتى ئەڭ كۆپ، يەنى 31 ئادەم قېتىم (52.5%)، تەنتەربىيە دەرسىدە 14 ئادەم قېتىم (23.7%)، مەشق تۈرلىرىدە 9 ئادەم قېتىم (15.3%)، مۇسابىقە تۈرلىرىدە 5 ئادەم قېتىم (8.5%) بولغان. بۇنىڭ سەۋەبى: دەرستىن سىرتقى تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بىر قەدەر كۆپ، تەشكىللەش ياخشى بولمىغان ياكى بىر توپ ئوقۇغۇچىلار بىرلىشىۋېلىپ، تەييارلىق ھەرىكىتى ئېلىپ بارمايلا جىددىي، قالايمىقان چېنىقىش ئېلىپ بارغان.

(4) تەنتەربىيىدە زەخىملىنىش قۇرۇلمىسى:

تەنتەربىيىدە زەخىملەنگەن 59 نەپەر ئوقۇغۇچى ئىچىدە، ئوشۇق بوغۇمى تولغىنىپ زەخىملەنگىنى 21 نەپەر

(35.6%) ، قالدۇرغان دەرس سائىتى 286 سائەت بولۇپ، تەنتەربىيىدە زەخىملەنگەن ئومۇمىي دەرس سائىتىنىڭ 33.8% نى ئىگىلەيدۇ. بۇ، ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى سوقۇلۇپ زەخىملىنىش بولۇپ، بۇنداق ئوقۇغۇچىلار جەمئىي 11 نەپەر (16.8%)، قالدۇرغان دەرس سائىتى 171 سائەت، 20.2% نى ئىگىلىگەن. ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى موسكۇللارنىڭ سوزۇلۇپ زەخىملىنىشى بولۇپ، بۇنداق ئوقۇغۇچىلار 7 نەپەر (11.8%)، قالدۇرغان دەرس سائىتى 97 سائەت، 11.5% نى ئىگىلىگەن.

3. خۇلاسە:

مەكتىپىمىزدىكى 59 نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ تەنتەربىيىدە زەخىملىنىشى، ئاساسەن، دەرس ۋە مۇسابىقىدىن بۇرۇنقى تەييارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ توغرا بولماسلىقى، ھەرىكەت مىقدارى ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېشى، جىنسى ئالاھىدىلىكىگە ماس كەلمەسلىكى، ھەرىكەت رىتىملىقىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق بولۇشى، ئوقۇغۇچىلاردىكى روھى ھالەتنىڭ جىددىي بولۇشى، ئوقۇغۇچىلار كىيىم - كېچەكى، تەنتەربىيە مەيدانى، تەنتەربىيە ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تەلەپكە ئۇيغۇن بولماسلىقى، ھەرىكەت جەريانىدا يۈز بېرىدىغان زەخىملىنىشلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا بولغان تونۇشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقى ۋە تەربىيىنىڭ ياخشى بولماسلىقى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان. مەكتىپىمىزدىكى ئوقۇغۇچىلاردا مېيىپ بولۇپ قېلىش ئەھۋالى كۆرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ۋە پسىخىكىسىغا تەسىر يەتكۈزگەن. بۇنىڭغا قارىتا تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرىدا تەنتەربىيىدە زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى بولۇشى، دەرستىن سىرتقى پائالىيەتلەرنى تەشكىللىك ئېلىپ بېرىشى، مەكتەپ دوختۇرلىرى تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن زىچ ماسلىشىپ، تەنتەربىيىگە گىگىيىنىلىق نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىشى، مەكتەپ رەھبەرلىكى تەنتەربىيىدە زەخىملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم. (04)

مۇكاپاتلىق ماقالە

## غەيرى نورمال مۇسابىقە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ قوللىنىشى

سەلىمە نۇردۇن
(تۇرپان دارىلمۇئەللىمىن تەنتەربىيە ئىشخانىسىدىن)

تەن ساپاسى جەھەتتە، ئوقۇغۇچىلاردا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل ئەھۋال بار:

1) تەن ساپاسى بىرقەدەر ناچار بولغانلار. بۇنداق ئوقۇغۇچىلار مۇسابىقىلەردە ئاسانلىقچە غەلىبە قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن روھىي چۈشۈپ، ۋاقىت ئۆزارغانسېرى تەنتەربىيە دەرسىگە بولغان قىزغىنلىقىنى تەدرىجىي يوقىتىدۇ؛

2) تەن ساپاسى نىسبەتەن ياخشى بولغانلار. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلار ھەر خىل شەكىلدىكى مۇسابىقىلەردە ئانچە كۈچىمەيلا باشقىلارنى يېڭىۋالىدۇ. نەتىجىدە ئادەتتىكى دەرس ۋاقىتلىرىدا ئۇلاردا بىر خىل بوشاڭلىق، چېچىلاڭغۇلۇق ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

3) تەن ساپاسى ئادەتتىكىدەك ئوقۇغۇچىلار. بۇ خىلدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە ئىگىلىگەن سانى نىسبەتەن كۆپ بولۇپ، مۇسابىقىلەردە كۆپىنچە ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى ۋە ئىنتىزامچانلىقى يۇقىرىقى ئىككى خىل ئوقۇغۇچىلارغا سېلىشتۇرغاندا ياخشىراق بولىدۇ.

تەنتەربىيە ئوقۇتۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەش، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، غەيرى نورمال مۇسابىقە شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىلدىكى ئەھۋاللارنى ئازايتقىلى ياكى ئالدىنى ئالغىلى، شۇنداقلا ئۈچىنچى خىلدىكى ئەھۋالنى تېخىمۇ ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان غەيرى نورمال مۇسابىقە دېگىنىمىز ـ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ تەن ساپاسى، تېخنىكا سەۋىيىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن، مەيدان، سايمان، ئادەم سانى ۋە مۇسابىقىگە قويۇلىدىغان تەلەپ قاتارلىق ئامىللارنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق مۇسابىقىگە قاتناشقۇچى ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئەمەلىي كۈچى سەۋىيىسىنى يېقىنلاشتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇسابىقىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، نىسبەتەن كۈچلۈك، بويى ئېگىز بولغان ئون نەپەر ئوقۇغۇچى بىلەن كۈچى ۋە بويى ئادەتتىكىدەك بولغان 11 ياكى 12 نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۆزئارا ئارقان تارتىش مۇسابىقىسىگە سالغاندا، ئادەتتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، غەلىبىگە ئېرىشىش پۇرسىتى چوڭ بولىدۇ، نىسبەتەن ياخشى بولغان ئوقۇغۇچىلارمۇ مۇسابىقىدە ئەڭ ياخشى سەۋىيىنى جارى قىلدۇرۇپ، غەلىبىگە ئېرىشىشكە تىرىشىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ياخشىلارنىڭ بوشاڭلىق قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، ناچارلارنىڭ زېرىكىشىنى ئازايتىپ، قىزغىنلىقىنى يۇقىرى كۆتەرگىلى بولىدۇ.

ئۇخشاش بولمىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە ئوقۇغۇچىلارنى غەيرى نورمال مۇسابىقىگە ئويۇشتۇرۇش ئۇسۇللىرى تۆۋەندىكىچە:

1. قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش:

قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئېلىپ بارغاندا، يۈگۈرۈش ئارىلىقىنى ئۆزگەرتىش، يەنى باشلىنىش نۇقتىسى ئوخشاش بولمىغان، تۈتاش نۇقتىسى ئوخشاش بولغان شەكىلدە مۇسابىقە قىلىش لازىم. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار ئوخشاش بىر پەللىدىن يۈگۈرتىلىدۇ، بىرىنچى بولغان ئوقۇغۇچى ئاخىرقى پەللىگە يەتكەندە، قالغان ئوقۇغۇچىلار ئۆزى تۇرغان ئورۇنلىرىنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ يۈگۈرەيدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، كىم ئالدى بىلەن قايتىپ كېلەلەيدۇ؟

2. كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش:

بۇ خىلدىكى مۇسابىقىدە ئادەم سانىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلى قوللىنىدۇ. ساپاسى نىسبەتەن ياخشى بولغان ئاز سانلىق ئوقۇغۇچىلار بىر گۇرۇپپا، قالغان كۆپ سانلىق ئوقۇغۇچىلار يەنە بىر گۇرۇپپا قىلىپ تەشكىللىنىدۇ. مەسىلەن، 10 نەپەر ساپاسى ياخشى ئوقۇغۇچى بىلەن 30 نەپەر ساپاسى ئادەتتىكىدەك ئوقۇغۇچى 30 مېتىر ئارىلىققا تەكرار كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرەيدۇ. ئەڭ دەسلەپتە يۈگۈرگەن ئىككى نەپەر ئوقۇغۇچى تەكرار ئۈچ قېتىم يۈگۈرگەندىن كېيىن، كېيىنكى ھەربىر ئوقۇغۇچى پەقەت بىر قېتىملا يۈگۈرەيدۇ. سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: قايسى گۇرۇپپىنىڭ يۈگۈرۈپ بولۇشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت ئەڭ قىسقا بولىدىكەن؟

3. بارنېر ئاتلاپ يۈگۈرۈش:

ئوقۇغۇچىلار بارنېردىن ئاتلاش تېخنىكىسىنى ئاساسەن ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، بارنېر ئارىلىقىنى ئۆزگەرتىش، ئېگىزلىكىنى ئوخشاش قىلىش ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان گۇرۇپپىلارغا بۆلۈشنى ئورۇنلىغىلى بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتلاش تېخنىكىسىنى ئىگىلىۋېلىشنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

4. توپ تۈرىدىكى مۇسابىقىلەر ئاساسەن ئادەم سانى ياكى قويۇلىدىغان تەلەپنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن، ۋاسكېتبول مۇسابىقىسىدە، تېخنىكا سەۋىيىسى نىسبەتەن ياخشى بولغان تۆت نەپەر ئوقۇغۇچى بىلەن ئادەتتىكى سەۋىيىدىكى بەش، ھەتتا ئالتە نەپەر ئوقۇغۇچىنى ئۆزئارا مۇسابىقىلەشتۈرۈش ياكى ئادەم سانى ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا، مۇسابىقىگە قويۇلىدىغان تەلەپنى ئۆزگەرتىش، يەنى ئاجىز تەرەپ كارغا بىر توپ كىرگۈزسە بىر نومۇر ھېسابلاش لازىم. بۇنداق بولغاندا، ھەر ئىككى تەرەپ تېخىمۇ ئاكتىپ بولۇپ، غەلىبە قىلىشقا تىرىشىدۇ. ئوخشاش غەلىبە قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىنىپ، نىسبەتەن ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ۋالېبول، پۇتبول مۇسابىقىلىرىنىمۇ ئادەم سانىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. (04)

## تەنتەربىيە دەرسىدە ئاخىرقى باسقۇچنى قانداق تەشكىللەش كېرەك

• ئابلەت قادىر •

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدىن)

تەنتەربىيە دەرسىدە، ئوقۇغۇچىلار جىسمانىي جەھەتتە ھارغاندىن باشقا، ھەرىكەتنى توغرا ئىشلىيەلمىگەنلىكى، جىسمانىي قۇۋۋىتىنىڭ يېتەرسىزلىكى، بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ نورمال بولماسلىقى تەپەيلىدىن، نېرۋىسى جىددىيلىشىپ، روھىي كەيپىياتى قالايمىقانلىشىدۇ. شۇڭا ئاخىرقى قىسمىدا روھىي كەيپىياتىنى نورماللاشتۇرۇش، نېرۋا سىستېمىسىنى تەڭشەش ھەرىكەتلىرىنى جەزمەن ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش زۆرۈر:

(1) ئاخىرقى قىسمىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا، ئوقۇغۇچىلارنى قۇياش نۇرىغا قارشى تۇرغۇزماسلىق، قۇياش نۇرىنىڭ غىدىقلىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

(2) تەنتەربىيە ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزلىرى يۇمۇرلۇق خاراكتېر يېتىلدۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقارلىق سۆزلەر بىلەن كۈلدۈرۈش ئارقىلىق دەرس جەريانىدا پەيدا بولغان جىددىيلىك ۋە ھارغىنلىقنى تۈگىتىشى، ئوقۇتقۇچى ئۈچۈق - يورۇق، خۇش چاقچاق بولۇشى، كۆپ ھەرىكەت قىلغان، لېكىن ھەرىكەتنى ياخشى ئۆزلەشتۈرەلمىگەن ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىقنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىشى كېرەك.

(3) مۇسكۇل رەتلەش ھەرىكىتى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلارنى پۈتنى مۈرە كەڭلىكىدە ئېچىپ، كۆزنى تەبىئىي يۇمۇپ، پۈتۈن بەدەننى بوش ھالەتتە تۇتۇپ، بىر مىنۇت تۇرغۇزۇش كېرەك. بۇ ھەرىكەتنى ئىشلىگەندە، ئوقۇغۇچىلاردا ھاۋادا لەيلەپ ئۈچۈۋاتقاندەك بىرخىل سېزىم پەيدا بولۇپ، روھىي جەھەتتىكى ھارغىنلىق ئاساسەن تۈگەيدۇ.

(4) دەرستىن ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرگە قايتىش، دەرس جەريانىدا بىرقەدەر ئېغىر ھەرىكەت قىلغان، ھارغان، ھەرىكىتى توغرا بولمىغان ئوقۇغۇچىلارغا تېخىمۇ يېقىن بولۇپ، ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ كېيىنكى دەرسلىرىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەش كېرەك.

مۇشۇنداق قىلغاندا، ئاخىرقى قىسمىدا يالغۇز بەدەن مۇسكۇللىرىنى رەتلەش مەقسىتىگە يېتىش بىلەنلا قالماي، بەلكى نېرۋا سىستېمىسى ۋە روھىي كەيپىياتنى نورماللاشتۇرغىلى، كېيىنكى دەرسلەرنى ياخشى ئۆزلەشتۈرۈشكە ياخشى ئاساس سالغىلى بولىدۇ. (04)

# ئوقۇتقۇچى نۇتقىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

ئادىل ئابدۇقادىر
(خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتىدىن)

نۇتۇق ـ ھەر قانداق شەخسنىڭ ھەرخىل شارائىتتا ئېلىپ بارغان تىلدىن پايدىلىنىش پائالىيىتى ھەم بۇ پائالىيەتنىڭ مەھسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر كۈندىلىك پائالىيىتىدە نۇتۇقتىن ئايرىلالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، كەسپ ئالاھىدىلىكى ھەم كەسپ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كىشىلەرنىڭ نۇتقىغا ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەر قويۇلىدۇ. بەزى كەسىپلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئالاھىدە ئۆلچەم قويۇلسا، بەزى كەسىپتىكىلەرگە ھېچقانچە ئۆلچەم قويۇلمايدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نۇتقى دەل ئالدىنقى ئالاھىدە ئۆلچەملىك نۇتۇق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى داۋامىدىكى نۇتۇق ئەڭ ئاساسلىقى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنى كونكرېت شارائىتقا ئاساسەن، دەرسخانا ئىچىدىكى نۇتۇق، دەرسخانا سىرتىدىكى نۇتۇق دەپ ئىككىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

دەرسخانا ئىچىدىكى نۇتۇق ـ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسخانىدا ئوقۇتۇش ئېلىپ بارغاندا ئىشلىتىدىغان دەرسخانا تىلىغا قارىتىلغان. دەرسخانا سىرتىدىكى نۇتۇق بولسا، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى سورۇنلاردا ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئالاقىلىشىشىدىكى تىلىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى خىل نۇتۇق شارائىتىدىكى ئوخشىماسلىق ئوقۇتقۇچى نۇتقىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. مەيلى دەرسخانىدىكى ياكى دەرستىن سىرتقى نۇتۇق بولسۇن، ئۇلارنىڭ بىردەك ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيىلەش مەقسىدى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا كىتابى بىلىم بېرىپلا قالماستىن، يەنە ئوقۇغۇچىلاردىكى ھەرخىل زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ئۇلارغا قانداق ئادەم بولۇشنىمۇ ئۆگىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى نۇتقىنىڭ ئالاھىدىلىكى دەل مۇشۇ جەھەتتە گەۋدىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچىدىكى ئىككى خىل نۇتۇقنىڭ شارائىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، شۇ ئىككى خىل شارائىتتىكى نۇتۇق پوزىتسىيىسى، تىلنىڭ ئىشلىتىلىشى، مەقسەت ئوخشاش بولمايدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئوخشاش بولمىغان تەلەپلەر قويۇلىدۇ.

دەرسخانا نۇتقىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر

توغرا، ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولۇش: بۇ، دەرسخانا نۇتقىنىڭ يادروسى. ئەگەر ئوقۇتقۇچى نۇتۇقتا بۇ ئۈچ نۇقتىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرمىسا، ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ. ئوقۇتقۇچى نۇتقىنىڭ توغرىلىقى ـ تىل لوگىكىسىنىڭ توغرىلىقى، تىلىنىڭ ئۆلچەملىك تەلەپپۇزى، سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ توغرىلىقى، باغلىنىشى، تىلنىڭ گۈزەللىك ئۆلچىمى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئېنىقلىقى ۋە چۈشىنىشلىكلىكى بولسا، ئوقۇتقۇچى تىلىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاڭلاش سەزگۈسىدە ئەكس ئېتىشى، تىل ئاۋۇشلىرىنىڭ تەلەپپۇزدىكى ئېنىقلىقى، تىلنىڭ كونكرېت ـ ئابستراكتلىقىنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش قۇرۇلمىسىغا، بىلىم سەۋىيىسى ھەم چۈشىنىش ئىقتىدارىغا ماس كېلىش ـ كەلمەسلىكى، نۇتۇق داۋامىدىكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئاددىي ـ مۇرەككەپلىكى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر ئوقۇتقۇچى دەرسخانا نۇتقىدا يۇقىرىقى كونكرېت مەزمۇنلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلالىسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ نۇتقى بىرىنچى دەرىجىلىك ئۆلچەمگە يەتكەن بولىدۇ ھەم ئاساسىي مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا، تىلدا بىر خىل قالايمىقانچىلىق چىقىپ، ئوقۇتقۇچى نۇتقى بىر «يۇگەنسىز ئات» قا ئايلىنىدۇ ـ دە، ئوقۇغۇچى دەرستىن ھېچقانچە بەھىر ئالالمايدۇ.

تىل ئىنتوناتسىيىسى دەل، نۇتۇق سۈرئىتى ۋە ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى مۇۋاپىق بولۇش: بۇ، ئوقۇتقۇچى دەرسخانا نۇتقىدا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نۇقتا. ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا نۇتقىدا، تىل ئىنتوناتسىيىسى ئوقۇتقۇچى نۇتقىنى ئېنىق، جانلىق قىلىپ بېرىش رولىنى ئوينىسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ روھىنى جانلاندۇرۇپ، جانلىق دەرسخانا مۇھىتى شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى نۇتۇقتا تىلنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تىل ئىنتوناتسىيىسىگە سەل قارىماسلىقى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا نۇتۇق سۈرئىتىنىڭ مۇۋاپىقلىقى، ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بىۋاستە ھالدا دەرس ئۈنۈمىگە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللاردۇر. ئەگەر ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇتۇق سۈرئىتى تېز بولۇپ كەتسە، ئوقۇغۇچىلار سۆزلىگەن مەزمۇنلارنى مېڭىسىگە خاتىرىلەپ ئۈلگۈرەلمەيدۇ ھەم ئاسانلا چارچايدۇ. ئوقۇتقۇچىمۇ نۇتۇق تېزلىكى سەۋەبىدىن خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلىنالمايدۇ. نۇتۇق سۈرئىتى بەك ئاستا بولۇپ كەتسىمۇ، پايدىسىز ئامىللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. نۇتۇق

داۋامىدىكى ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نېرۋا پائالىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئاۋاز بەك يۇقىرى بولۇپ كەتسە، ئوقۇغۇچىلاردا ئاسانلا چارچاش ھەمدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ، روھىي جىددىيلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا دەرسخانا نۇتقىنىڭ سۈرئىتى، ئاۋازنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى مۇۋاپىق بولۇشى كېرەك.

نۇتۇق بىلەن تاشقى نۇتۇق ئەزالىرىنى ماسلاشتۇرۇش: ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا نۇتقى ئوقۇغۇچى ئۈچۈن دائىملىق بىر خىل جەريان، ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن جەلىپ قىلىش كۈچى بولىدۇ. ئوقۇتقۇچى نۇتقىنىڭ جەلىپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، نۇتۇق بىلەن تاشقى نۇتۇق ئەزالىرىنى ماسلاشتۇرۇش كېرەك. بۇ يەردە ئېيتىلغان تاشقى نۇتۇق ئەزالىرى دېگىنىمىز ـ ئوقۇتقۇچىنىڭ نۇتۇق داۋامىدىكى نۇتۇققا ماسلاشقان تاشقى چىراي ئىپادىسى، قول ھەرىكىتى، كۆز ھەرىكىتى ھەم باشقا ئەزالار ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتقۇچى دەرس سۆزلەش داۋامىدا، ھەرخىل ھېسسىياتلارنى ئىپادىلەشكە، دەرسكە ئالاقىدار شەكىللەرنى قول بىلەن چۈشەندۈرۈشكە، ئوقۇغۇچىلارنى ئىما ئارقىلىق تەشكىللەشكە توغرا كېلىدۇ. بۇلارنى دەل نۇتۇق بىلەن تاشقى نۇتۇق ئەزالىرىنى ماسلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا نۇتقى نۇتۇق ئەزالىرى بىلەن ماسلىشىپ بەرسە، دەرسكە بىر خىل سەنئەتلىك تۈس قوشۇلۇپ، دەرسنىڭ جانلىقلىقى ھەم جەلىپ قىلىش كۈچى ئاشىدۇ، ئوقۇغۇچىنىڭ دىققىتى دەرسكە مەركەزلىشىدۇ.

دەرسخانا سىرتقى نۇتقىغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر: ئوقۇتقۇچى دەرسخانا نۇتقى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش مەقسىتىگە يەتسە، دەرسخانا سىرتقى نۇتقى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار بىلەن ھېسسىيات ئالماشتۇرالايدۇ. دوستلۇق ئورنىتالايدۇ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ئۆز ئىناۋىتىنى تۇرغۇزالايدۇ. شۇڭا دەرسخانا سىرتقى نۇتقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا دەرسخانا ئىچى نۇتقىغا قويغان تەلەپلەرنى قويۇشقا بولمايدۇ.

ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسخانا سىرتقى نۇتقىدا ئەڭ ئاۋۋال باراۋەرلىك ئىپادىلىنىشى كېرەك. ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا باراۋەرلىك مۇناسىۋىتى بولىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت دەل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى نۇتقىدا كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلار بىلەن دوستلۇق، باراۋەرلىك ئورنىتىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا كىبىر كۆرسەتمەسلىكى، نۇتۇقتا دوستانە ھېسسىياتنى ئىپادىلىشى، ئوقۇغۇچىلارنى ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىماي، ئۇلارغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىشى، قىزغىن بولۇشى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ غۇرۇرىنى ئاسرىشى كېرەك.

سەممىي، چىقىشقاق بولۇش: ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقتى ئۇلارنىڭ پىكىر ۋە ھېسسىيات ئالماشتۇرىدىغان، دوستلۇق ئورنىتىدىغان ۋاقتى، نۇتۇقتىكى سەممىيلىك ۋە چىقىشقاقلىق دەل يۇقىرىقى مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاستە. شۇڭلاشقا ئوقۇتقۇچى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا «دوست» لۇق سالاھىيىتى بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. بولمىسا، ئالاھىدە سالاھىيەت ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارئارىسىدا «ئۆتكىلى بولمايدىغان تام» ھاسىل قىلىپ قويىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا چەكتىن ئاشۇرۇپ ئالاھىدە بولىۋالماسلىقى، نۇتۇقتا سىرلىق، گەپ ـ سۆزدە ئالاھىدە ئۆلچەملىك، كىتابىي سۆزلەرنى كۆپ قىلىدىغان بولۇۋالماسلىقى، سورۇنغا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىغا قاراپ تەبىئىيلىك، دەللىلىك، يۇزىتىسىدىكى دوستانىلىقنى ئىپادىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، كۈلۈمسىرەش ۋە نۇتۇقتىكى يۇمۇرىستىكلىق ئوقۇتقۇچىنى ئاسانلا ئوقۇغۇچىلارغا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

مەقسەتچان بولۇش: ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرستىن سىرتقى نۇتقى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزئارا باغلايدۇ، ئۇلارنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا دوستلۇقنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنداقلا ئوقۇتقۇچى دەرستىن سىرتقى نۇتۇق داۋامىدا، ئوقۇغۇچىلاردىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاڭلىيالەيدۇ، نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشتە، مۇئەييەن مەقسەتنى شەرت قىلىشى، يەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئائىلە تۇرمۇش ئەھۋالى، تۇرمۇشتا، ئۆگىنىشتە يولۇققان قىيىنچىلىقلارنى ئىگىلىشى، ئوقۇغۇچىلار ئىدىيىسىدىكى تۈگۈننى يېشىشى، ئۇلار يولۇققان پىسخىك توسالغۇلارنى ھەل قىلىشى، ئۇلارغا ئىلھام بېرىشى، ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلىشى كېرەك. ئەمما شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ شەخسىيىتىگە ئالاقىدار مەسىلىلەرنى ئۆز ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا ئاشكارىلىماسلىقى، كۆپچىلىك بىلەن سۆھبەتلەشكەندە بىر شەخسنىلا نۇقتا قىلىۋالماسلىقى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆزىچىلا بىرەر ئوقۇغۇچىنى ئۆز ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ، باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا سوئال ـ سوراق قىلماسلىقى كېرەك. بولمىسا، ئۇ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئوقۇغۇچىلاردىن ھەرقانداق شەكىلدىكى ئوقۇتقۇچىلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى سورىماسلىق لازىم.(04)

## مۇكاپاتلىق ماقالە

# مورفىما بىلەن فونىما ۋە بوغۇمنىڭ پەرقى ھەمدە ئوقۇتۇشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلار

مەختۇمنىسا ھاپىز
(يەكەن دارىلمۇئەللىمىندىن)

مورفىما، فونىما ۋە بوغۇم ـ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئىلمىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان فونىتىكا ۋە مورفولوگىيىگە تەئەللۇق ئۇقۇملاردۇر. ئوقۇغۇچىلارغا بۇ ئۇقۇملار توغرىسىدىكى چۈشەنچە ۋە ئۇلارنىڭ نېگىزلىك پەرقىنى ئېنىق ۋە توغرا چۈشەندۈرۈش ـ ئۇيغۇر تىلى ئوقۇتۇشىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مەسىلە. ئەگەر سەل قارالسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ چۈشەنچىسى مۈجمەللىشىپ، سۆزلەرنى مورفىما ۋە بوغۇملارغا ئايرىشتا ئاسانلا سەۋەنلىك يۈز بېرىدۇ. تۆۋەندە بۇ جەھەتتە ئويلىغانلىرىمنى قويۇپ ئۆتىمەن.

**1. مورفىما بىلەن بوغۇمنىڭ پەرقى**

سۆز ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى بولسىمۇ، لېكىن مەنا جەھەتتىن ئەڭ كىچىك بىرلىك ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى سۆزدىنمۇ كىچىك بىرلىك بار، ئۇ بولسىمۇ مورفىما.

سۆزنى قۇرۇلۇش تەركىبى جەھەتتىن ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلىدىغان بولساق، مەنا ئىپادىلەيدىغان تېخىمۇ كىچىك بىرلىكلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن: ئاشپەز، ئىنقىلابچى، بوياق، سورمە، ئاسما، ئوقۇم، ۋاراق،... قاتارلىق سۆزلەرنى ئالساق، ئۇلار تىلدا ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان، ھەر بىرى ئايرىم ـ ئايرىم مەنا ئىپادىلەيدىغان تىل بىرلىكى بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى پارچىلىساق، ئەسلىدىكى مەنىلىرى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلساق، ئۇلارنىڭ تەركىبىدە سۆزدىنمۇ كىچىك مەنىلىك قىسىملار بارلىقىنى، بۇ قىسىملار بىرلىشىپ، مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى ئۆز ئۈستىگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، «ئاشپەز» سۆزىنىڭ «ئاش» مورفىمىسى پۇشۇرۇلغان تاماقنى كۆرسەتسە، «پەز» مورفىمىسى قوشۇلغاندا، تاماق ئېتىش بىلەن شۇغۇللانغۇچىنى؛ «بوياق» سۆزىنىڭ «بويا» مورفىمىسى بىرەر نەرسىنى بوياش ھەرىكىتى ھەققىدىكى بويرۇق چۈشەنچىسىنى ئىپادىلىسە، «ق» مورفىمىسى قوشۇلغاندا، رەڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «ئوقۇم» سۆزىدىمۇ «ئوق» قىسمى ھەرىكەت جەھەتتىكى بۇيرۇق چۈشەنچىسىنى بىلدۈرسە، «ئۇم» قوشۇلغاندىن كېيىن مەنىسى ئۆزگىرىپ، بىرەر شەيئى ھەققىدىكى چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ.

دېمەك، يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ تۇرغان ئەڭ كىچىك قىسىملار ـ مورفىما (مەنىلىك بۆلەك) بولىدۇ. سۆزنىڭ ئەنە شۇنداق مەنىلىك بۆلىكى فونىمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. تىلدا مەنا پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە بولغان ئەڭ كىچىك فونېتىك بىرلىك، يەنى تىل تاۋۇشلىرى فونىما دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ، مورفىما بىلەن فونىمىنى بىر ئۇقۇم دېگىلى بولمايدۇ.

فونىما سۆزنى شەكىل جەھەتتىن تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئېلېمېنت ھېسابلانسا، مورفىما سۆزنى مەنا جەھەتتىن تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئېلېمېنت ھېسابلىنىدۇ. فونىما ـ فونىمىلىق ئامىل، مورفىما ـ سېمانتىكىلىق ئامىلدۇر. سۆز تەركىبىدىكى فونىمىلار مەنىلىك بۆلەكلەرنى ياسىسا، مورفىمىلار مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنىدىغان سۆزلەرنى ياسايدۇ. بەزىدە سۆزنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى (مورفىما) بىر فونىمىدىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: «بوياق» (بويا+ق)، «سىناق» (سىنا+ق)، «بېزەك» (بېزە+ك)، «سوراق» (سورا+ق)، «قايناق» (قاينا+ق)، «سايلام» (سايلا+م) قاتارلىق سۆزلەردە، ئىككى مەنىلىك بۆلەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ق، ك، م» مورفىمىسى بىر فونىمىدىن تۈزۈلگەن، «بويا، سىنا، سايلا، بېزە، قاينا» قاتارلىق مۇستەقىل مورفىمىلار ھەرىكەت مەنىسىنى ئىپادىلىسە، «ق، ك، م» قوشۇلغاندىن كېيىن مەنا جەھەتتىن ئۆزگىرىش ياساپ، يېڭى مەنە ئىپادىلەيدۇ. شۇنداقلا «ك، ق، م» فونىمىلىرى «بوياق، سىناق، بېزەك، سايلام...» دېگەن سۆزلەرگە نىسبەتەن ھەم ياردەمچى مورفىمىلىق، ھەم فونىمىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. يەنە «ئوقۇتقۇچى» دېگەن سۆزدە «ئوقۇ+ت +قۇچى» دېگەنگە ئوخشاش ئۈچ مەنىلىك بۆلەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى «ت» مورفىمىسى بىر فونىمىدىن تۈزۈلگەن

بولسىمۇ، ئۇ «ئوقۇ» سۆزىگە قوشۇلغاندىن كېيىن، سۆز تومۇرىنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئوقۇش ھەرىكىتىنىڭ باشقا بىر شەخسكە مەجبۇر قىلىش ئاساسىدا ئىشقا ئاشقانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مورفېمىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

مورفېما بولۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭ قانچە فونېمىدىن تۈزۈلۈشىدىن قەتئىينەزەر، تومۇرغا ئۇلىنىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆزگەرتىشى، مەنە ئىپادىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا مورفېما ھېسابلىنىدۇ. «ئوقۇت» سۆزىدىكى «ت» فونېمىسىنى «ئات، ئوت، ئۆت» سۆزىدىكى «ت» غا ئوخشاش پەقەت فونېما دەپ قارىساق بولمايدۇ. چۈنكى «ئات، ئوت، ئۆت» سۆزىدىكى «ت» «ئوقۇتقۇچى» سۆزىدىكى «ت» غا ئوخشاش سۆزنىڭ ئەسلى تومۇرىغا يېڭى مەنە قوشۇۋاتقان مەنىلىك بۆلەك بولماستىن، بەلكى فونېملىق ۋەزىپىنىلا ئۆتەيدۇ. شۇڭا «ئات»، «ئوت، ئۆت» سۆزلىرىدىكى «ت» مورفېما بولماي فونېما بولىدۇ، ئۇلار مەنىلىك بۆلەكلەرگە بۆلۈنمەيدۇ. «ئوقۇتقۇچى، پۇراق» سۆزلىرىنى مورفېمىغا ئاجراتقاندا، «ئوقۇ+ت+قۇچى»، «پۇرا+ق» دېگەن باش ۋە ئەگەشمە مورفېمىلارغا ئاجرايدۇ. «ئوقۇ»، «پۇرا» دېگەنلەر باش مورفېما ياكى تومۇر دەپ ئاتالسا، «ت، قۇچى، ق» ئەگەشمە مورفېما ياكى قوشۇمچە (سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە) دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «ت، ق» تاۋۇشلىرى يۇقىرىقى سۆزلەرگە نىسبەتەن فونېتىكا نۇقتىسىدىن فونېملىق، مورفولوگىيە نۇقتىسىدىن مورفېمىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

### مورفېما بىلەن بوغۇمنىڭ پەرقى

مورفېما بىلەن بوغۇم بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى ئۇقۇم بولسىمۇ، ئەمما ئوقۇتۇشتا بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان، پەرقلەندۈرمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. تىلىمىزدىكى «بوياق، ۋاراق» دېگەن سۆزلەر ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، مورفېما نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «بوياق» سۆزى ئىككى مورفېمىدىن (بو+ياق)، «ۋاراق» سۆزى بىرلا مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. چۈنكى «بوياق» سۆزىدىكى «بويا» مورفېمىسى بۇيرۇق پېئىلى بولۇپ، ئىككىنچى بىر شەخسكە قارىتا بىرەر نەرسىنى بوياپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتىشنى بۇيرۇنلاشتۇرغانلىق ھەرىكىتىنى ئىپادىلىسە؛ «ق» فونېمىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن («ق» بىر فونېما بولسىمۇ) يۇقىرىقى سۆزدە ئەگەشمە مورفېملىق رولىنى ئويناپ، سۆزنىڭ مەنىلىك بۆلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەمما بوغۇم نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «ق» فونېمىسى ئۈزۈك تاۋۇش بولغانلىقى، ئۇنىڭغا سوزۇق تاۋۇش قوشۇلۇپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بوغۇم شەكىللەندۈرەلمەيدۇ. بوغۇم نۇقتىسىدىن قاراپ بۆلەككە ئايرىغاندا (بو+ياق) مەنىلىك بۆلەك شەكىللەنمەيدۇ، پېئىللىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، ئىسىمغا ئۆزگىرىپ، شەيئىنىڭ نامىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. «بوياق» سۆزى بىلەن «بوياق» سۆزىنىڭ ئەسلى تومۇرى مەنە جەھەتتىن ئوتاش بولۇپ، باش ۋە ئەگەشمە مورفېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلىك بۆلەك شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. «قەلەم»، «سىنىپ»، «مەكتەپ» دېگەن سۆزلەرنى مەنە جەھەتتىن تەھلىل قىلغاندا، پەقەت بىرلا مورفېمىدىن تۈزۈلگەن. ئەمما بوغۇم نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق، ھەر بىر سۆزنى «قە+لەم»، «سى+نىپ»، «مەك+تەپ» دېگەندەك ئىككىدىن بوغۇمغا ئاجرىتىشقا بولىدۇ. بۇلاردا ئىككىدىن بوغۇم بولسىمۇ، پەقەت بىرلا مەنىلىك بۆلەك (تومۇر) بار. ئەمما بەزى سۆزلەرنىڭ بوغۇم سانى بىلەن مورفېما سانى تەڭ بولۇپ، ھەربىر بوغۇم بىردىن مورفېملىق ۋەزىپىنى ئۆتەپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئىشچان»، «چايدان»، «باغۋەن» …… قاتارلىق سۆزلەر ئەنە شۇنداق. بەزى سۆزلەرنىڭ بوغۇم سانى بىلەن مورفېما سانى تەڭ بولمايدۇ. مەسىلەن: «ئىنقىلابچى»، «ساۋاقداش» دېگەن سۆزلەردە بىر نەچچىدىن بوغۇم بولۇپ (ئىن+قى+لاب+چى، سا+ۋاق+داش)، بۇلارنى مورفېما نۇقتىسىدىن باش ۋە ئەگەشمە مورفېمىلار (ئىنقىلاب+چى، ساۋاق + داش) غا ئاجرىتىشقا بولىدۇ.

دېمەك، يۇقۇرىقىلاردىن بىلىشكە بولىدۇكى، مورفېما بىلەن بوغۇم ھەر ئىككىلىسى فونېتىكىنىڭ تەتقىقات دائىرىسىدىكى ئۇقۇملار بولسىمۇ، ئەمما بۇلار شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مورفېما سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى ھەم ئوتاشلىقىنى ئاساس قىلغان مەنىۋى بىرلىك بولسا، بوغۇم سۆزلەرنىڭ نۇتۇق ئورگانلىرى ئارقىلىق تەلەپپۇز قىلىنىشى ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئاساس قىلىپ ئاجرىتىلغان شەكىل ئامىلىدىن ئىبارەت. ئەگەر ئوقۇتۇشتا سەللا دىققەت قىلىنمىسا، بۇ نۇقتىدا ئاسانلا خاتالىق يۈز بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، فونېتىكىنى ئۆگىنىشتە ۋە ئۇنى ئوقۇتۇشتا، بۇ نۇقتىغا ئەستايىدىل قاراپ، مورفېما بىلەن فونېمىنى ۋە مورفېما بىلەن بوغۇمنى نەزەرىيىۋى، ئەمەلىي جەھەتتىن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىشىمىزگە، كونكرېت تىل مۇھىتىغا قويۇپ تەتقىق قىلىشىمىزغا، ئىزدىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. (04)

# ئوقۇغۇچىلارنى ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئوقۇتۇش لازىم

نۇرىمان مۇھەممەت
(مەكىت ناھىيە قىزىلئاۋات ئوتتۇرا مەكتىپىدىن)

بىر پسىخولوگ: ھەربىر ئوقۇغۇچى بىر پۈتۈن كىتاب، مۇھىم مەسىلە ـ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇنى ئوقۇتۇشنى بىلىشىدە» دېگەن. بۇ، ھەقىقەتەن شۇنداق. ھەربىر ئوقۇغۇچى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت، ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇنىڭغا ئاساسەن، ئوقۇتقۇچى دەرسخانىدا بىرمۇ ئوقۇغۇچىنى نەزەردىن ساقىت قىلماي، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە يارىشا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىپ، بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى بىردەك يېتەكلەش مەقسىتىگە يېتىشى لازىم.

1. دەرس مەزمۇنىنى ئاسان ئەستە قالدۇرۇپ، ئەستىن چىقىرىدىغان، پىكىر قىلىشقا دادىل ئوقۇغۇچىلار. بۇنداق ئوقۇغۇچىلار دەرسخانىدا ئوقۇتقۇچىنىڭ نەزەرىگە ئاسان چېلىقىدۇ. ئۇلارنى ئوقۇتقۇچى ناھايىتى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچى ئۆز تىرىشچانلىقى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ياخشى كۆڭۈل بۆلۈشى نەتىجىسىدە بارغانسېرى ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىدۇ. ئۇلارنى ئوقۇتقۇچى ئانچە كۆچىمەيلا يېتەكلەپ ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ.

2. ئېغىربېسىق، جىمغۇر، كۆپ سۆزلەشنى خالىمايدىغان، خاتىرىسى كۈچلۈك، تىرىشچان ئوقۇغۇچىلار. ئۇلار كۆپىنچە ئائىلىلەردە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇنجى پەرزەنتى ياكى يالغۇز پەرزەنتى بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئالاھىدە كۈتۈشىگە ئېرىشكەن بولىدۇ. ئوقۇتقۇچىلار بۇ ئوقۇغۇچىلارغا خۇددى ئۆز ئاتا ـ ئانىلىرىغا ئوخشاش سەۋرچان، ئەستايىدىل، قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ، مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشى، دەرسخانىدا كۆپرەك سوراپ، جاۋاب بېرىشكە يېتەكلىشى، جاۋاب بېرەلمىسە سوغۇق مۇئامىلىدە بولماي، مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈشى، جاۋاب بېرەلىسە، سەمىمىي تۈردە تەقدىرلەپ ئىلھاملاندۇرۇشى لازىم. نەتىجىدە ئۇلاردىكى پىكىر قىلىشتىكى بېسىق ھالەت تەدرىجىي تۈزۈلىدۇ.

3. ئەقلىي قابىلىيىتى ئوتتۇرا ھال، پىكىر قىلىشتا دېلىغۇل باللار. بۇ ئوقۇغۇچىلارنى دەرسخانىدا ماھىرلىق بىلەن بايقاپ، ئۇلاردىكى پسىخىك ئاجىزلىقنى تېپىپ چىقىش، ئۇلارنى ئەلاچى ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا قوشۇش ئۈچۈن، ئۆز سەۋىيىسىگە ماس كېلىدىغان سوئاللار بىلەن يېتەكلەپ، ئۇلاردا: «مەن بۇ دەرسنى بىلدىم، يەنە سەل تىرىشسام، قىيىنراق مەزمۇنلارغا كۈچۈم يەتكۈدەك» دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈشى، بارا ـ بارا قىيىنراق سوئاللارنى پارچىلاپ قويۇپ، جاۋاب بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ئۇلاردىكى پىكىر قىلىشتا دېلىغۇل بولۇش كەيپىياتىنى تۈزىتىشى لازىم.

4. بىلسىمۇ سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز، تەستە ئۆگىنىپ تەستە ئەستىن چىقىرىدىغانلار. بۇلارغا نىسبەتەن كۆپ سۆزلىتىش، كۆپ سوراش، پىكىر قىلىش يولىنى ئەستايىدىل ئۆگىتىش لازىم. سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرەلمىسە، سەمىمىيلىك بىلەن بىرلىكتە مۇلاھىزە قىلىشقا تەكلىپ قىلىش، قورۇنماي جاۋاب بېرىشكە ئىلھاملاندۇرۇش، يەنە بىر قېتىم ئۆگىنىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلىش لازىم. دەرستە ياخشى ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۆگىنىش، سوئاللارغا جاۋاب بېرىش جەھەتتىكى ئىلغار تەرەپلىرىدىن ئۆگىنىشكە يېتەكلەش لازىم.

5. ئاسان ئەستە قالدۇرۇپ، ئاسان ئەستىن چىقىرىدىغان، ئازراق بىر نەرسە بىلسە كۆرەڭلەپ، باشقىلارنى كەمسىتىدىغان، كەمسىز، ئەمما غورۇرى كۈچلۈك ئوقۇغۇچىلار. بۇنداق ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆزىنى ئەقىللىق دەپ ئېتىراپ قىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئوقۇتقۇچى پىسەنت قىلماسلىق پوزىتسىيىسىدە بولسا، بۇ ئوقۇغۇچى ئۈمىدسىزلىنىپ بىئارام بولۇشى، «ئوقۇتقۇچۇم نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئۆگەنگىنىمنى كۆرمەيدۇ» دەپ قولى ئىشقا بارمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئوقۇتقۇچى بۇنداق ئوقۇغۇچىغا ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى، مۇزاكىرە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ھەم ئۇنى تىزگىنلەش ھەم ئۇنىڭ خاراكتېرىگە ماسلىشىپ، قابىلىيىتىنى كۆرۈش مۇئامىلىسىدە بولۇشى لازىم. كەمسىزلىككە نىسبەتەن تەشكىلىي ئىنتىزام توغرىلىق دائىم تەربىيە بېرىپ، ئۆزىنى ئىدارە قىلىش، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش، ساۋاقداشلىرىغا ياردەم قىلىش، كەمتەر بولۇش ئادىتىنى تەدرىجىي يېتىلدۈرۈش لازىم. ئەگەر

ئۇلارنىڭ غورۇرى كۈچلۈك بولسا، تەربىيىدە كۆپ ئېھتىيات قىلىش زۆرۈر. بولمىسا، قىلنى دەپ يىلدىن قورۇق قىلىش ئەھۋالى تۇغۇلىدۇ.

مېنىڭ سىنىپىمدا مۇشۇ خىلدىكى بىر ئوقۇغۇچى بولۇپ، دەرسخانىدا دەرسكە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. دەرسنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، تايىنى يوق ئىشلارنى قىلاتتى، يېنىدىكى ساۋاقداشلىرىنى قەستەن پاراڭغا تۇتۇپ، سىنىپ ئومۇمىي كەيپىياتىنى بۇزۇشقا ئۇرۇناتتى. مەن ئۇنى نۇرغۇن قېتىم كۆزىتىپ، ئۇنىڭ خېلىلا ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئارقىمۇ ئارقا بىرقانچە قېتىم پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ نازۇك ئىچكى دۇنياسىغا كىرىشكە مۇۋەپپەق بولالىدىم. ساۋاقداشلىرىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ سەممىي ئېيتىپ بېرىشىچە، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئۇ ناھايىتى تىرىشچان، ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولۇپ، سىنىپ ھەيئىتى ئىكەن. بىر قېتىم تەنتەربىيە دەرسىدىن كېيىنكى دەم ئېلىشتا توپ ئويناپ، كېيىنكى سائەتلىك دەرسكە ئىككى مىنۇت كېچىكىپ قاپتۇ. نەتىجىدە ئوقۇتقۇچى ناھايىتى خاپا بولۇپ، بۇ ئوقۇغۇچىنى قاتتىق تەنقىد قىپتۇ. ئوقۇتقۇچىنىڭ مەسخىرە سۆزلىرىنى ئاڭلاشقا ھەم شۇ سائەتلىك دەرسنى ئىشىك تۈۋىدە ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلاشقا مەجبۇر بولغاچقا، بۇنىڭغا قايىل بولماي، ئىككىنچى سائەتلىك دەرستىن باشلاپ قارشىلىق كۆرسىتىش قۇتۇبىغا ئۆتۈپ، قەستەن ئىنتىزامنى بۇزۇپ، ئۆگىنىش كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. دەرسخانىدا پاراڭ سېلىپ دەرسكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئوقۇتقۇچى دىققەتكە چاقىرسىمۇ پىسەنت قىلمايدىغان، مەكتەپتىن قاچىدىغان، شۇ ئارقىلىق ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان بولىۋالغان. ئاخىرى بارلىق ئوقۇتقۇچىلار ھەم ساۋاقداشلىرىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ، ئەسكى، دەرستە ئاجىز، كەپسىز دېگەن باھالار ئاستىدا كۈندىن- كۈنگە دەرستە چېكىنىپ كەتكەن.

بۇ ئەھۋاللارنى ئۇققاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن قېتىم پاراڭلىشىپ تەربىيە بەردىم. دەرسخانىدا دەسلەپ ئۇنىڭدىن ئاددىي مەسىلىلەرنى سورىسام، ئۇ ئارسالدى كەيپىياتتا ھەيران بولغاندەك قاراپ قالدى. مەن سەممىيلىك بىلەن چۈشەندۈرۈپ، يەنىمۇ ئويلىنىپ بېقىشقا دەۋەت قىلدىم. ئاخىر ئۇ ئېغىز ئاچتى، ناھايىتى توغرا جاۋاب بېرىپ مېنى قانائەتلەندۈردى. شۇ ھامان ئۇنى تەقدىرلەپ ئىلھاملاندۇردۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەر سائەتتە ئۇنى ئاددىي سوئاللار بىلەن يېتەكلەشنى ئۇنتۇمىدىم، غورۇرىغا تېگىپ كېتىشتىن ساقلاندىم. مېنىڭ يېتەكلىشىم نەتىجىسىدە، ئەمدى ئۇ ئىلگىرى قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ياخشى ئۆگەنمەي يۈزە ئۆتۈپ كەتكەن دەرسلەرنى تولۇقلاپ ئۆگىنىپ قويۇشقا مېنى تەكلىپ قىلىدىغان بولدى. ھازىر ئۇ ناھايىتى تىرىشچان، ماڭا، شۇنداقلا دەرسىمگە ئامراق، سوئال سوراشقا خۇشتار، ھەرقايسى پەن ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئۇقۇشۇپ كۆرۈشمىچە، باشقا پەنلەر ۋە پائالىيەتلەردىمۇ ئالغا بېسىپتۇ.

دېمەك، ئەڭ توسۇن تايلاردىنمۇ پەرۋىش ئارقىلىق ئەڭ يۈرەكلىك، ئەڭ چىدامliq ئارغىماقلار چىققىنىدەك، كەپسىز ئوقۇغۇچىلاردىنمۇ تەربىيە ئارقىلىق ئەڭ ياراملىق، ئۆتكۈر ئەۋلادلار يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىنغۇ؟

6. ئەقلىي قابىلىيىتى بىرئاز تۆۋەن، تەستە ئەسكە ئېلىپ، ئاسان ئۇنتۇيدىغان، ئۆزىگە كەمسىتىش نەزەرىدە قارايدىغان قورقۇنچاق ئوقۇغۇچىلار. ئۇلارغا ئوقۇتقۇچىلار كۆپىنچە: «قانچە كۆپ ئۇرۇق چاچسىمۇ، ئەجرىگە يارىشا ھوسۇل بەرمەيدىغان قاتمال، شورتاڭ يەر» دەپ قارايدۇ. نەتىجىدە بۇ ئوقۇغۇچىدا: «مەن ئەزەلدىن مۇشۇنچىلىك ئوخشىمايمەنمۇ؟» دەپ ئۆزىگە ئۆزى ئىشەنچ قىلالمايدىغان، ھەتتا بىرەر سوئالنى ئوقۇتقۇچى سوراپ قالسا، ئۆگەنگەن بولسىمۇ تەمتىرەپ، روھىي بېسىم تۈپەيلى جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئەھۋال تۇغۇلۇپ، كۈندىن ـ كۈنگە پاسسىپلىشىپ، دەرسلەردە چېكىنىپ كېتىدۇ. ئوقۇتقۇچى بۇنداق ئوقۇغۇچىغا ئەڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ، سەممىي مېھرىبانلىق يەتكۈزۈشى، سىردىشىش ئارقىلىق كەيپىياتىنى ياخشىلاپ، ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاش تۇيغۇسىدىن تەدرىجىي ئازاد قىلىشى، دەرستىن سىرتقى چاغلاردىمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ، روھىي جەھەتتىكى يالغۇزلۇقنى ئۇنتۇلدۇرۇشى لازىم. بۇنداق مىجەزدىكى ئوقۇغۇچىلار جاھىلراق بولۇپ، دەرسكە كىرىشىپلا كەتسە، بىر باشقا ئېلىپ چىقماي قويمايدۇ.

ئومۇمەن، ئوقۇتۇشتا ھەر خىل ئوقۇغۇچىلارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ، شۇ بويىچە ئىشلىشىمىز لازىم. بالىلارنى بىردىنلا ياخشى ئادەم قىلىپ كەتكىلى بولمايدۇ. ياخشى ئادەم قىلىمەن دەپ ھاقارەتلەش، تىللاش، تەن جازاسى بېرىش ئەسلا توغرا ئەمەس. بىزدە: «ياخشى سۆز تاشنى يارار» دەيدىغان ماقال بار. ئوقۇغۇچىلار كىچىك، بىز بىلگەن، بىز ئويلىغاننى دەرھال ئويلاپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ قەلبى غۇبارسىز، تىزگىنسىز، تۇراقسىز. شۇڭا ياخشى پوزىتسىيە، سەممىي مۇئامىلە، تەكلىپ- ئىلھام، ئۆزئارا چۈشىنىش بىرلەشسە، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقى ئېچىلىپ، ئوقۇتۇش خىزمىتىدە چوقۇم ياخشى نەتىجە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. (04) ·

## مۇكاپاتلىق ماقالە

# ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرۇژوكلىرىنى تەشكىللەش ۋە يېتەكلەش

تۇرسۇنگۈل بارات
(يوپۇرغا ناهىيىلىك 1ـ ئوتتۇرا مەكتەپتىن)

ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرۇژوكى پائالىيىتى ـ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېزىش ئىقتىدارىنى يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتى جەريانىدا يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان ياخشى پائالىيەت سورۇنى. كۇرۇژوك پائالىيىتىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مەكتەپ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بىر ئەدەبىي ئىجادىيەت ئۇيۇشمىسى قۇرۇش لازىم. ئۇنىڭ مەسئۇلىقىنى ئىجتىمائىي پەن ئوقۇتۇشىغا مەسئۇل ئىلمىي بۆلۈم ئەزاسى ۋە ئەدەبىيات ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بىۋاستە ئۈستىگە ئېلىشى، بۇ ئۇيۇشما يېتەكچىلىكىدە، ھەرقايسى يىللىقلارنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرۇژوكلىرى تەشكىللىنىشى كېرەك. مەسىلەن، 1ـ يىللىقلار بىر ئەدەبىيات كۇرۇژوكى، 2ـ يىللىقلار بىر ئەدەبىيات كۇرۇژوكى، 3ـ يىللىقلار بىر ئەدەبىيات كۇرۇژوكى بولۇپ تەشكىللىنىش، ھەر بىر كۇرۇژوكقا بەلگىلىك خىزمەت تەجرىبىسى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارىغا ئىگە، جاپا ـ مۇشەققەت، ھېرىپ چارچاشتىن قورقمايدىغان، تەلەپچان، ئۆگىتىپ زېرىكمەيدىغان ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاپ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى قىلىش لازىم.

قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؟

1. كۇرۇژوك ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىشتا، قوبۇل قىلىنغۇچىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش كېرەك. مەسىلەن: قىزىقىشى، ئۆگىنىش نەتىجىسى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، ئەمەلىي ئىقتىدارى قاتارلىقلار.

2. كۇرۇژوك ئەزالىرىغا بولغان ئىدىيىۋى ـ سىياسىي تەربىيىنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەت پرىنسىپى، ئىجادىيەت نىشانى، ئىجادىيەت ئوبيېكتى، نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ـ ۋەزىپە قاتارلىقلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش لازىم.

3. كۇرۇژوك ئەزالىرىنىڭ ئىجادىيەت ئەھۋالىنى ئەمەلىي دەرس ئەھۋالىغا زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

4. كۇرۇژوك ئەزالىرىنىڭ ئىجادىيەت روھىغا ئىلھام بېرىشنى مۇھىم ئىش دەپ بىلىش، ئۆزئارا ئىجادىيەت تەجرىبىسى ئالماشتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىش لازىم.

5. كۇرۇژوك ئەھۋالىنى قەرەللىك ھالدا خۇلاسىلەش، تەقدىر ـ تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش، شۇ ئاساستا كۇرۇژوك پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش ئالاھىدىلىكى، بىلىم سەۋىيىسى، قىزىقىشىغا قاراپ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك.

كۇرۇژوكلارنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلسا، تېخىمۇ كۆپ ئوقۇغۇچىلارنى يېزىش ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاشقا جەلىپ قىلغىلى بولىدۇ. يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئەمەلىي نەرسىلەرنى كۆپرەك چۈشەندۈرۈشى ۋە ئۇنى تەرتىپلىك، مەزمۇنلۇق يېزىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى كېرەك. يېزىش مەشقى جەريانىدا تېما تاللاشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، ئوقۇتقۇچى ئۈلگە كۆرسىتىش لازىم. بۇنىڭدا ئۆزگەرتىپ يېزىش، خالىغان تېمىدا يېزىش، مەخسۇس تېمىدا يېزىش، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ يېزىش قاتارلىق كۆپ خىل يېزىش ئۇسۇللىرى قوللىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى دەرسلىكتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق چۈشىنىۋېلىشقا، نەزەرىيەنى يېزىقچىلىق ئەمەلىيىتىدە قوللىنىشقا يېتەكلەش لازىم. ئوقۇغۇچىلارغا ئەمەلىيەت جەريانىدا كۆپرەك ئۇچرايدىغان شەيئىلەرنىڭ، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭ خۇسۇسىيەت ئالاھىدىلىكى، يېزىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى باشلاش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش، ۋەقە تاللاش، سىيۇژىتنى ئورۇنلاشتۇرۇش، بايان قىلىش، تەسۋىرلەش ئۇسۇللىرىنى كونكرېت ھالدا ياخشى چۈشەندۈرۈش كېرەك. بۇنى ھەر قايسى يىللىقلار بويىچە قۇرۇلغان كۇرۇژوكنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرسا بولىدۇ.

1ـ يىللىقلار بويىچە تەشكىللەنگەن كۇرۇژوك ئەزالىرى شۇ يىللىق تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، خەلق چۆچەكلىرىنى ئاددىي، چۈشىنىشلىك، راۋان تىل بىلەن سۆزلەشكە، ئادەتتىكى خەت ـ چەكلەر مەشقىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەپەككۇرىنى قوزغايدىغان ئىجادىي مەشقلەرنى ئىشلەشكە، ئاددىي چۆچەكلەرنى ئاغزاكى بايان قىلىش ئارقىلىق يېزىقتا ئىپادىلەشكە يېتەكلەش لازىم. دەرسلىكتىكى شېئىر، قوشاق، لەتىپە، مەسەل، قاتارلىق ژانىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى، يېزىلىش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق شېئىر ياكى ئايلاندۇرۇش، قوشاق يېزىش، لەتىپە توپلاش، قىزىقارلىق مەسەللەرنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىش جەھەتلەردىكى ئەمەلىي مەشقلەرنى كۆپرەك ئىشلىتىش كېرەك. مەسىلەن: «بىزنىڭ مەكتەپ»، «ياخشى باللاربىز»، «قىزىل گالستۇك» ... قاتارلىق تېمىلاردا شېئىر، قوشاق يازدۇرۇش، دەرسلىككە كىرگۈزۈلگەن ھەرخىل چۆچەكلەر ۋە قىسقا ھېكايىلەرنى مەزمۇنىغا سادىق

بولغان ئاساستا قايتا بايان قىلدۇرۇش، قىسقا يېزىلغانلىرىنى كۆچۈرۈپ يېزىشقا ئۆيۈشتۈرۈش قاتارلىقلار.

2- يىللىقلار بويىچە تەشكىللەنگەن ئەدەبىيات كۇرۇژوك ئەزالىرىغا شۇ يىللىقنىڭ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، بايان خاراكتېرلىك، چۈشەندۈرۈش خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى ھەم ئادەتتىكى بەش بوغۇملۇقتىن 10 بوغۇملۇققىچە بولغان شېئىرلارنى يېزىش مەشقىنى ئىشلىتىش كېرەك. ئوقۇغۇچىلارغا كۆپرەك ئۆزلىرى كۆرگەن ۋە پىششىق تونۇش بولغان ئادەم ۋە ئىشلارنى يازدۇرۇش، شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ياخشى كۆزىتىشكە يېتەكلەش لازىم. ئوقۇغۇچىلار ئەمەلىيەتتە كۆرگەن ھەقىقىي ئىش، ھەقىقىي ئادەملەرگە قارىتا ئۆز ھېس تۇيغۇسى، تەسىراتى ۋە چۈشەنچىسىنى ئۆزى خالىغان تېمىدا يازسىمۇ، يېتەكچى ئوقۇتقۇچىنىڭ مەخسۇس تېما تاللىشى ئارقىلىق يازسىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: «تەتىل كۈنلىرىم»، «مەھمۇد قەشقەرى مەقبەرىسىگە زىيارەت»، «دادام بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر كۈن»، «مېنىڭ ئۇستازىم» قاتارلىق تېمىلاردا بايان ماقالىسى: «بىزنىڭ مەكتەپ»، «قارا دوسكا»، «قەلەم»، «كىتاب»، «ئۈزۈم»، «ھەسەل ھەرىسى»... قاتارلىق تېمىلاردا چۈشەندۈرۈش ماقالىسى يازدۇرۇش كېرەك. بۇنداق ماقالىلارنى يازدۇرغاندا تەسۋىرلەش، بايان قىلىش، چۈشەندۈرۈش قاتارلىق ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى جايىدا قوللىنىش، شەيئىلەرنى چۈشەندۈرگەندە، ئۇلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتۇش، بۇنى ئاددىي بولۇشتىن بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇشقا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىش كېرەك. شېئىر يېزىش مەشقى قىلغاندا، ئاھاڭداش سۆزلەرنى توپلاشقا ئۆيۈشتۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش، ھازىر جاۋابلىق ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. تەبىئەت لىرىكىسى، سىياسىي لىرىكا، ئىنتىم لىرىكا، مۇھەببەت لىرىكىسى قاتارلىق ژانىرلارنى ئوقۇپ چۈشىنەلەيدىغان، ئىنتوناتسىيىلىك ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇيالايدىغان قىلىش لازىم.

3- يىللىقلار بويىچە تەشكىللەنگەن ئەدەبىيات كۇرۇژوك ئەزالىرىغا شۇ يىللىقنىڭ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يېزىش مەشقى مەزمۇنلىرىنى تاللاش كېرەك. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنى كۆپرەك ماتېرىيال كۆرۈشكە، ھەرخىل گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ھېكايىلەرنى ئوقۇپ كېلىشكە، كىچىك مىكرو ھېكايىلەرنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەشكە يېتەكلەش، شۇ ئاساستا كىچىك تىپتىكى ھېكايىلەرنى يېزىش مەشقىنى قىلدۇرۇش، شۇنداقلا قىسقا ئوچېرك ۋە نەسىر، مۇھاكىمە ماقالىلىرىنى يازدۇرۇش لازىم. مەسىلەن: «مۇنەۋۋەر باغۋەن»، «دادامغا خەت»، «خاسىيەتلىك بىر كۈن» دېگەن تېمىلاردا قىسقا ھېكايە؛ «جاپالىق ئەجىردىن كەلگەن يېڭى مۇۋەپپەقىيەت» دېگەن تېمىدا ئوچېرك؛ «بۇلاق سۈيى»، «ھايات قەدىرى»، «قارىغاي»، «مېنىڭ غايەم»، «ياشلىق»، «بىر تال بور»، «شام»، «ۋاقىت» دېگەن تېمىلاردا تەسىرات: «ۋىسىت-ھايات دېمەكتۇر»، «بىلىم - كۈچ»، «تالانت ئەجىردىن كېلىدۇ»، «ئوقۇتقۇچىلىق شەرەپلىكمۇ» قاتارلىق تېمىلاردا مۇھاكىمە ماقالىسى يېزىشقا يېتەكلەش لازىم. بۇنداق ژانىرلارنى يېزىشقا ئورۇنلاشتۇرغاندا، يېتەكچى ئوقۇتقۇچى ئالدى بىلەن ئۆزى يېزىپ ياكى ئۈلگىلىك ماقالىلەرنى تاللاپ ئۈلگە كۆرسىتىشى، ماقالىنى باشلاش، راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى كېرەك.

يېزىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. يازغان ماقالە ماۋزۇسى بىلەن بايان قىلىنىۋاتقان مەزمۇن ماس كەلمەسلىك، يەنى ماۋزۇ چوڭ، مەزمۇن ئاددىي بولۇپ قېلىش، ماۋزۇ تەلىپى، مۇھىم نۇقتىسى ۋە كومپوزىتسىيە قۇرۇلمىسىنى پۇختا ئىگىلىمەسلىك، ۋاقىت، ئورۇن، كىم، نېمە ھەققىدە يېزىلغانلىقى ئېنىق بولماسلىق، قۇرۇقتىن - قۇرۇق سۆزلەپ، ماقالىنى ئەھمىيەتلىك سۆز دۆۋىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش لازىم.

2. ماقالە ماۋزۇسى بىلەن مەزمۇنى بىر- بىرىگە زىت بولۇپ قالماسلىق، مەزمۇننى سۆزمۇ سۆز تەكشۈرۈپ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەركىزىي ئىدىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە ئويلىنىش، يېزىشتىكى مۇھىم نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. مەسىلەن: «كۆچەت تىكىش»، «قىزىقارلىق بىر ئىش»، «كۈزلۈك يىغىم» قاتارلىق تېمىلاردىكى مەركىزىي مەسىلە بىرەر ئىش ئۈستىدە بولىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ماۋزۇمۇ شۇ ئىش توغرىلىق يېزىلىدۇ. بەزىدە ئادەملەرنى، بەزىدە نەرسىلەرنى يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. مەيلى بىرەر ئىش، نەرسە ياكى ئادەملەرنى يېزىش بولسۇن، مۇھىم نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا، بەزىدە «مەن»، بەزىدە «بىز»، بەزىدە «باشقىلار» يېزىلىدۇ، يېزىلىش ئوبيېكتى چەكلەنمەيدۇ.

3. ماقالە يازغاندا شۇ ماقالىدىكى ۋاقىت، ئورۇن، شارائىت قاتارلىقلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش، يەنى شۇ ئىشنىڭ قاچان، قەيەردە، قانداق ۋاقىتتا يۈز بەرگەنلىكىنى مۇھاكىمە قىلىش كېرەك.

4. ماۋزۇ تەلىپىگە ئاساسەن، ئۇنىڭ ژانىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش، بايان ماقالىسى، مۇھاكىمە ماقالىسى ياكى چۈشەندۈرۈش ماقالىسى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىپ، ئاندىن يېزىش كېرەك.

5. ماۋزۇ سۆزلىرىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە ئىخچام ياكى ئەمەسلىكى، لوگىكىغا ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئىخچاملاشقا تېگىشلىكلىرىنى جەزمەن ئىخچاملاش كېرەك.

يۇقىرىقىدەك مەسىلىلەرگە دىققەت قىلغاندا، ئەدەبىيات كۇرژوكلىرىدىكى يېزىش مەشقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. (04)

## مىس نىتراتىنىڭ پارچىلىنىش تەجرىبىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ خىمىيە دەرسلىكىدە (ئوقۇغۇچىلار تېكشىلىك) نىتراتلارنىڭ خۇسۇسىيىتى بايان قىلىنغاندا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: نىتراتلار تۇراقسىز بولۇپ، قىزدۇرۇلغاندا ئاسانلا پارچىلىنىپ ئوكسىگېن ئاجرىلىپ چىقىدۇ. بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، كالىي نىترات بىلەن مىس نىتراتنى قىزدۇرۇپ پارچىلاش تەجرىبىسىنى كۆرسىتىش ھەمدە ئوتى ئۆچەي دەپ قالغان ياغاچ تاياقچىنى ئۇنىڭدا قايتا ياندۇرۇش ئارقىلىق بۇ تەجرىبىدە ئوكسىگېننىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش لازىم. لېكىن، دەرسلىكتىكى تەلەپ بويىچە مىس نىتراتنى قىزدۇرۇپ پارچىلاش تەجرىبىسىدە، تۆۋەندىكىدەك كەمچىلىكلەر بار:

1. رېئاكسىيە تەڭلىمىسى

$$2Cu(NO_3)_2 \xrightarrow{\triangle} 2CuO + 4NO_2\uparrow + O_2\uparrow$$

گە ئاساسەن، شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، $O_2$ ھاسىل بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كۆپ مىقداردا $NO_2$ گازىمۇ ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى $NO_2$ كۈچلۈك ئوكسىدلىغۇچى بولۇپ، ئوتى ئۆچەي دەپ قالغان ياغاچ تاياقچىنى قايتا ياندۇرالايدۇ. بۇ ئىككى خىل گاز بار ئەھۋالدا، ئوتى ئۆچەي دەپ قالغان ياغاچ تاياقچىنى پروبىركا ئاغزىغا تۇتۇپ كۆرسەك ياغاچ تاياقچە ئوخشاشلا قايتىدىن يانىدۇ. لېكىن ئوقۇغۇچىلار $O_2$ نىڭ بارلىقىغا تەستە ئىشىنىدۇ.

2. $NO_2$ گازى ئۆتكۈر زەھەرلىك گاز بولغاچقا، تەجرىبە قىلىش جەريانىدا كۆپ مىقداردا ھاۋاغا تارقىلىپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. يۇقىرىقى كەمچىلىكلەرنى يېڭىش ئۈچۈن، بۇ تەجرىبىگە تۆۋەندىكىدەك ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە بولىدۇ.

بىر چوڭ پروبىركا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە مىس نىترات كىرىستالىدىن 5g ئەتراپىدا سېلىپ، چوڭ پروبىركىنى تىك قىلىپ تۆمۈر جازىغا مۇقىملاشتۇرۇپ، نەيچە ئۆتكۈزۈلگەن رېزىنكە ئېغىز بىلەن پروبىركا ئاغزىنى بېپىپ، نەيچىنىڭ يەنە بىر ئۇچىنى NaOH ئېرىتمىسى قاچىلانغان پروبىركىغا كىرگۈزۈپ، ئىسپىرت لامپىسى بىلەن چوڭ پروبىركىنى قىزدۇرۇش لازىم. كىرىستال ئېرىگەندىن كېيىنمۇ يەنە داۋاملىق قىزدۇرۇلسا، پروبىركىدا قارا رەڭلىك ماددا ھاسىل بولىدۇ شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاجرىلىپ چىققان گاز ($NO_2$) ئاساس ئېرىتمە قاچىلانغان پروبىركىدىكى ئېرىتمە تەرىپىدىن سۈمۈرۈۋېلىنىدۇ. بۇنىڭ رېئاكسىيە تەڭلىمىسى مۇنداق:

$$2NO_2 + 2NaOH = NaNO_2 + NaNO_3 + H_2O$$

بۇ ۋاقىتتا ئۆچەي دەپ قالغان ياغاچ تاياقچە ئېرىتمە قاچىلانغان پروبىركىنىڭ ئاغزى تەرىپىگە كىرگۈزۈلگەندە ياغاچ تاياقچە قايتىدىن يانسا، $O_2$ نىڭ ھاسىل بولغانلىقى ئىسپاتلىنىدۇ. (06)

(«خىمىيە ئوقۇتۇشى» ژۇرنىلىدىن)

## مىنېرال ئېلېمېنت ئىيونلىرىنىڭ سۈمۈرۈلۈش ئورنىنى ئېنىقلاش تەجرىبىسى

يىلتىزنىڭ مىنېرال ئېلېمېنت ئىيونلىرىنى سۈمۈرۈشى ئاساسەن ئالماشتۇرۇپ سۈمۈرۈش ۋە ئاكتىپ توشۇلۇشتىن ئىبارەت 2 باسقۇچنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالماشتۇرۇپ سۈمۈرۈش بولسا، يىلتىز ھۈجەيرىلىرىنىڭ يۈزىدىكى $H^+$ ۋە $HCO_3^-$ ئىيونلىرى بىلەن تۇپراقتىكى مۇسبەت، مەنفى ئىيونلىرىدا ئالمىشىش يۈز بېرىش جەريانى بولۇپ، بۇنىڭدا تۇپراقتىكى مۇسبەت، مەنفى ئىيونلىرى يىلتىز ھۈجەيرىلىرىگىلا سۈمۈرۈلىدۇ. ئۇنداقتا، مىنېرال ئېلېمېنت ئىيونلىرى ھۈجەيرە پەردىسىگە سۈمۈرۈلەمدۇ ياكى ھۈجەيرە پوستىغا سۈمۈرۈلەمدۇ؟ بۇ مەسىلە ئوقۇتۇشنىڭ قىيىن نۇقتىسىدۇر. شۇڭا مىنېرال ئېلېمېنت ئىيونلىرىنىڭ سۈمۈرۈلۈش ئورنىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك تەجرىبىنى لايىھىلەشكە بولىدۇ.

سوغان پىيازنىڭ يوپۇرماق غىلىپىنىڭ ئىچكى سىرتقى پوستلىقىدىن قايچا بىلەن كىچىك 4 چاسا شەكىللىك قىلىپ كېسىپ ئېلىپ، % 0.01 لىك مېتىلىن كۆكى ئېرىتمىسىگە بىر قانچە مىنۇت چىلاپ رەڭلەيمىز، سىرتقى پوستى كۆك رەڭگە كەلگەندىن كېيىن چىقىرىۋېلىپ، دېستىرلەنگەن سۇ بىلەن قايتا- قايتا يۇيىمىز، تاكى رەڭ چىقىرىۋېتىلگەنگە قەدەر يۇيىمىز. ئاندىن بىر دانە پرېپارات ئەينىكى ئېلىپ، مەركىزىگە بىر تامچە دېستىرلەنگەن سۇ تېمىتىپ، رەڭلەنگەن ئىچكى سىرتقى پەردىسىنى سۇ تامچىسىنىڭ مەركىزىگە قويۇپ، تەكشىلەپ ياپقۇچ ئەينەكنى يېپىپ قويىمىز. ئەگەر بويالغان سىرتقى پوستلاق ھۈجەيرىسىنى كۆزەتسەك، سىرتقى پوستلاق ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆك رەڭدە بويالغانلىقىنى ھۈجەيرە پەردىسىنىڭ ھۈجەيرە پوستىغا چىڭ يېپىشىپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنداقلا ياپقۇچ ئەينەكنىڭ بىر يېنىغا % 30 ساخاروزا ئېرىتمىسىنى تېمىتىپ، يەنە بىر تەرىپىتىن سۈمۈرگۈچ قەغەز بىلەن سۈمۈرتىپ بىر قانچە قېتىم تەكرارلاپ، بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن كۆزەتسەك ھۈجەيرىدە پىلازمولىز ھادىسىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز، يەنى بۇ چاغدا كۆك رەڭلىك پىلازمولىزنىڭ كىچىكلەپ، ھۈجەيرە پەردىسى بىلەن ھۈجەيرە پوستىنىڭ ئايرىلغانلىقىنى، پىلازمولىز كۆك رەڭدە، ھۈجەيرە پوستى رەڭسىز بولىدۇ.


بۇ تەجرىبە مېتىلىن كۆكى مۇسبەت ئىيونلىرىنىڭ ھۈجەيرە پوستى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ھۈجەيرە پەردىسى ئارقىلىق سۈمۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. (06)

**تۇرسۇن ئابدۇرېشىت** (ت)

# مېتاننىڭ كۆيۈش تەجرىبە قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

مېتاننىڭ ئېلىنىشى ۋە خۇسۇسىيىتى تەجرىبىسىدىكى، مېتاننىڭ كۆيۈش تەجرىبىسىدە، بىر قانچە مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇپ، بۇنىڭغا ئاسانلا دىققەت قىلىنماي قالىدۇ. ئوقۇتۇشتا، بۇ تەجرىبىدە مۇنداق ئىككى مەسىلە ساقلىنىدۇ. 1) ئوت يالقۇنىنىڭ رەڭگى سېرىق (يورۇق) بولۇپ دەرسلىكتە ئېيتىلغان سۇس كۆك رەڭلىك يالقۇننى كۆزىتكىلى بولمايدۇ؛ 2) ئوت يالقۇنى تۇراقلىق ئەمەس، تۇرۇپ كۆيۈپ تۇرۇپ ئۆچۈپ قالىدۇ ياكى ئوت مەنبەسىدىن ئايرىلسىلا ئۆچۈپ قالىدۇ. شۇڭا، تەجرىبىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاچقۇچى تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا: 1) ئىمكان بار مېتاننىڭ ساپلىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ 2) مېتان گازىنىڭ ئېقىمىنى ئىمكان بار تۇراقلاشتۇرۇش كېرەك؛ 3) ئامال قىلىپ ناترىيلىق ئەينەك نەيچىسىنىڭ يالقۇن رەڭگىگە بولغان كاشىلىسىنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك.

كۆپ قېتىملىق تەجرىبىلەر ئارقىلىق، تۆۋەندىكىدەك قۇرۇلما لايىھىلىنىپ چىقىلغان.




ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىنكى قۇرۇلما تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

1. بېسىمنى تۇراقلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. قۇرۇلمىغا كىرگۈزۈلگەن مېتان گازىنىڭ بېسىمى بەك چوڭ بولۇپ كەتكەندە، بوتۇلكا ئىچىدىكى بوشلۇق بىرقەدەر چوڭ بولغانلىقتىن، گاز ئېقىمىنىڭ بېسىمى خېلىلا كىچىكلەيدۇ.

2. ئارلاشمىلارنى چىقىرىپ تاشلاشقا بولىدۇ. گاز U شەكىللىك نەيچىدىكى سۇيۇق بروملۇق سۇدىن ئۆتكەندە، مېتاندىكى ئاتېتون، ئېتىل ئېفىر، ئېتىن قاتارلىق كۆپ مىقداردىكى ئارلاشمىلارنى چىقىرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ. يۇغۇچى بوتۇلكا ئارقىلىق، يەنىمۇ بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئارلاشمىلارنى چىقىرىپ تاشلىغىلى ۋە گازنى قۇرۇتقىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندا، بىرقەدەر ساپ بولغان مېتان گازىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مېتانغا ئارىلىشىپ قالغان ئارىلاشمىلارنىڭ يالقۇننىڭ رەڭگىنى سېرىق قىلىپ قويۇشىنىڭ كاشىلىسىنى يەڭگىلى بولىدۇ.

3. پارتلاشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئەگەر پارتلاش ھادىسىسى يۈز بېرىپ قالسا، U شەكىللىك نەيچىنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇق كىچىك بولغانلىقتىن، پارتلاش كۈچىمۇ ناھايىتى ئاجىز بولۇپ ھاسىل بولغان بېسىم، پەقەت سۇ تۈۋرۈكىنى U شەكىللىك نەيچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇغۇچى بوتۇلكىمۇ پارتلاش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

بۇلاردىن باشقا، مېتاننى ئېلىش جەريانىدىكى تېمپېراتۇرا مۇۋاپىق بولۇش كېرەك. يەنى تېمپېراتۇرا بەك يۇقىرى بولماسلىقى (گاز ئېقىمى تېز، ئارلاشما جىق بولۇپ كېتىدۇ) بەك تۆۋەنمۇ بولماسلىقى كېرەك (تۆۋەن بولۇپ قالسا مېتاننىڭ ھاسىل بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ). (02)

(«خىمىيە ئوقۇتۇشى» ژۇرنىلىدىن)

**رامىلە** (ت)

# ئوسمۇتىك رولىنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش تەجرىبىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى

ئۈچ يىللىق تۈزۈمدىكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك سىفەن مەكتەپلەرنىڭ «بىئولوگىيە» دەرسلىكىدىكى ئوسموتىك رولنىڭ ئۈلگە كۆرسىتىش تەجرىبىسىدە ساخاروزا ئېرىتمىسىنى ئىشلىتىشتە يېتەرسىزلىكلەر بار: ساخاروزا ئېرىتمىسى رەڭسىز بولغانلىقتىن، تەجرىبىنى كۆرسەتكەندە، ئورنى يىراقراق ئوقۇغۇچىلار سۇيۇقلۇق يۈزىنى كۆرەلمەي، سۇيۇقلۇق يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈش دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كۆزىتەلمەيدۇ.شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوسموتىك رولغا بولغان چۈشەنچىسىگە تەسىر يېتىدۇ. شۇڭا، ساخاروزا ئېرىتمىسىنىڭ ئورنىغا كالىي پېرمانگانات ـ ساخاروزا ئېرىتمىسىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتسە بولىدۇ. ئېرىتمىنىڭ تەييارلىنىش ئۇسۇلى مۇنداق: سۈزۈك سۇ قاچىلانغان چوڭ ئىستاكانغا ئايرىم. ئايرىم ھالدا ساخاروزا ۋە 2، 3 تال كالىي پېرمانگانات دانچىسى سېلىپ، تولۇق ئارىلاشتۇرۇپ تىنچ قويىمىز.

كالىي پېرمانگانات تولۇق ئېرىتىلگەندىن كېيىن، جىگەر رەڭلىك كالىي پېرمانگانات ـ ساخاروزا ئېرىتمىسى تەييارلىنىدۇ.

بۇ خىل ئۆزگەرتىشنىڭ ئارتۇقچىلىقى: تەجرىبىدە ئىشلىتىدىغان ئىستاكان ۋە ئۇزۇن بويۇنلۇق ۋارونكىدىكى ئېرىتمىلەرنىڭ ھەممىسى چوڭ ئىستاكاندىن ئېلىنغاچقا ھەم ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇقى ئوخشاش بولغان تەڭ ئوسموتىك ئېرىتمە بولغاچقا، تەجرىبە ئۈنۈمىگە تەسىر يەتمەيدۇ. ئالماشتۇرۇلغان ئېرىتمە جىگەر رەڭلىك بولغاچقا، ئېرىتمىنىڭ يۈزى ئېنىق بولىدۇ. ئۇزۇن بويۇنلۇق ۋارونكىغا ساخاروزا ئېرىتمىسىنى قوشقاندىن كېيىنمۇ، ئورنى يىراق بولغان ئوقۇغۇچىلار يەنىلا سۇيۇقلۇق يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈش دەرىجىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئېنىق كۆرەلەيدۇ. (06)

(«بىئولوگىيە ئوقۇتۇشى»دىن)

**تۇرسۇن ئابدۇرېشىت** (ت)

# ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ تەجرىبىخانىلىرىنى باشقۇرۇشقا دائىر ساۋات

**ھېساباتقا چۈشۈرۈش قائىدىسى**

1. ھېسابات دەپتىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى: ھەر يىللىق كەسپىي ئالاقە كۆپ بولمىغانلىقتىن، تەجرىبىخانا ھېسابات دەپتىرىنى داۋاملىق قوللىنىشقا بولىدۇ.

2. ھېساباتقا چۈشۈرۈشتە قويۇلىدىغان تەلەپ: ھېساباتقا چۈشۈرۈشتە بىردەك قارا كۆك سىيا ياكى قارا سىيالىق قەلەم ئىشلىتىش لازىم. قېرىنداش ياكى ماي قەلەم ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. رەقەملەرنى كۆپەيتىش ياكى ئازايتىش، خاتالىقنى تۈزىتىش سىزىقى ۋە ھېساباتنى بوغۇش سىزىقلىرىنى سىزىشتا قىزىل سىيالىق قەلەم ئىشلىتىش لازىم.

3. ھېساباتقا چۈشۈرۈش ئۇسۇلى: تەكشۈرۈش تىزىملاش ياكى تەجرىبىخانىدىكى ئاساسىي مۇئەسسەسەلەردىن باشلاپ، ئاۋۋال تەجرىبە سايمان ئۈسكۈنىلىرىنى تىزىملاش دەپتىرىگە بىر- بىرلەپ تىزىملاپ، ئاندىن تىزىملىككە ئاساسەن تەپسىلىي ھېساباتقا كىرگۈزۈش، مۇقىم مۈلۈك قىسمىنى مۇقىم مۈلۈك ھېساباتىغا چۈشۈرۈش لازىم.

(1) تۈرلۈك مەزمۇنلار چىنلىق بىلەن تولدۇرۇلۇشى، كاتەكچىلەر ئىچىگە تەجرىبە سايمانلىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، يەنى شەھەر، ناھىيە (رايون) لاردىن يۆتكەپ كېلىنگەنلىكى، مەكتەپ ئۆزى سېتىۋالغانلىقى، ئۆزى ياسىغانلىقى، مۇكاپاتلانغانلىقى قاتارلىقلار ئىزاھلىنىشى لازىم.

(2) ھېساباتقا ئۇدا چۈشۈرۈش لازىم، قۇر ئاتلاشقا، بەت قالدۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

(2) تەپسىلىي ھېساب

(1) دۆلەت مائارىپ كومىتېتى بىرلىككە كەلتۈرگەن سايمان نومۇر تەرتىپى بويىچە ھېساباتقا چۈشۈرۈش، ھەر بىر ۋاراققا بىر خىل تەجرىبە سايمان ياكى دورا قاتارلىقلارنى تولدۇرۇش، ئەگەر مەلۇم بىر تەجرىبە سايمان ۋاقتىنچە بولمىغاندا، بىر بوش بەت قالدۇرۇش لازىم.

(2) ئوخشاش تۈر، ئوخشاش ئۆلچەمدىكى تەجرىبە سايمانلارنى تەجرىبە سايمانلارنىڭ كىرگۈزۈلۈش- چىقىرىلىش جەھەتتىكى ئىلگىرى- كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە ئۆز ۋاقتىدا ھېساباتقا چۈشۈرۈش لازىم.

(3) ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە تەجرىبە سايمانلاردىن دۆلەت مائارىپ كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان مۇندەرىجە بولمىغانلىرىنى مۇندەرىجىدىكى نومۇرلۇق تەجرىبە سايمانلارنىڭ كەينىگە قويۇپ ھېساباتقا چۈشۈرۈش، نومۇرنىڭ ئورنىغا «مۇندەرىجىدىن سىرت» دەپ ئەسكەرتىش لازىم.

(4) خىمىيە تەجرىبە دورىلىرى ئۈچۈن ئايرىم تەپسىلىي ھېساب ئېچىپ، بىر ئوقۇش مەۋسۇمىدە بىر قېتىم ئىدىتلاپ سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ھەمدە ئۆز ۋاقتىدا ھېساباتتىن كۆتۈرۈۋېتىش لازىم.

(5) تەجرىبە سايمانلارنى زىيانغا چىقىرىش زىيانغا چىقىرىش رەسمىيىتىنى بېجىرىشتىن ئىلگىرى قەلەم بىلەن شۇ تەجرىبە سايماننىڭ ھېساب بېتىگە ئەسكەرتىپ، يەنىلا ئەسلىدىكى ئىشكاپقا سېلىپ قويۇش لازىم.

4. تەجرىبىخانىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھېساب دەپتەرلىرىدىكى خاتىرىلەرنى ئۆزگەرتىشكە، قىرىپ ئۆچۈرۈشكە، كېسىپ ئېلىۋېتىپ چاپلاشقا ياكى رەڭ قايتۇرۇش دورا سۇيۇقلۇقى بىلەن خەتنى ئۆچۈرۈپ ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ھېساباتقا چۈشۈرۈشتە خاتالىق يۈز بەرسە (1) سىزىق تارتىپ تۈزىتىش؛ (2) قىزىل رەقەم ئارقىلىق تۈزىتىش؛ (3) قوشۇمچە قىلىپ تىزىملاش لازىم.

5. تەجرىبىخانىدىكى تەجرىبە سايمانلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى مالىيە ھېساباتىدىكى تەجرىبە سايمانلارنىڭ ئومۇمىي سوممىسى بىلەن بىردەك بولۇشى لازىم. ھەر يىلى ئاز دېگەندە بىر قېتىم سېلىشتۇرۇپ، قەرەللىك ھالدا ئىدىتلاپ ئېنىقلاش لازىم. ئەگەر نامۇۋاپىق جايلىرى بولسا، دەرھال سەۋەبىنى ئېنىقلاپ، يۇقىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا مەلۇم قىلىش لازىم. (06)

(«ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ تەجرىبىخانىلىرىنى باشقۇرۇش» تىن)

## فتورسىز توڭلاتقۇ سېتىۋېلىش ھەققىدە

«فتورنى چەكلەش»نىڭ ئاخىرقى مۇددىتىنىڭ يېقىنلىشىشىغا ئەگىشىپ، ھەرقايسى توڭلاتقۇ زاۋۇتلىرى ئارقا- ئارقىدىن فتورسىز توڭلاتقۇلارنى بازارغا سېلىشقا باشلىدى. ئەمما ھەممە فتورسىز دېيىلگەن توڭلاتقۇلار ئوخشاش بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى فتورنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر ماددىنى دەسسىتىش يۇقىرى تېخنىكا بولۇپ، مەبلەغ سېلىش كۆلىمى زور، تېخنىكىلىق تەلىپى يۇقىرى ئىش. ئەمما دۆلىتىمىزنىڭ توڭلاتقۇ سانائىتىنى دۇنيانىڭكى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تېخنىكىلىق ئۇسكۇنىلەر جەھەتتىكى پەرق نىسبەتەن چوڭ. شۇڭا نۆۋەتتە مەملىكىتىمىز فتورنى % 50 ئازايتىپ، قالغىنىغا ئارىلاشما ماددا ئىشلىتىلگەن توڭلاتقۇلارنى «يېشىل توڭلاتقۇ» دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئەمما ئۇمۇ بىر ئۆتكۈنچى مەھسۇلات بولۇپ، يەنىلا دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان فتورسىز توڭلاتقۇ ھېسابلانمايدۇ.

ھەقىقىي يېشىل توڭلاتقۇ % 100 فتورسىزلاشتۇرۇلغان بولۇپ، PDO (ئوزوننى سەرپ قىلىش سانى) قىممىتى 0 بولغان توڭلاتقۇدۇر.

بۇ خىل توڭلاتقۇ مۇھىتنى بۇلغىمايلا قالماستىن، ئىقتىدارىمۇ ئالاھىدە ياخشى بولىدۇ. شۇڭا فتورسىز توڭلاتقۇ تاللاشتا، جۇڭگو مۇھىت بەلگىسى چۈشۈرۈلىدىغان مەھسۇلاتلارنى دەلىللەش كومىتېتى تارقاتقان يېشىل تاغ، يېشىل سۇ، قۇياش ھەمدە ئون چەمبەردىن ھاسىل قىلىنغان بەلگىسى بارلىرىنى تاللاش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، مەھسۇلاتنىڭ چۈشەندۈرۈش ۋە ئىقتىدار كۆرسەتكۈچلىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن كۆپۈكلەندۈرگۈچ ۋە سوغۇق ھاسىل قىلغۇچنىڭ تەركىبىنى بىلىش كېرەك. سىكلو پېنتان كۆپۈكلەندۈرگۈچ قىلىنغان ۋە $CFH-134\alpha$ لىق توڭلىتىش سىستېمىسى بىرلەشتۈرۈلگىنى ھەقىقىي تولۇق فتورسىز توڭلاتقۇ ھېسابلىنىدۇ. فتور (I X) نىڭ ئورنىغا $CFH-134\alpha$؛ فتور (I X) نىڭ ئورنىغا سىكلو پېنتان ئىشلىتىلگىنى دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ئالدىنقى قاتاردىكى تاللاش لايىھىسى ھېسابلىنىدۇ.

(«جۇڭخۇا شەنبىلىك گېزىتى»دىن).

## ئادەم ياشانغاندا نېمىشقا تېرىككەك بولۇپ قالىدۇ؟

ئادەم قېرىلىق دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، چوڭ مېڭە ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشى ئالىي نېرۋا پائالىيىتىنىڭ تۇسالغۇغا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بولۇپمۇ تورمۇزلاش كۈچىنىڭ نۆۋەتلىشى بىلەن چېچىلغاقلىق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلىدىغان، كونتروللىيالمايدىغان، ئاسان تېرىكىشكە ئوخشاش ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان مىجەز ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىش ھېسابلىنىدۇ.

ياشانغانلارنىڭ قىزىققانلىقىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ ئائىلىدىكىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇنداق قىزىققانلىق، تېرىككەكلىك قېرىلىق مەزگىلىدىكى بىر خىل فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە بولغاچقا، توغرا چۈشىنىش، ئەپۇ قىلىش پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش كېرەك. ئۇلارنىڭ خاپىلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدىغان ئىشنى قىلماسلىق لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن يېمەكلىك قۇرۇلمىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ياشانغانلارنىڭ مىجەزىدىكى «غەلىتە» لىكنى تورمۇزلاش كېرەك. ياشانغانلار ماي مىقدارى، قەنت مىقدارى، خولېستېرىن مىقدارى يۇقىرى بولغان «ئۈچ يۇقىرى» يېمەكلىكلەرنى ئامال بار ئاز ئىستېمال قىلىشى، كۆكتات ۋە بېلىق، پۇرچاق ئىچىدىكى يېمەكلىكلەرنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشى كېرەك. بۇ ئۇلارنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە مۇقىم بولۇشىغا پايدىلىق.

ياشانغانلارنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بىلىم سەۋىيىسى ۋە ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ بېرىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك. ياشانغاندا فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشنىڭ بولۇشى تەبىئەت قانۇنىيىتى، بىز بۇ قانۇنىيەتنى ئۆزگەرتەلمەيمىز، ئەمما ئۇنى ياخشىلاشقا بولىدۇ، بۇنىڭ چارىسى شەخسىي پەزىلەتنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت. يەنە بىر جەھەتتىن ئۆز- ئۆزىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم. ئاچچىق كەلگەندە قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مەسىلىنى ئويلاشنىڭ زىيىنى يوق. مەسىلىنى قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىغاندا، قارشى تەرەپنىڭمۇ يولسىزلىق قىلمايۋاتقىنىنى بىلەلەيسىز ۋە ئۆزىڭىزنى بېسىۋالالايسىز.

(«تەرەملەر گېزىتى»دىن)

## تۆھپىسى زور يېمەكلىكلەر

● قان ئازلىق كېسىلىنىڭ ئەڭ ياخشى دورىسى ھايۋانات قېنى.

● مىكروبقا قارشى ئەڭ ياخشى يېمەكلىك سامساق بولۇپ، خام يېگەندە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

● مېڭىگە قان چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ياخشى يېمەكلىك ياڭيۇ. ئۇ مېڭىگە قان چۈشۈش خەۋپىنى % 40 تۆۋەنلىتەلەيدۇ. ياڭيۇنىڭ ساقلىقنى ساقلاش ئۈنۈمىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ تەركىبىدە كالىي بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. ئادەم بەدىنىدە كالىي كەم بولسا مېڭە قان تومۇرلىرى ئاسان يېرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى كالىي تولۇقلاشتىن ئىبارەت.

● يۈرەك كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئەڭ ياخشى يېمەكلىك بېلىق گۆشى. كۈندە 30 گرام بېلىق گۆشى يەپ بەرگەندە يۈرەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش خەۋپىنىڭ يېرىمىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. بېلىق گۆشى مېڭىنى ساغلاملاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ يەنە قەنت سىيىش كېسىلى، بۆرەككە تاش چۈشۈش، ئېغىر ئاياغ ئاياللارنىڭ مۇددىتى توشماي تۇغۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولى بار.

● قېرىلىشىشقا قارشى ئەڭ ياخشى يېمەكلىك — سەۋزە. سەۋزىدە سەۋزە ماددىسى مول بولۇپ، ئۇ ئادەم بەدىنىدىكى قېرىلىشىشنىڭ يوشۇرۇن ئاپىتى — ئەركىن رادىكالنى يوقىتىدۇ. ئادەم كۈندە 113 گرام پىشۇرۇلغان سەۋزە يەپ بەرسە، ھەر كۈنى 15 مىللىگرام سەۋزە ماددىسى قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت تۆۋەن تەلەپنى ئورۇندىغان بولىدۇ. باشقا كۆكتات ۋە مېۋە- چېۋىلەر ئۇنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ.

● راكقا قارشى ئەڭ ياخشى يېمەكلىك دادۇر. راكقا قارشى تۇرۇش كۈچىگە ئىگە دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا بولىدىغان ئالدىنقى قاتاردىكى يېمەكلىك دادۇر ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئالاھىدە ماددا ئىزوپروپىل ئالكون ئۇنى مۇشۇنداق ئۈنۈمگە ئىگە قىلغان.

● ئادەتتە يېيىشكە تېگىشلىك ئەڭ ئېسىل يېمەكلىك قارا ئۆرۈك قېقى ۋە قۇرۇق ئۈزۈم. بۇلار ئادەم بەدىنىنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئادەمنى ئارتۇقچە سەمرىتىۋەتمەيدۇ، چوڭلارنىڭمۇ، كىچىكلەرنىڭمۇ يېيىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

(«جۇڭگو تەرەملەر گېزىتى»دىن)

## ئامەتلىك
### (فانتازىيىلىك ھېكايە)
### يەن داۋېي

قاقاس يەر شاردا زۇڭتوڭ، ھەربىي، سودىگەر، ئالىم ۋە دېھقاندىن ئىبارەت بەشلا ئادەم قالغان ئىدى.

شۇ كۈنى زۇڭتوڭ كۆپچىلىكنى يىغىپ، غەمكىن ھالدا:

ـ ئەجەل كۈنىمىز يېقىنلىشىپ قالدى. بارلىق يېمەكلىكلەر بىز بەشەيلەننىڭ ئۈچ كۈن يېيىشىگىلا يېتىدۇ... بىراق، تەلىيىمىزگە ساپاق بولغان بىر كىچىك تېپتىكى ھاۋا كېمىمىز بار. بىز ئۇنىڭغا چىقىپ باشقا پىلانېتلارغا بېرىپ ھاياتلىق يولى ئىزدىيەلەيمىز، ـ دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سودىگەر ھودۇققان ھالدا:

ـ ئۇنداق بولسا، تېز ھاۋا كېمىسىگە چىقايلى، ـ دېدى.

ـ بىراق، ـ دېدى ئالىم، ـ بىلىشىمچە ئۇ ھاۋا كېمىسىگە پەقەت تۆتلا ئادەم سىغىدىكەن.

زۇڭتوڭ ھەربىينىڭ يانچۇقىغا ئۇزارتىۋاتقان قولىغا تىكىلىپ تۇرۇپ جىددى تەلەپپۇزدا:

ـ بەشىمىزدىن تۆتەيلەنلا يەر شارىدىن قېچىپ چىقىپ ھاياتلىق يولىنى ئىزدىيەلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىر ئادەم جەزمەن يەر شارىدا قېلىپ ئۆلۈمنى كۈتۈشى كېرەك. بىراق، بىز مۇتلەق ئادىل ئىش قىلمىساق بولمايدۇ. ھېچكىمنىڭ ئۆز مەيلىچە ئىش كۆرۈشىگە يول قويۇلمايدۇ، ـ دېدى.

ھەربىي تۆتەيلەننىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قولىنى يانچۇقىدىن ئاستا چىقىرىۋېلىپ، خۇرسىنغان ھالدا:

ـ ئەمىسە قانداق قىلىمىز، كىم ئۆلۈپ، كىم قالىدۇ؟ ـ دېدى.

ـ ئۇنداق بولسا چەك تاشلايلى، ـ دەپ تەكلىپ بەردى ئالىم پېشانىسىدىكى تەرىنى سۈرتكەچ.

ـ ئەمۋال بۇ يەرگە يەتكەندە مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، ـ دېدى زۇڭتوڭ ئالىمنىڭ سۆزىگە قوشۇلۇپ. ـ مەن بەش پارچە چەك تەييارلاي، تۆتىسىگە «بارىدۇ»، بىرسىگە «قالىدۇ» دېگەن سۆزنى يېزىپ قاتلايمەن. ھەر كىم چەك تارتىپ تەلىيىنى كۆرسۇن، ـ دېدى.

زۇڭتوڭنىڭ سۆزى كۆپچىلىكنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

ئۇلار بىردىن چەكنى ئېلىشىپ، جىددىيلەشكەن ھالدا ئاستا ئېچىپ كۆرۈشتى.

چەكنى ئېچىپ كۆرگەندىن كېيىن ھەربىي، سودىگەر، ئالىم ۋە دېھقاننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. پەقەت زۇڭتوڭلا يىغلامسىراپ تۇراتتى.

ئۇلار تۆتى ئالدىراپ- تېنەپ ھاۋا كېمىسىگە چىقىپ ئۇچۇشقا تەييارلاندى. ھەربىي ھاۋا كېمىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، يەر يۈزىدە يالغۇز قالغان زۇڭتوڭغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـ سىز تۈنجى قېتىم ئادىل ئىش قىلدىڭىز، بىز سىزنى ياد ئېتىمىز! ـ دېدى.

ئالىم بىخەتەرلىك تاسمىسىنى چىگىشتۈرۈپ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا: «بىپايان ئالەم بوشلۇقىدا، كىچىك ھاۋا كېمىسى بىلەن ھاياتلىق يولىنى تېپىش ئىمكانىيىتىمىز ئۇنىڭدىن بىرگىمۇ يەتمەيدىغۇ» دەپ ئويلايتتى.

زۇڭتوڭ يىراقلاپ كەتكەن ھاۋا كېمىسىگە قاراپ تۇرۇپ قولىدىكى قەغەز پارچىسىنى تاشلىۋەتتى. ئۇ قەغەزگىمۇ «بارىدۇ» دېگەن خەت يېزىلغان ئىدى.

زۇڭتوڭ «باشقىلار بىلمەيدىغان ئاۋۇ يەر ئاستى ئامبىرىدا ئۆمۈر بويى يېيىشىمگە يەتكۈدەك يېمەك- ئىچمەك ساقلاقلىق» دېگەنلەرنى ئويلىغاچ، قوللىرىنى كەينىگە قىلىپ تاغ تەرەپكە كېتىپ قالدى.

(«تاللانغان مىكرو ھېكايىلەر» ژۇرنىلىدىن)

**ھەسەنجان توختى تەرجىمىسى**

## ۋەتەن سۆيگۈسى
### ئەمەتجان قۇربان (ئۇرغۇ)

مېھرىبان ئانامدىن تۇغۇلۇپ بىر چاغ،
چۈشكەنتىم غەمگۇزار ئىللىق قوينۇڭغا.
پەپىلەپ كۈنۈ- تۈن ئانامدىن چارە،
باقتىڭ سەن ئېزىزلاپ ئېلىپ باغرىڭغا.

بار دىلدا ئەبەدىي ئۇلۇغ ئىجرىڭگە،
تۆلىمەك جېنىمنى پىدا قىپ بەدەل.
سانىما نامىمنى ئادەم قاتارى،
قىلمىسام ۋەدەمگە يىگىتتەك ئەمەل.

ئوغلۇم دەپ كۆتۈرۈپ بېشىڭغا ۋەتەن،
زور ئۈمىد ئىلكىدە قوشتۇڭ قاتارغا.
مېھرىڭدىن قەلبىمگە سىڭگەچ ئەقىدەڭ،
يىگىت بوپ- يېتىلىپ كەلدىم ھەم كارغا.

چېكىلگەن قەلبىمگە مېھرىڭ رىشتىسى،
يۇمسامۇ كۆزۈمنى ئۈزۈلمەس بولۇپ.
ياشنايدۇ روھىمغا قوشۇلۇپ سۆيگۈڭ،
يېتسىمۇ لەھەتتە ھۆل جىسمىم قۇرۇپ.

# چولپان

(ھېكايە)

يې ۋېنتاۋ

بېيجىڭ شەھرىگە بىر چولپاننىڭ كېلىشى پارتلاش خاراكتېرلىك خەۋەرگە ئايلاندى، چولپان كىشلەرنىڭ، بولۇپمۇ خانىملارنىڭ نەزەرىدە مەبۇدقا ئايلانغان ئىدى.

چولپان ئاددىي پاسوندا چاچ ياساتتى.

مەلۇم بىر گېزىت بۇنىڭغا قارىتا «ئاددىي چاچ پاسونى ۋە مودا ئايالالار» دېگەن تېمىدا ئوبزور ئېلان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن كوچىدا ئاددىي پاسوندا چاچ ياساتقانلار كۆپەيكىلى تۇردى.

چولپان توق سېرىق رەڭلىك ئۇزۇن كۆينەك كىيدى.

مەلۇم گېزىت «توق سېرىق رەڭ ــ ئاددىيلىق، تەبىئىيلىككە قايتىش دېمەكتۇر» دېگەن تېمىدا ئوبزور ئېلان قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن كوچىغا سېرىق رەڭلىك مەنزىرە قوشۇلدى.

چولپان كۆينەكنىڭ سىرتىدىن گۈللۈك، كەڭ بەلۋاغ باغلىدى.

مەلۇم گېزىت «كەڭ بەلۋاغ ۋە ئايالالارنىڭ پىكورا گۈزەللىكى» دېگەن قىسقا ئوبزورنى ئېلان قىلدى.

كوچىدا كەڭ بەلۋاغ باغلىغان خانىملارنىڭ سانىنى ئالغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى.

چولپان تۈز پاشنىلىق ئاياغ كىيم كىيدى.

مەلۇم گېزىت يەنە ماقالا ئېلان قىلدى:«تۈز پاشنىلىق ئاياغ كىيم ئايالالارنىڭ ساغلاملىقىغا پايدىلىق».

بۇ ئىشتىن كېيىن بولسا كوچىدا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغلارنىڭ سېمونت يولدا تاراسلىغان ئاۋازى كۆرۈنەرلىك ئازايدى.

كېيىن، چولپاننىڭ يېقىن دوستى بىلەن قىلغان بىر قېتىملىق مەخپىي سۆھبىتىنى قايسى «ئۇزۇن قۇلاق» ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالدىكىن، ناھايىتى تېزلا ئەتراپقا تارىلىپ كەتتى. نەق خاتىرە مۇنداق ئىدى:

سوئال: سىز چېچىڭىزنى نېمىشقا ئاددىي پاسوندا ياساتتىڭىز؟

جاۋاب: چاچ ئۇزۇن بولسا قىچىشىدۇ، ئاددىي پاسوندا بولسا تاتىلاشقا ئاسان بولىدىكەن.

سوئال: سېرىق كۆينەك كىيىشىڭىز نېمە سەۋەبتىن؟

جاۋاب: بۇنى بىر دوستۇم سوۋغات قىلغان، كەيمىسەم خەقنى ياراتمىغاندەك ئىش بولغىدەك.

سوئال: كەڭ بەلۋاغ باغلىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمە؟

جاۋاب: بۇ بىر كىيم- كېچەك شىركىتىنىڭ ئېلان بۇيۇمى ئىدى!

سوئال: تۈز پاشنىلىق ئاياغ كىيىپسىزغۇ؟

جاۋاب: پۇتۇمدا قاداق بار ئىدى، شۇڭا ئاياغ تۈز پاشنىلىق بولسا يول مېڭىشقا قولايلىقكەن.

بىر كېچىدىن كېيىن، خۇددى بىرسى بۇيرۇق قىلغاندەك، كوچىدا ئاددىي چاچ پاسونى كۆرۈنمىدى، سېرىق رەڭلىك كۆينەكنىڭ ئورنىنى باشقا رەڭدىكىلىرى ئالدى، كەڭ بەلۋاغلار ئازايدى، تۈز پاشنىلىق ئاياغلارغا پاشنا «ئۆسۈپ» قالدى. كوچىنىڭ رەڭگارەڭ مەنزىرىسى ئەسلىگە كەلدى.

(«تاللانغان مىكرو ھېكايىلەر» ژۇرنىلىدىن)

## ● يۇمۇر ● يۇمۇر ● يۇمۇر ●

ــ ئايالالار سىر ساقلىيالمايدۇ، ــ دېدى بىر ئەر كىشى.

ــ بۇ قارىشىڭ خاتا. ــ قارشى چىقتى يەنە بىرى، ــ ئەمەلىيەتتە ئايالالار سىر ساقلاشقا بەك ماھىر كېلىدۇ. پەقەت بەزى ھاللاردا، بىر ئايالنىڭ سىرنى ساقلىشى ناھايىتى قىيىنغا توختىغاچقا، باشقا ئايالالار بىلەن بىرلىشىپ سىر ساقلاشقا مەجبۇر بولىدۇ.

• • •

ئەر ئوقۇتقۇچى چۇقۇرىشىپ كېتىۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ:

ــ توۋا قىلدىم، ئىككى ئايال زاتى مىڭ غازغا باراۋەر دېگىنى راستكەن- دە، ــ دېدى.

بىردەمدىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ ئايالى ئۇنى ئىزدەپ كەلدى، بىر قىز ئوقۇغۇچى بۇ خەۋەرنى دەرھال مۇئەللىمگە يەتكۈزدى:

ــ مۇئەللىم، ئىشىك ئالدىدىكى 500 غاز سىزنى ئىزدەيدىكەن.

• • •

پسىخولوگىيە پروفېسسورى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلارغا دەپتۇ:

ــ تۆۋەندە مەن كۆپچىلىككە سەپسەتە ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەكچى. بۇ مەسىلە ھەققىدە مەن ئىلمىي ئەسىرىم «سەپسەتە توغرىسىدا» دا تەپسىلىي توختالغانمەن. ئاراڭلاردا بۇ كىتابنى ئوقۇغانلار بارمۇ، بولسا قول كۆتۈرسۇن.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى قول كۆتۈرۈشۈپتۇ.

ــ ناھايىتى ياخشى. ــ دەپتۇ پروفېسسور . ــ «سەپسەتە» گە قارىتا كۆپچىلىكتە چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل بوپتۇ. چۈنكى مېنىڭ ئۇ كىتابىم تېخى نەشر قىلىنمىغان.

ئالىمجان نازىم (ت)

## مۇئەللىملەرگە مەدھىيە

(«م» دىن مۇجەسسەملەنگەن مۇلاھىزە)

ئىسكەندەر سابىر

مۇئەللىملەر مۇشكۇلات مۇھىتىغا ماسلاشقانلاردۇر. مۇئەللىملەر مانا مۇشۇنداق مۇشكۇلات، مۇشەققەت مۇساپىلىرىدە مىليونلىغان مەسۇملارنىڭ مېڭىسىنى مول ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرىغا مايىللاشتۇرىدۇ.

مۇئەللىملەر مائارىپنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مىللەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى مەدەنىيىتىنى موللاشتۇرۇش، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىلەرنىڭ مۇھىم مەركىزى.

مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ مەزمۇنى مۇتەئەسسىپلىكتۇر. مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ماھىيىتى مۇدھىشلىقتۇر. مەدەنىيەتسىز، مۇتەئەسسىپ مىللەت ــ مۇقەررەر مەغلۇبىيەتكە مۇپتىلا مىللەتتۇر.

مۇئەللىملەر مىللەتنىڭ مەنىۋىيىتىنى مانا مۇشۇنداق مەدەنىيەتسىزلىك، مۇتەئەسسىپلىكنىڭ مۇدھىش مۇھاسىرىسىدىن مەڭگۈلۈك مۇستەسنالاشتۇرغۇچىلاردۇر.

مۇئەللىملەر مۇتەخەسسىس، مۇنەججىملەرنىڭ، مىڭلىغان مۇۋەپپەقىيەت مۇنبىرىدىكىلەرنىڭ ــ مۆجىزاتلار مۇئەللىپلىرىنىڭ مۇئەللىملىرىدۇر.

مەن مۇشۇ ماقالەمدە مۇتلەق مۇقىملاشتۇرالايمەنكى، مۇئەللىملەر مىللەتنىڭ مەنىۋى مايىكى، مۇشۇنداق مەنىۋى ماياكلارلا مەڭگۇ مەدھىيىلەشكە مۇناسىپتۇر.

# بۇ پۇلنى نەدىن تېپىش كېرەك

مەلۇم يېزا بازارلىق تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ كىرىم- چىقىم ھېساباتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ مەكتەپنىڭ 1996- يىلى 1- ئايدىن 10- ئايغىچە بولغان مەمۇرىي خىراجەت كىرىمى 8000 يۈەن بولۇپ، چىقىم ئەھۋالى مۇنداق بولغان: ئوقۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان كىتاب، دەپتەر، خاتىرە، ئىشخانا لازىمەتلىكلىرى خىراجىتى جەمئىي 7379.39 يۈەن، سۇ، توك ھەققى 4520.27 يۈەن، كوماندىروپكا خىراجىتى 2049 يۈەن، تەنتەربىيە بۇيۇملىرى (تەنتەربىيە كىيىملىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) خىراجىتى 444 يۈەن، تېلېفون ھەققى 4019.7 يۈەن، پارچە- پۇرات خىراجەتلەر 2007.1 يۈەن جەمئىي چىقىم 20419.46 يۈەن بولۇپ، چىقىم كىرىمدىن 11619.46 يۈەن ئېشىپ كەتكەن.

تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، مۇشۇ مەكتەپنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشاش يېزا بازارلىقتىن تۆۋەن يېزا ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە خىزمەت خىراجەت چىقىمى كىرىمدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت، بۇنداق ئەھۋال مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ مۇدىرلىرى مەكتەپ خىزمىتىنى نورمال يۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن «ئۆز ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ» ئۇسۇل تاللىماي كىرىم قىلىشقا، ياردەمگە چاقىرىشقا، ئوقۇغۇچىلاردىن خىراجەت يىغىشقا مەجبۇر بولغان. بىراق كىرىم قىلىش، ياردەمگە چاقىرىشنى ھەممىلا مەكتەپلەر، بولۇپمۇ يېزىلاردىكى ئىقتىسادى ئاجىز راق رايونلارنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىرى قىلىپ كېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، كىرىم قىلىشتىمۇ دائىم خىيىم- خەتەر بىللە بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇغۇچىلاردىن خىراجەت يىغىپ، مەكتەپنىڭ ئىشخانا راسخوتىنى تولۇقلاش بىردىنبىر ھەل قىلىش «يولى» بولۇپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپ مۇدىرلىرى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئىمتىھان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولمىغان مۇزىكا، تەنتەربىيە، گۈزەل سەنئەت ئەمگەك قاتارلىق دەرسلەرنى ئازايتىپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس يۈكىنى ئېغىرلىتىپ، يۇقىرىلاپ ئوقۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، مەكتەپنىڭ ئىناۋىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەكتەپ تاللاپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش باھانىسى بىلەن ئۇلاردىن يۇقىرى ئۆلچەمدە مەكتەپ تاللاپ ئوقۇش ھەققى ئالغان؛ ياكى ئالاقىدار مەمۇرىي قائىدە- تۈزۈملەرگە پەسەنت قىلماي ئۆز مەيلىچە ھەق ئېلىش دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ۋە ھەق ئېلىش ئۆلچىمىنى ئۆستۈرگەن؛ يەنە بەزىلىرى تۈرلۈك نامدىكى «مەكتەپ ئىنتىزام — قائىدىلىرى»نى تۈزۈپ، جەرىمانە ئېلىپ كۆپچىلىكنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان.

ئەلۋەتتە «قالايمىقان ھەق ئېلىش»نى تەرتىپكە سېلىش كېرەك. بولۇپمۇ ئاشۇنداق خىراجەت قىيىنچىلىقىنى باھانا قىلىپ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان كىشىلەرنى تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ قاتتىق جازالاش، ھەرگىزمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىق لازىم. بىراق نۇرغۇن مەكتەپلەر دۇچ كېلىۋاتقان ئىشخانا خىراجىتى كەمچىل بولۇش مەسىلىسى قىل سىغمايدىغان پاكىت. مەكتەپنى داۋاملىق باشقۇرۇش ئۈچۈن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى بۇ جەھەتتە كۆپلىگەن تەدبىرلەرنى قوللانغان بولسىمۇ، بىراق كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كۆلەمنىڭ كېڭىيىشى ھەمدە ھەر خىل ئۆلچەمنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلۈشى قاتارلىقلارغا ئەگىشىپ، مەكتەپنىڭ ئىشخانا خىراجىتى مۇشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈپ، مەكتەپ مۇدىرلىرىنىڭ بېشىنى قاتۇرغان. بىز بۇ رېئاللىققا سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. ماقالىنىڭ بېشىدا مەلۇم مەكتەپنىڭ كىرىم- چىقىم ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق. مۇشۇ مەكتەپكە ئوخشاش، مەكتەپلەرنىڭ كەم خىراجىتىنى زادى كىم ھەل قىلىدۇ؟

مائارىپتىكى قالايمىقان ھەق ئېلىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى — نىگىزىنى تۇتۇش، يىلتىزىدىن ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشتە. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر «مائارىپ قانۇنى» ، «مەجبۇرىيەت مائارىپى قانۇنى» قاتارلىق قانۇن- نىزاملارغا ئاساسەن ئىش كۆرۈپ، مائارىپ سېلىنمىسىنى ھەقىقىي كۆپەيتىشى كېرەك. بۇ يىلقى مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 8- نۆۋەتلىك 5- يىغىنىدا دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى لىئۇشىبەيىنىڭ كۆرسىتىشىچە: دۆلەتنىڭ مالىيە خاراكتېرلىك مائارىپ خىراجەت چىقىمىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %2.52تىن %2.46 كە تۆۋەنلىگەن. 1995- يىلى مەملىكەت بويىچە ئالدىن ھېسابلاپ ئاجرىتىلغان پۇل (شەھەرلەردىكى مائارىپ قوشۇمچە خىراجىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) مالىيە دائىملىق كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىن 2.24 پونكىت تۆۋەن بولغان. 16 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون خامچوت ئىچىدىكى مائارىپ خاراكتېرلىك ئاجرىتىلىدىغان پۇلنىڭ ئېشىشى مالىيە دائىملىق كىرىمىنىڭ ئېشىشىدىن يۇقىرى بولۇشنى ئورۇنلىيالمىغان» بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەردىكى رەھبىرىي يولداشلىرىمىز يۇقىرىقى سۆزلەردىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشى كېرەك. (05)

(«جۇڭگو مائارىپى گېزىتى» دىن)

# بالىلارغا ياشاشنى ئۆگىتىش لازىم

ھازىرقى ياش- ئۆسمۈرلەر 21- ئەسىرنىڭ ئىگىلىرى، ئۇلارغا ئاۋۋال ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش كېرەك. كەلگۈسى جەمئىيەتتە بۇ يېڭى بىر ئەۋلاد چوقۇم قاتتىق سىناق ۋە رىقابەتكە دۇچ كېلىدۇ. ياش ئۆسمۈرلەرگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى - مۇستەقىل ئۆگىنىش ۋە ياشاش ئىقتىدارى. ئۇلار ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە توغرا تاللاشنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئۆزىنى كۈچەيتىپ ئۆز ئىشىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشتەك تۇرمۇش پوزىتسىيىسى ۋە ياشاش ماھارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. بىراق نۇرغۇن ئائىلىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىگە ھەددىدىن ئارتۇق كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە ياخشى كۆرۈپ، ئەۋلادلارنى يۇمرانلاشتۇرۇپ ۋە ئاجىزلاشتۇرۇپ قويماقتا. ھازىرقى نۇرغۇن ياش- ئۆسمۈرلەرنىڭ يۆلىنىۋېلىشچانلىقى كۈچلۈك، ئىرادىسى ئاجىز، ئوڭۇشسىزلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. بۇ، كەلگۈسىدىكى تۇرمۇش تەلىپىدىن ناھايىتى يىراق.

رېئال تۇرمۇشتا بىر قىسىم ئاتا- ئانىلار ھەمىشە تۈرلۈك چارە- تەدبىرلەر بىلەن بالىلىرىنىڭ ماددىي تەلىپىنى قاندۇرىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۆزىرىشى بىلەن بالا پۇل خەجلەشكە ئادەتلىنىپ قالىدۇ-دە، نېمىنى سېتىۋالغۇسى كەلسە، شۇنى سېتىۋالىدۇ، پۇلى تۈگىسە ئاتا- ئانىسىدىن ئالىدۇ، ئەگەر بەرمىسە «يامان» كۆرۈنۈپ قالىدۇ. بۇنداق بالىلار پۇل تېپىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى ئۇقمايدۇ، ئۇلار يېيىش- كىيىش، راھەتلىنىشنىلا بىلىدۇ، تۇرمۇشنى قانداق يارىتىش ھەققىدە ئويلانمايدۇ. ئاتا- ئانىلار بالىلىرىدا ئىقتىسادچىللىق ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشى ھەمدە مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن بالىلىرىنىڭ پسىخىك ئېھتىياجى، قىزىقىشى ۋە بىئارامىلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن كۆتۈرەڭگۈ، خۇشال- خورام قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇ، بالىنىڭ ماددىي تەلىپىنىلا قاندۇرغانغا قارىغاندا كۆپ پايدىلىق.

بالىلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارى چېنىقىشتىن كېلىدۇ. ئەگەر ھەممىنى ئاتا- ئانا ۋاكالىتەن قىلىپ بەرسە، ئۇلار ئورۇن - كۆرپىلىرىنىمۇ يىغمىسا، كىيىملىرىنىمۇ يۇمىسا، ياتقان ئۆيىنىمۇ تازىلىمىسا، ھەتتا بوغچىلىرىغا كىتابلارنى قاچىلاش، قەلەملىرىگە سىياھ ئېچىرىشنىمۇ ئاتا- ئانىلىرى قىلىپ بەرسە، ئۇ ھالدا بالىلار ئەمگەك قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ-دە، تەييارغا ھەييار بايۋەتچى، خېنىملاردىن بولۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش پوزىتسىيىسى ۋە ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئىز باسارلاردىن بولۇپ چىقىشىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدۇ.

بەزى ئاتا- ئانىلار «ياخشى كۆرۈش»نى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ ھەممىلا يەردە بالىلىرىغا «پۇل ھازىرلاپ» بېرىدۇ، نەتىجىدە بالىلىرىدا يۆلىنىۋېلىش ئىدىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، رىقابەت ئېڭى ۋە كۈرەش قىلىش روھىنى يوقىتىدۇ. ئاتا- ئانا بولغۇچى بالىلىرىنى ئۆز يولىدا ماڭغۇزغاندىلا، ئاندىن بالا چېنىقىپ بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلىدۇ. جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئىشچى، دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە ھېچكىم

يول ھازىرلاپ بەرمىگەن، ئۇلار پەقەت ئۆزىگىلا تايانغان، شۇڭا، ئۇلارنىڭ رىقابەت ئېڭى كۈچلۈك، ئىختىساسلىق بولۇش نىسبىتى يۇقىرى، بالىلارنىڭ يولى ماڭغانسېرى كۆپىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەدرىجىي پىشىپ يېتىلىدۇ-دە، ياشاش ئىقتىدارىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. ئاتا- ئانا بالىلىرىنىڭ كەلگۈسى مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، ئۇلاردىن ياشاشنى ئۆگىنىش ھەمدە ئائىلىگە، جەمئىيەتكە، دۆلەتكە نىسبەتەن ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك. (05)

(«جوڭگو مائارىپى گېزىتى»دىن)

# ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك

يىلدا بىر قېتىم ئېلىنىدىغان ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئاخىرلىشىشى بىلەنلا، بىرمۇنچە ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن قىزى ھەققىدە توختىلىپ، قاتتىق ھەسرەتلەنگەن ھالدا: «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بالىلاردىن ئېلىنسىمۇ، بىراق ئىمتىھاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ ئىمتىھان بېرىدىغىنى يەنىلا بىز ئائىلە باشلىقلىرى ئىكەنمىز» دېگەن.

بۇ گەپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇپ، كىشىنى ھەققەتەن ئويلاندۇرىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ھەربىر ئىمتىھان بەرگۈچىگە نىسبەتەن بىر چوڭ ئىش. مەسىلە ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بالىلارغا قانداق توغرا مۇئامىلە قىلىشىدا.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكتە تەسادىپىيلىقمۇ، مۇقەررەرلىكمۇ بار. بۇنىڭدىكى تەسادىپىيلىق ئىمتىھان مۇھىتى، ماھارەت كۆرسىتىش ھالىتى بىلەن نەق مەيداندا جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن مەغلۇب بولۇشتىن ساقلىنالماسلىقنى كۆرسىتىدۇ؛ مۇقەررەرلىكى شۇكى، دۆلەت كۈچى ۋە ماددىي كۈچنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، ھازىرقى ئوتتۇرا- باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھەتتا كېلەر ئەسىردىكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدىمۇ ھەممە ئائىلىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشى تەس. بالا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي «ئىرادىلىك كىشى ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمىغان»دا، ئائىلە باشلىقلىرى ئاقىلراق بولۇپ، بالىلىرىنى ئەپچىللىك بىلەن توغرا يولغا يېتەكلىيەلەمدۇ يوق؟

بالىلار قاتتىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئون نەچچە يىل ئوقۇپ ئاخىرىدا ئالىي مەكتەپكە ئوقۇش خىيالى كۆپۈككە ئايلانغاندا، بىز ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. بۇ بالىلار پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ھەر بىر ئائىلىنىڭ بالىسىنىڭ مەغلۇب بولۇشتىكى ھەرخىل سەۋەبلەرنى ئوبيېكتىپ ۋە ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىپ، ئۆز- ئۆزىنى توغرا تونۇشىغا ھەمدە كېيىنكى قەدەمنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ۋە نەتىجىلىك بېسىشى ئۈچۈن ياشاش نىشانىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە، شۇنداقلا ئارتۇقچە غەمدىن خالاس بولۇپ، جەمئىيەتكە ۋە يېڭى تۇرمۇشقا خۇشال قەدەم تاشلىشىغا ياردەم بېرىشكە ئېھتىياجلىق. ئەمەلىيەتتە جەمئىيىتىمىزدە ئىقتىساسلىق بولۇش بىلەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنىڭ مۇقەررەر باغلىنىشى يوق. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئارزۇسى كۆپىنچە ئاتا- ئانىلاردا بولۇپ، بالىلارنىڭ بولسا ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئويلىغىنى بار. ئالىي مەكتەپكە ئۆتۈش ئەلۋەتتە ياخشى. بىراق ئۆتەلمىگەن ھالەتتىمۇ يەنىلا چىقىش يولى تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ غايىسى جەمئىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇن بولسىلا، ئۇنى قوللاش لازىم. (05)

(«جوڭگو مائارىپى گېزىتى»دىن)

# نەۋائى شۇنداق خىتاب قىلىدۇ:

### كىتابقا مۇھتاج بولسىڭىز نەۋائى كىتابخانىسىنى ئىزدەڭ

ئۈرۈمچى نەۋائى كىتابخانىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خۇسۇسىيلار ئىگىدارچىلىقىدا قۇرۇلغان بىردىن- بىر ئۇنىۋېرسال كىتابخانا بولۇپ، ھەر دەرىجىلىك ئالىي مەكتەپلەر، ئالىي ئوتتۇرا تېخنىكۇملار، تېخنىك ئىشچىلار مەكتەپلىرى، تۈرلۈك كەسپىي مەكتەپلەر، ئىشتىن سىرتقى كۇرسلار ۋە ئالىي مائارىپ بويىچە ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ زۆرۈر ئوقۇشلۇقلىرىدىن سىرت، كۆپ خىل تىل ھەم ژانىردىكى نەچچە مىڭ خىل كىتابنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ مول بىلىم زاپىسى ھاسىل قىلغان ھېكمەتلەر خەزىنىسىدۇر. ھەر قايسى شەھەر، ناھىيە، يېزىلاردىكى مەكتەپلەر، كۇتۇپخانىلار، ئىدارە- ئورگانلار ۋە شەخسلەر ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق ھەر قانداق ماتېرىياللار ئۈچۈن نەۋائى كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلاشسا ھەر قاچان ئەڭ تېز، ئەڭ سەممىي، ئەڭ قىزغىن مۇلازىمەتكە مۇيەسسەر بولىدۇ!

### نەۋائى سىز بىلەن بىللە؛

پوچتا كىتاب مۇلازىمىتىنى يولغا قويۇش نەۋائى كىتابخانىسىنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىغا قىلغان خالىس خىزمىتى.

نەۋائى كىتابخانىسى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە تۇنجى قېتىم پوچتا ئارقىلىق كىتاب سېتىش مۇلازىمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر ساھە ئوقۇرمەنلەرنىڭ تەشەككۈرىگە نائىل بولدى. سىز مەيلى قايسى جايدا بولماڭ ئادرېسىڭىز، ئىسىم - فامىلىڭىز، پوچتا نومۇرىڭىز، تەلەپ قىلغان كىتاب نامى قاتارلىقلارنى ئېنىق ھەم توغرا يېزىپ، ئاددىي پوچتا پېرېۋوت ئارقىلىق ھەر بىر كىتابنىڭ ئەسلى باھاسىغا 3.80 سوم پوچتا مۇلازىمەت ھەققى قوشۇپ ئەۋەتسىڭىز، كېچىككەندە ئون كۈن ئىچىدە تاپشۇرۇپ ئالىسىز. ھەر قېتىمدا تەلەپ قىلغان كىتابىڭىز ئون پارچىدىن ئاشسا پوچتا ھەققىنىڭ ئۈچتىن بىرى (1.30)، 30 پارچىدىن ئاشسا يېرىمى، 50 پارچىدىن ئاشسا تولۇق كۆتۈرۈۋېتىلىدۇ. يۈز پارچىدىن ئاشسا پوچتا ھەققى ئېلىنمىغاندىن سىرت، 50 يۈەن قىممىتىدە كىتاب ھەدىيە قىلىنىدۇ (ئىشتىن سىرتقى ۋەكالەتچىلەرگە ئايرىم مۇئامىلە قىلىنىدۇ)

### نەۋائىغا دوستلۇق قولىڭىزنى سۇنۇڭ

سىز نەۋائى كىتابخانىسىنىڭ ئىشتىن سىرتقى ۋەكالەتچىسى بولۇشنى خالامسىز؟ خالىسىڭىز ھېچ بولمىغاندا تۆۋەندىكىدەك ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولىسىز. (1) ھەر ئايدا 15.00 سوم قىممىتىدىكى بىر پارچا كىتابقا ھەقسىز ئىگە بولىسىز. (2) ھەر قاچان كىتاب سېتىۋالسىڭىز پوچتا ھەققى تۆلىمىگەندىن سىرت، ئومۇمىي كىتاب پۇلىدىن %5 تۇتۇپ قېلىش ھوقۇقىغا ئېرىشىسىز. (3) ھەر ئايدا ئىش ئۈنۈمىڭىزنىڭ يۇقىرى- تۆۋەنلىكىگە قاراپ بېرىلىدىغان مۇكاپات سوممىسىدىن بەھرىمەن بولىسىز. (4) بۇ ئىمتىيازلىرىڭىز تاكى 2000 - يىلى 1- ئايغىچە كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە قوبۇل قىلىنىدىغان ۋەكالەتچىلەر سانى 100 نەپەر. باشقا چەكلىمە قويۇلمايدۇ. خالىغۇچىلار ئەزالىق كېنىشكىسى ۋە باشقا رەسمىيەت ھەقلىرى ئۈچۈن 60.00 سوم پۇل، ئىككى پارچە رەڭلىك رەسىم ۋە ئۆزىنىڭ تەپسىلىي ئادرېسىنى ئەۋەتسە ياكى ئون سوم ئەۋەتىپ «ئىشتىن سىرتقى ۋەكالەتچىلەرنىڭ ئىمتىيازلىرى» بىلەن «نەۋائى كىتابخانىسىنىڭ كىتابلار مۇندەرىجىسى» نى كۆرۈپ باقسا بولىدۇ.

### نەۋائى ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ

نەۋائى كىتابخانىسى 94- يىلىدىن ئىلگىرى نەشر قىلىنغان تۆۋەندىكى مەزمۇنلاردىكى كىتابلارنى يېرىم باھا، ئۆز باھاسى ۋە يۇقىرى باھادا قوبۇل قىلىدۇ ياكى يېڭى كىتابلار بىلەن ئالماشتۇرىدۇ. (1) تارىخىي ئەسەرلەر: ئۇيغۇر ھەم باشقا تۈركىي مىللەتلەرنىڭ تىلى، تارىخىي ئۆرپ- ئادىتى، مەدەنىيەت سەنئىتىگە ئائىت ئىلمىي ئەسەرلەر، توپلاملار ۋە باشقىلار. (2) ئەدەبىي ئەسەرلەر: ئۆزىمىزنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ تارىخىي رومان، پوۋېست، ھېكايىلەر توپلىمى، ئىلمىي ماقالىلەر، رىۋايەت- چۆچەكلەر، كىلاسسىك ئەدەبىياتقا ئائىت ئەسەرلەر. (3) دىنىي ئەسەرلەر: قانۇنلۇق نەشر قىلىنغان تۈرلۈك دىنىي كىتابلار. (4) لۇغەت، رەسىملەر.

### نەۋائى سىزگە ئاق يول تىلەيدۇ

نەۋائى كىتابخانىسى ھەر ساھە قەلەمكەشلەرگە شۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇكى: ئۆز ئەسەرلىرىڭىزنىڭ نەشردىن چىقىشىنى تىلىسىڭىز، نەۋائىنى ئىزدەڭ. مەيلى قايسى ژانىردىكى كىتابلار ۋە تۈرلەر بولسۇن دەۋر چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، خەلق ياقتۇرىدىغان، بازارلىق نەرسىلا بولىدىكەن، نەۋائى كىتابخانىسى سىزگە يېشىل چىراق يېقىپ بېرىدۇ ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللايدۇ.

يۇقىرىقى بارلىق تۈرلەرنىڭ تەپسىلاتىنى بىلىشنى 20.00 سوم ئەۋەتىپ «نەۋائى كىتابخانىسىنىڭ مۇلازىمەت تۈرلىرى» گە نەزەر سېلىڭ.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 89- نومۇر (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇدۇلىدا)
ئالاقىلاشقۇچىلار: نۇرمۇھەممەد مەخسۇم، ئەكرەم ھېزىم، قەيسەر قادىر
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2886097، 2874123 (0991)
چاقىرغۇ نومۇرى: 89051 ـ 5858119، 3902621 ـ126، 126ـ1038557
ھېساب ئاچقان بانكا: ئۈرۈمچى شەھىرى دۆڭكۆۋرۈك ھەمكارلىق بانكىسى 981
بانكا ھېساب نومۇرى: 20202446

# پاكارلىق، سېمىزلىك، يىراقنى كۆرەلمەسلىك، تۈبىركۇليوز، چاچ ئاقىرىپ كېتىش، تۇغماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر

1. «دورىلار كوزىرى» - بەدەننىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىش ياستۇقى: بۇ مەھسۇلات مېڭە ئاستى بېزىنىڭ ئاجرىتىش فونكسىيسىنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىپ، سۆڭەكنىڭ پىشىپ يېتىلىش مەزگىلىنى ئۇزارتىدۇ، سۆڭەكنىڭ تېز سۈرئەتتە ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ياش - ئۆسمۈرلەردىكى يېتىلىشنىڭ ئاستا (تۇغما) بولۇشىغا نىسبەتەن، روشەن ھالدا ئۆستۈرۈش رولىغا ئىگە. ئادەتتە بىر داۋالاش مۇددىتىدە 7cm دىن 11.4cm غىچە ئۆستۈرىدۇ. تەبىئىي ئۆسۈشنىڭ 1.7 ھەسسىسىنى ئىگىلەيدۇ. ھەر بىرىنىڭ باھاسى 46 يۈەن.

2. گۈزەللەشتۈرۈش - ئورۇقلىتىش بەلبېغى: بۇ مەھسۇلاتنىڭ ئارتۇقچىلىقى شۇكى، سىز تاماقنى ئازايتمىغان، ھەرىكەت قىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنى ھەر كۈنى 5 - 10 مىنۇت ئىشلەتسىڭىز، ھەر ھەپتىدە 1kg دىن 3kg غىچە ئورۇقلىيالايسىز، بۇگۈنكى ياپونىيە كىنو چولپانلىرىنىڭ بەدەن شەكلىنى ساقلاشتىكى مەخپىيەتلىك شۇنىڭدا. بىر دانىسى 58 يۈەن.

3. يىراقنى كۆرەلمەسلەرنىڭ نىجاتكارى - لىۇدۇڭ فىزىكىلىق داۋالاش كۆز ئەينىكى: ئۇ، كىرىپىكسىمان مۇسكۇلنىڭ نورمال بوشاش ۋە يىغىلىشىنى تېزلىكتە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، بۇ ئارقىلىق داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. كلىنكىلىق سىناق قىلىش ئارقىلىق، 400° ئىچىدىكى سۈنئىي يىراقنى كۆرەلمەسلىكنى ئادەتتە بىردىن ئىككىگىچە داۋالاش مۇددىتى ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، داۋالاش ئۈنۈمىنى %100 كە يەتكۈزۈشكە بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. 400° تىن يۇقىرى ھەقىقىي يىراقنى كۆرەلمەسلىكنى 3 تىن 5 كىچە بولغان داۋالاش مۇددىتى ئىچىدە 0.1 گە كەلتۈرگىلى، %98 داۋالاش ئۈنۈمىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. جۇڭگو پاتېنتى 9221999.4. ھەر بىرىنىڭ باھاسى 54 يۈەن.

4. تارتۇقلارنىڭ نىجاتكارى - مىلىي تارتۇق دورىسى: ئاسەن، كۆيۈك يارىسى، جاراھەت ئىزى، يارا، دانىخورەكتىن قالغان تارتۇق ۋە ئۆسۈپ قېلىنلىشىپ چاپلانغان تارتۇقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، بەدەننىڭ قەيېرىدە بولۇشى، دائىرىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدىن قەتئىينەزەر، كۈنىگە ئىككى قېتىم ئىشلىتىلسە، بىردىن ئىككىگىچە بولغان داۋالاش مۇددىتى ئىچىدە، تارتۇقنى يوقاتقىلى بولىدۇ. ھەر بوتۇلكىسىنىڭ باھاسى 78 يۈەن.

5. تۇغماسلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ نىجاتكارى - تەيشەن ماركىلىق جۇگيۇسەن: ئەرلەرنىڭ سېپېرمىسى تۆلۈك بولۇش، سېپېرما كەم بولۇش، ئورۇق بېغىشى ئەگرىلىشىپ كېڭىيىش قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان تۇغماسلىق؛ ئاياللارنىڭ تۇخۇم نەيچە ياللۇغى، تۇخۇم چىقىرىشى توسالغۇغا ئۇچراش، تۇخۇم چىقارماسلىق قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان تۇغماسلىققا بولغان ئۈنۈمى ئالاھىدە بولۇپ، ئۈنۈمى %98.7 كە يېتىدۇ. ئەكس تەسىرى يوق، بىمارلار بۇنى «پەرزەنت كۆرۈش شەپقەتچىسى» دېيىشىدۇ. ئۈچ ھەپتىلىك داۋالاش مۇددىتى ئىچىدە ھامىلدار بولۇشقا بولىدۇ. ھەر داۋالاش مۇددىتىدىكى بىر بولاقنىڭ باھاسى 120 يۈەن.

6. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياخشى ئۇستازى ۋە دوستى - ئوقۇشقا ياردەملىشىش ئەبۋابى: بۇ مەھسۇلات فىزىئولوگىيە، چوڭ مېڭە خاتىرە مېخانىزمى تەتقىقاتى ئارقىلىق ئىشلەنگەن، ئۇ خاتىرە ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرىدۇ. چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىش، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان تەكرارى، تېكىستلەرنى يادلاش، فورمۇلا، تەبىر، ئۇقۇملارنى پىششىق ئەستە ساقلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان رىقابىتىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسى، بىر ئاخشام كۆز يۇگۇرتسىلا، ئۈنۈمىي مەھكەم ئەستە ساقلاش ئۈنۈمىگە ئىگە بولۇشقا بولىدۇ. بۇ ئەسۋاب كىچىك ۋە كۆركەم بولۇپ، سىزنىڭ ياخشى ئۇستازىڭىز ۋە دوستىڭىز بولالايدۇ. ھەر بىرىنىڭ باھاسى 18 يۈەن.


7. چاچ ئاقىرىشنى داۋالاشنىڭ ياخشى دورىسى - لۇ ماركىلىق چاچ كۆمۈلچى: بۇ، مەخسۇس چاچ ئاقىرىشنى داۋالاشنىڭ دورىسى بولۇپ، ئۆسمۈرلەردىكى چاچ ئاقىرىش، چاچ سارغىيىش، ئىرسىيەت خاراكتېرلىك چاچ ئاقىرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئومۇمەن، بىر داۋالاش مۇددىتىدە تۈپتىن يوقاتقىلى بولىدۇ، ساقايغاندىن كېيىن قايتا قوزغالمايدۇ، ئەكس تەسىرى يوق. ھەر داۋالاش مۇددىتىدىكى ئىككى قۇتىنىڭ باھاسى 52 يۈەن.

8. تۈبىر كۇليوزنى تۈپتىن يوقىتىش دورىسى - شاۋخې مەلھىمى: ئۇزۇنغىچە ساقايمىغان تۈرلۈك ئۆپكە تۈبىر كۇليوزى، لىمفا تۈگۈنى تۈبىر كۇليوزى، سۆڭەك، ئۈچەي، بۆرەك قاتارلىق ئىچكى - تاشقى تۈبىر كۇليوزلارغا ئىنىق دىئاگنوز قويۇلسا، بۇ دورا ئارقىلىق بىر - ئىككى داۋالاش مۇددىتىدىلا ئۇنى تۈپتىن يوقاتقىلى بولىدۇ، ئەكس تەسىر يوق. ھەر داۋالاش مۇددىتىدىكى باھاسى 98 يۈەن.


يۇقىرىدىكى مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالغۇچىلار پوچتا ئارقىلىق پۇل ئەۋەتسە بولىدۇ (تېلېگراف پېرېۋوتى قىلىشقا بولمايدۇ)، يۇقىرىقى باھالارنىڭ ئىچىدە پوچتا ھەققى بار، سېتىۋالغۇچىلار پېرېۋوت قەغىزىگە ئىسىم - فامىلىسى، ئادرېسى، پوچتا نومۇرى ۋە ئالىدىغان مال ئىسمىنى ئېنىق يېزىشى لازىم. پۇل كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى ئارقىلىق مال دەل ۋاقتىدا تېز ئەۋەتىلىدۇ، 8 - 10 كۈنگىچە ئىگىسىگە يېتىپ بارىدۇ. ئۈنۈمسىز بولسا، پونكىتىمىز ئىقتىسادىي زىياننى تۆلەپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ. پونكىتىمىزنىڭ مەشھۇر ۋىراچى ھەرخىل كېسەللىك ئەھۋاللىرىغا قارىتا سىزگە ھەقسىز مەسلىھەت بېرىدۇ.

پونكىتىمىزنىڭ مەقسىتى - خېرىدارلارنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇش، ئىشەنچ بىرىنچى بولۇشتىن ئىبارەت.


پۇل تاپشۇرۇۋالغۇچى: 河北省州市运东康复保健站
ئالاقىلاشقۇچى: 张宏峰 جاڭ خۇڭفېڭ. ئادرېسى: 河北省州市建设北街 16 号
تېلېفون نومۇرى: (0317) 4650278 پوچتا نومۇرى: 061000
سودا - سانائەت نازارەتچىلىك تېلېفونى: (0317) 3020491
ئىزاھات: پېرېۋوت قەغىزىنى چوقۇم خەنزۇچە تولدۇرۇڭ.




- چوقۇم توغرا ھېسابلىدىم، بۇ ئىككىسىدىن كۆۋاھ بولالايدۇ




- بىزنىڭ تاماق قاچىمىزنى چاققان مۇشۇ ئەبلەخ!...



ياخشىلىققا قايتۇرۇلغان جاۋاب



پۇل تېپىۋالغاندىن كېيىن




ئۇنۇم يارىتىش



كۇچا ناھىيىلىك 2- باشلانغۇچ مەكتەپ يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئوقۇتۇش، تەلىم- تەربىيە خىزمىتىدە ئەخلاقىي تەربىيىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، ھەر تەرەپتىن ئەتراپلىق يېتىشكەن يېڭى بىر ئەۋلاد ئىز باسارلارنى تەربىيىلەشتە ئالاھىدە تۆھپە ياراتتى.

ئوقۇتۇش خىزمىتىدە ھەر قايسى پەنلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوقۇتقۇچىلارنى كەسپىيلەشتۈرۈشنى ھەمدە شۇ بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشنى چىڭ تۇتۇپ، پىشقەدەملەر ئارقىلىق ياشلارنى يېتەكلەپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇتۇش تەرتىپى، ئوقۇتۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن تۈزەپ، ئوقۇتقۇچىلاردا ئوقۇغۇچىلارنى قىزغىن سۆيىدىغان، خىزمەت ئورنىنى قىزغىن سۆيۈپ، بارلىقىنى ئوقۇغۇچىلارغا بېغىشلايدىغان ئېسىل روھنى يېتىلدۈردى.



ئىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەپ، ئىقتىسادچىللىق بىلەن مەكتەپ باشقۇرۇش جەھەتتە 1992- يىلى مەكتەپ رەھبەرلىكى ئوقۇتقۇچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 26 مىڭ يۈەن مەبلەغ توپلاپ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارغا ئەلا تۆۋەن باھادا مۇلازىمەت قىلىدىغان بىر دۇكان ۋە ماشىنچىلىق كەسپىي سىنىپى ئېچىپ، مەكتەپنىڭ يىللىق كىرىمىنى 40 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى. نەتىجىدە مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلارغا تۈرلۈك مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، يىل ئاخىرىدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئىشلىگەن خىزمىتىگە قاراپ مۇكاپاتلىدى. بۇنىڭ بىلەن بارلىق ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمەتتىكى ئاكتىپچانلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچىيىپ، مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتى يىلدىن يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى.

سۈرەتتە: (1) مەكتەپنىڭ ئوقۇتۇش بىناسىدىن بىر كۆرۈنۈش.
(2) مەكتەپ مۇدىرى رابىيە مەتنىياز ئوقۇتۇش پىلانى تۈزمەكتە.
(3) مەكتەپ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىكى خادىملار ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا سۆھبەت ئېلىپ بارماقتا.

3
2
1

ئۆز مۇخبىرىمىز گۈلمىرە تاھىر تەھرىرى، فوتوسى




شىنجاڭ مائارىپى (ئايلىق ژۇرنال) 1998- يىل 1-، 2- سان 新疆教育(维吾尔文版)
نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: شىنجاڭ مائارىپى گېزىت- ژۇرنال نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 169- قورۇ. پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتى. تىراژى: 70 مىڭ. باھاسى: 4.00 يۈەن
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نومۇرى: CN65 - 1026/G4. ۋەكالەت نومۇرى: 5-58
ISSN 1002-9079
2>
9 771002 907000